شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 4 - نۆۋەتلىك «ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 5 - نۆۋەتلىك «ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال



# تارىم

3

2010

塔里木

ISSN 1002-9044
03>
9 771002 904009



يازغۇچى ئىزىز ساۋۇت 1943- يىلى ئاقسۇدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «مۇھەببەت ناخشىسى» (ھېكايە- پوۋېستلار توپلىمى)، «گاچا قىزنىڭ قەلبى» (ھېكايە- پوۋېستلار توپلىمى)، «گۈزەللىك يۇلتۇزى» (ھېكايە - پوۋېستلار توپلىمى)، «ۋاپادار ئىت» (راست ئىشلار خاتىرىسى)، «نۇرخان ئاچام» (راست ئىشلار خاتىرىسى) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان.

# تارىم

ئايلق ئەدەبي ژۇرنال

2010·3

60-يىل نەشرى

تارىم

نەشرىيات باشلىقى:
باش مۇھەررىر: **ياسىن زىلال** (ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**پاتىگۈل ئەخمەت** (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

2010-يىللىق 3-سان


# بۇ ساندا

## پوۋېست


يەر شارىغا مۇھەببەت ........................................ **سۇلتان ھاشىم** 54


## ھېكايىلەر


يەرلىك تۇخۇم ........................................ **ئەسئەت ئەمەت** 4
تەتۈر ئىپقىن ........................................ **تۇرغۇن مىجىت** 24
ئەقىدە ........................................ **رۇقىيە ئابدۇللا** 38


## نەزمىي ئەسەرلەر


مۇھەببەت مۇڭلىرى ........................................ **ماخمۇت مۇھەممەت** 20
بىر رىۋايەت ........................................ **مۇھەممەتجان ئەمەت يارتىپكىن** 22
قار لىرىكىسى ........................................ **خۇرشىدە ئابلىمىت خۇشدىل** 23
گۈل ئۇزۇش ........................................ **غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد** 33
ئىشىكى چېكىلمىگەن قىز ........................................ **ئىبراھىم نىياز** 34
غەزەللەر ........................................ **ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۆرك** 35
تۈنجى مۇھەببەت ........................................ **ئەنۋەر ئابلەت شەيدائىي** 37
جىمجىت سۆزلەش ........................................ **قاسىمجان ئوسمان غازى** 50
تۈنىنىڭ قانىتى ........................................ **ئەھمەد يۈسۈپ سەرداھى** 51
سېغىنىشنىڭ ئاۋازى ........................................ **توخسۇن ھۇسەين ئەلقۇت** 52
يېشىل يوپۇرماق ........................................ **ئايزىت** 53


## نەسر


نەسرلەر ........................................ **ئۆمەر مەتنۇرى قۇتيار** 95


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەسىرلىك نامايەندىسى-ئون تۇپلام ... **ئەكرەم ئابدۇمىجىت، مۇھەممەدجان ئەيسا** 98

## تەھرىر ھەيئىتى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابلىمىت سادىق، ئارسلان ئابدۇللا، ئازاد سۇلتان، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئەخەت تۇردى، ئەكبەر سالىھ، پاتىگۇل ئەخمەت، خالىدە ئىسرائىل، سارەم ئىبراھىم، قۇربان ياسىن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مۇختار مەخسۇت، مەتىمىن ھوشۇر، مۇھەممەت باغراش، مۇھەممەت پولات، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، ھېيتەم ھۈسەيىن، ئوسمانجان ساۋۇت، ۋاھىدجان غوپۇر، ئىمىن ئەھمىدى، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن زىلال.



ھەر ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

ئومۇمىي 589-سان



كىتابلارنىڭ ژانىرىنى بېكىتىش ھەققىدىكى بەزى قاراشلىرىم .................. **مېھرىگۇل ئابلىز** 103


### ئەدىبلەر بىلەن سۆھبەت


يازغۇچى ئېزىز ساۋۇت بىلەن سۆھبەت .................. **ئېزىز ساۋۇت، ئېزىزجان خۇدابەردى** 111


### ئەسەر ۋە باھا


نەسر ئۇنىڭ يۈرەك ساداسى .................. **غالىب مۇھەممەد قارلۇق** 120


### ئالتۇن رۇجەك


قارغاش (ھېكايە) .................. **ۋاڭ پېيفېي** 124

«بۆرە توتېمى» زادى قانداق توتېم .................. **بى خۇي** 132


### چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


ئىمران سالىھى شېئىرلىرىدىن .................. 137

مەن قاتىل (ھېكايە) .................. **كاۋاباتا ياسۇنارى** (ياپونىيە) 140


### كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى


نەۋايىنىڭ نەسەب دەرىخى .................. **تۇرسۇن قۇربان تۇركەش** 143


### خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


مىس باش (چۆچەك) .................. 153


* * *


مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: دۆڭكۆۋرۈك (ماي بوياق) .................. **يالقۇن غازى** سىزغان



بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : غېنى مۇھەممەت

مەسئۇل كوررېكتور(تەكلىپلىك) : قەييۇم تۇرسۇن

مۇقاۋا، بەت لايىھىلىگۈچى : ھەزرەتئەلى ئەخەت

رەسسام : پەرھات ئىبراھىم

خەتتات : ئابلىمىت ئوسمان

كومپيۇتېردا : ئەنۋەر تېلىۋالدى

ئەسئەت ئەمەت



# يەرلىك توخۇم

(ھېكايە)

بالا باقۇچىنىڭ دادىسى قىزىنى ئەكتىشتىن بىر ئاي بۇرۇن ئۇلارغا تېلېفون قىلىپ:

— بىرەۋنىڭگۈل بالىڭىزنى قانداقراق بېقىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى. ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن بىرەر كۆڭۈلسىز گەپ ئاڭلاپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلىگەندەك ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۇ بۇ ھەقتە تۆت ئايدىن كېيىن ئېغىز ئاچقان بولسىمۇ، ئايال ئۇ ئادەمگە مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەش پۇرسىتىنىڭ كەلگىنىدىن يەنىلا خۇش بولدى.

— ياخشى بېقىۋاتىدۇ. بەك چېچەنكەن، بىز بەك رازى بولدۇق، — دېدى ئۇ.

بۇنى ئاڭلاپ ئۇ ئادەم گەپ ئەگىتىپ ئولتۇرمايلا:

— قىزىم كىچىك تۇرۇپ بالاڭلارنى سىلەر رازى بولغۇدەك بېقىپ بېرىۋېتىپدۇ. بۇنىڭدىن سىلەرمۇ خۇش بولۇپسىلەر. شۇڭا ئىش ھەققىنى ئازراق كۆتۈرۈپ بەرسەڭلار بىزمۇ خۇش بولاتتۇق، — دېدى.

ئۇنىڭ بىز خۇش بولۇپ قالاتتۇق دېگىنى ئەمەلىيەتتە ئۆزى ئىدى. قىزى بۇ يەردىكى تۇرمۇشىدىن ناھايىتى رازى ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى بولسا قېچىپ كەتكەن.

ئايال دەرھال بىر نەرسە دېيەلمەي:

— يولدىشىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ جاۋاب بېرەي، مۇشۇ تېلېفوننىڭ يېنىدا بەش مىنۇت تۇرۇپ تۇرالامسىز؟ — دېدى.

— ھەئە، — دېدى قارشى تەرەپ.

ئايال تېلېفوننى قويۇپ ئەھۋالنى ئېرىگە دېدى.

— خەققە تاقابىل تۇرۇشنى قاچان ئۆگىنەرسەن؟ قىزىنى ماختىساڭ ئۇ ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈپ بەر دېمەمتى. كېيىنچە بىر گەپ بولار دەپ گەپنى ئۈزۈۋەت، — دېدى ئېرى تېرىكىپ.

ئايال تېلېفوننى ئۇرغاندا ئېرى تۇرۇپكىنى ئېلىۋېلىپ قارشى تەرەپ بىلەن ئۆزى سۆزلەشتى. ئۇ ئازراق تەكەللۇپ قىلىشقاندىن كېيىن:

— سۈرۈشتۈرۈپ باقساڭلار بولىدۇ، ھېچكىم بالا باققۇچىغا بىزدىن جىق ھەق بەرمەيدۇ. كېيىنچە قاراپ باقارمىز، — دېدى.

ئۇلار ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى دەپ ئويلىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئادەم ئۇلارغا:

— قىزىمنى بۇنىڭدىن كېيىن بالا بېقىشقا سالمايمەن. ئەتە چۈشكىچە بېرىپ قىزىمنى ئەكىتىمەن، — دەپ تېلېفون قىلغانىدى.

بۇ گەپ ئايالنى پاراكەندە قىلىۋەتتى. ئۇ قىزنى ئەكىتىشكە ئۆزلىرىنىڭ ھەقنى ئۆستۈرۈپ بېرىشكە ئۇنىمىغانلىقى سەۋەب بولغانمىدۇ دەپ، ئىش ھەققى توغرىسىدا ئېرى بىلەن قايتا مەسلىھەتلىشىشكە تىرىشتى.

— ئۇنىڭغا ماقۇل دەپ قويساڭ ئۇ بىر ئاينى ئۆتكۈزۈپ يەنە ئۆستۈرۈپ بېرىڭلار دەپ قوپىدۇ. شۇڭا قىزىنى نەگە ئاپارسا ئاپارسۇن، — دېدى ئېرى ، — ئۇنىڭغا يول قويۇپ ئاخىرىغا چىقالامتىڭ.

ئېرى ئۇنداق دېگىنى بىلەن يەنە بىر بالا باققۇچى تېپىشقا توغرا كەلسە بۇنىڭ غېمىنى قىلىشىپ بەرمەيتتى. بۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە قالىدىغانلىقى ئايالغا ئايان ئىدى. شۇڭا ئايال يەڭ ئىچىدە بولسىمۇ قوشۇپ بېرىش نىيىتىگە كەلدى. يەنە بىر بالا باققۇچى تېپىشنىڭ تەسلىكى ئايالغا ئايان ئىدى. ئوقۇش يېشىدىكى باللارغا مەجبۇرىيەت مائارىپى تۈزۈمى بولغاچقا، تۇرمۇشى قانچە نامرات بولسىمۇ، باللىرىنى بالا بېقىشقا بېرىش ھەممىلا ئاتا-ئانىنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. لېكىن بۇ ئادەمنىڭ بۇ تۈزۈمگە تاقابىل تۇرالايدىغان بىرەر تەدبىرى باردەك 11 ياشلىق ئوغلىنى ئېچكىرىدە ئاشخانا ئاچىدىغان، لېكىن قىلىدىغان ئىشى گۇمانلىق بىر تونۇشىغا بىر يىللىق ئىجارە بەرگەن. ئاندىن ئون ياشقا كىرمىگەن قىزىنى ناھىيە ئىچىدىكى بىر ئائىلىگە بالا بېقىشقا بەرگەنىدى.

ئۇلارنىڭ بىلىشىچە، ئۇ ئادەم ئوتتۇن يېرىۋاتقاندا بىر كۆزىگە ئوتتۇن چاچراپ كېتىپ يارىلانغان. داۋالىنىشقا ئىقتىسادى يار بەرمەي يارىلانغان كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان. نەچچە ئايدىن كېيىن ئايالى مەھەللىدىكى بىر ياش بالا بىلەن قېچىپ كەتكەن. ئۇ ئادەم ئايالى قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، خۇددى ئۆيدە ھېچكىم قالمىسۇن دېگەندەك باللىرىنىمۇ كەينى-كەينىدىن يولغا سالغان. ئۇنىڭچە، باللىرىنىڭ تەقدىرىنى مۇشۇنداق بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۇنىڭ كۆزى سەۋەبچى ئىكەن. ئۇنىڭغا كۆزى خۇددى ماراپ ياتقان شۇملۇقتەك ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى، خاتىرجەملىكىنى، تاپقان-تەرگىنىنى، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ بارلىقىنى ۋەيران قىلىپ تۈگەتمىگىچە ئارام تاپمايدىغاندەك تۇيۇلىدىكەن. چۈنكى، يارىلانغان كۆزى قارىغۇ بولۇپلا توختاپ قالماي، يەنە بىر كۆزىنىمۇ كاردىن چىقىرىشقا تىرىشىۋېتىپتۇ.

ئۇلار بالا باققۇچى ئىزدەپ يۈرگەندە بۇ ئادەم-

www.uyghurkitap.com

نىڭ بۇ قىزى نەچچە ئاي بالا باققان ئائىلىدىن تېخى نەچچە كۈن بۇرۇن ياندۇرۇپ كېلىنگەن ئىكەن. ئۇ ئائىلىدىكى ئايال ئۇ قىزنى كىچىك دېمەي ئائىلە خىزمەتكارىدەك قاتتىق- يىرىك ئىشنىڭ ھەممىسىگە سالغان ئىكەن. دادىسى بۇ- نىڭغىمۇ سەۋر قىلىپ ئولتۇرسا، ئۆي ئىگىسى ئەر ئۆيدە خوتۇنى بولمىسىلا قىزنى مەھكەم قۇ- چاقلاپ، يۈزىنى قىزنىڭ يۈزىگە توختىماي سۈر- كەيدىغان ئادەتنى چىقىرىۋاپتۇ. شۇ قېتىم ئۇ بەلكىم ئالدىراپ كەتمەي ساقلىنى ئېلىۋېتىپ سۈركىگەن بولسا، قىزنىڭ يۈزى ئۇنچە قىزى- رىپ كەتمىگەن، دادىسى قىزلىلىقنىڭ سەۋەب- نى سورىمىغان، قىزمۇ دېمىگەن، قىزنىڭ دادى- سى ئۇنى «ئادەم قېلىپىدىن چىققان ھايۋان» دەپ تىللىمىغان، ھەم قىزنى ياندۇرۇپ كەتمىگەن بولاتتىمىكىن. ئۆي ئىگىسى ئەر:

— قىزنىڭ يالغان سۆزلەشنى خېلى ئۆگىنىپ- تۇ. چوڭ بولسا قويمىچى بولۇپ ساڭا بالا باققۇ- چىلىقتىن جىقراق كىرىم قىلىپ بەرگۈدەك، — دەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا تىرىشقان. ئاندىن بۇ غەزى- پىنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ يە- گىرمە نەچچە كۈنلۈك بالا بېقىش ھەققىنى بەر- مىگەنىدى. قىزنىڭ دادىسى:

— ئۇ پۇلنىڭ ساڭا سىڭگىنىنى بىر كۆرۈپ باقاي، — دېگەن گېپىنى ئۇنىڭغىمۇ بىر تەكرار- لىغان.

ئۇ ئەر بولسا:

— مۇشتۇمچىلىك بالىنى بالا بېقىشقا سال- غىنىڭغا لەنەت. سەنمۇ بىر ئەركىشى بولۇپ قاپسەن، — دەپ تىللىغان.

ئۇ ئۇنىڭ دېگىنىگە پىچاق بىلەن ئۇنىڭ قار- نىنى يېرىۋېتىشتىن باشقا ئۇسۇلدا جاۋاب قايتۇ- رالىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئارقىسىغا قارىمايلا كەتكەن.

ئۇ قىزنى ياندۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئىش- لىرىنىڭ نېمىشقا تەتۈر كېلىۋېرىدىغانلىقىنى تولا ئويلاپ، مېڭىسىدىن ئۆتمەي بىر كېچە بو- لۇشىغا ھاراق ئىچكەنىدى. نەچچە كۈندىن كېيىن قىزنىڭ ئىش ھەققىنى بۇرۇنقىلاردىن 100 كوي جىق بېرىشكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەش ئايلىق ئىش ھەققىنى ئالدىن بېرىشكە ئۇنايدىغان شەھەردىن كەلگەن بۇ ئائىلىگە يولۇققان. بۇ ئائى- لە تەرتىپلىك تۇيۇلغاچقا، ئاندىن ئۇنىڭ داۋالىنى- شى ۋە تۇرمۇشى يەنە يار لېۋىگە كېلىپ قالغاچ- قا، قىزنى شۇ ئىش بولغان تۇرۇپمۇ ئامالسىز يەنە بالا بېقىشقا بەرگەن.

ئۇلار دېلىغۇل ھالدا ئۇنىڭ دادىسىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئايال ئۇنىڭ تېلېفوندىكى كەسكىنلىكىگە باھانى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق تاقا- بىل تۇرۇشنىڭ تەسلىكىنى سەزگەن، شۇنداقتى- مۇ ئۈمىدىنى ئۈزمىگەنىدى. ئۇلار قىزنىڭ تەي- يارلىقىنى قىلدى. بەش ئاي ئىچىدە قىزنىڭ ياغاچ تۇرقى، يىرىك تېرىسى خېلى ئەسلىگە كەلگەن. ھازىر ئۇ قىزنى ئۇلارتونۇمايدىغانلارغا:

— بۇ بىزنىڭ قىزىمىز، — دېسە ئۇلار گۇمانلانمىغۇدەك قىياپەتكە كەلگەنىدى. ئۇ ئايال قىزنى تاپقاندا قىز ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرى- غۇدەكلا زەئىپ، خۇنۇك ئىدى. ئۇ ئايال ئۇنى بىرەر ۋاخ تويغۇدەك تاماق يەپ باقمىغاندەك سەزگەن. ئاندىن قىزنىڭ دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ بالا باقالىشىغا كۆزى يەتمىسە- مۇ، ئىچ ئاغرىتقىدىلا بەش ئايلىق پۇلنى ئالدىن بېرىپ ئۇنى ئېلىپ كەتكەن. نىيىتى ئۇنى ئۆ- يىدە بىر مەزگىل تۇرغۇزۇش، ئۇلارغا شۇ باھا- نىدە ئازراق ياردەم قىلىشلا ئىدى. ئۇ قىزنى ئېلىپ ماڭغاندا ئۇنىڭ دادىسى ناھايىتى بىپەر- ۋا قاراپ تۇرغان ئىدى. قىز دادىسى بىلەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك خوشلاشقان، گەپ ئاڭلايدى- غان باللاردەك دادىسىنىڭ تاپىلىشى بويىچە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغان، ئاپتوبۇستا بولسا، ئۇنسىز يىغلاپ يۈزى ياش بىلەن يۇيۇلۇپ كەتكەنىدى. ئېرى قىزنى كۆرۈپ:

— بۇ قانداق بالا باقالايدۇ؟ — دەپ ھەيران قالغان. ئۇ ئېرىگە نىيىتىنى دېگەن. ئېرى:

— بۇنداقلار كۆپ تۇرسا، قايسىبىرىنى قۇتۇلدۇرىسەن؟ ھاماقەتمۇ نېمە سەن؟ — دېگەندە ئۇ:

— مەن ھاماقەت بولۇپ قالساممۇ مەيلى، ئۇنى كەتكۈزمەيمەن. ئىككىمىزنىڭ مائاشىغىمۇ بىر مۇنچە زاكات كېلىدۇ. بۇنى چوقۇم جايىغا تەگكۈزۈش بىزگە پەرز، — دېگەن.

ئۇ تەقۋادار قىياپىتىدە يۇرىدىغان ئېرىنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلاشنىڭ بۇنىڭدىن ئەپلىك يولى بارلىقىنى بىلمەي شۇنداق دېگەن.

ئېرى بولسا ئايالى ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋالغاندەك كەيپىسىزلەنگەن، بۇ ئىش توغرىسىدا ئېغىزىنى قايتا ئاچالمىغانىدى.

قىز بىر ئاز خىجىلچان بولغاچقا، ئاندىن ئۆي ئىگىلىرىدىن بىر ئاز قورقۇپ دەسلەپتە ئىشنىڭ ئېپىگە تازا كىرىشەلمىدى. ئەمما بۇ ئەھۋال ئايالىنىڭ ئەنسىرىگىنىدەك ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. بىر ھەپتىدىلا قىز ئىشنى ئۇنىڭ ئارزۇسىدەك يۇرۇشتۇرۇپ كەتتى. قىز خېلى تەجرىبىسى بار بالا باققۇچى چىقىپ قالدى. قىز ئۇلارنىڭ ئىككى ياشلىق ئوغلىنى گوللاپ تەڭ ئوينايتتى. بالىنىڭ غەلۋىسىمۇ ئاساسەن يوقالغان. ئاندىن بۇ قىز يېشىغا نىسبەتەن خېلىلا جېنى چىڭ، تەدبىرلىك ئىدى. ئايال ئۇنىڭغا بەك مېھرىبان بولغاچقا، قىزمۇ ئۇنى ئۆز كۆرىدىغان بولدى. ئۇ ئايالىنىڭ تاماق ئېتىشىگە ياردەملىشەتتى. بالا ئۇخلاپ قالغاندا ئۆيىنىمۇ ئۆزى يالغۇز پاكىز تازىلاپ چىقالايتتى. ئۇلار ئىشتىن كەلگىچە كۆكتات ئادالاپ تاماققا تەييارلىق قىلىپ قوياتتى. سەھەردە سۈت ئەكىرىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ بۇ ئىشلارنى ئىشتىياق بىلەن قىلغاچقا، ئايالمۇ ئۇنى جىق ئىشقا سېلىۋەتكەندەك ھېس قىلمايتتى. ئايال قىزدىن گەپ ئىگىلەپ باقسا، ئۇنىڭ ئانىسى شۇنداق ئىشچان بولۇپ، ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئانىسى ئۆزى بىلەن تەڭ ئىش قىلىشقا يېتەكلىگەن ئىكەن. كېيىن ئۇ بالا بېقىشقا بارغان ئائىلىمۇ ئۇنى بولۇشىغا ئىشقا سېلىپ، ئىشقا خېلى پىشۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئايال بۇنداق بىر بالا باققۇچىغا ئېرىشىشنى ئۆزىنىڭ ياخشى كۆڭلىگە خۇدانىڭ قىلغان ئىلتىپاتى دەپ قارىغان، ئېرىنىڭ نارازى تۇرقىمۇ خېلى ئۆزگەرگەنىدى. ئايال بوش ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭ مەكتەپتە چالا قالغان دەرسلىرىنى داۋاملىق ئۆگەتتى. ئۇنىڭ زېھنىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ مەكتەپتىن توختاپ قالغىنىغا ئىچى ئېچىشقانىدى. ئۇ ئۇنى بالىسى بىلەن قويۇپ ئىشقا كەتسە ئازراقمۇ ئەنسىرىمەيتتى. بۇنداق خاتىرجەملىك ئۇنىڭ بالا باققۇچى تەكلىپ قىلىش تارىخىدا بولۇپ باقمىغانىدى. ئۇ بۇرۇنقى بالا باققۇچىلىرىنى ئويلىسا بۇ قىزغا بەرگەن ھەقنىڭ بەكمۇ ئەرزىمەسلىكىنى ھېس قىلاتتى. ئۇلارنىڭ تۇنجى بالا باققۇچىسى 50 ياشلاردىكى چوڭ ئايال ئىدى. ئۇ بالىنىڭ يىغلىشى بىلەن ئانچە كارى يوق يۇرەتتى. بالا دېگەننىڭ كۆزىگە بەك قارىسا بالا چوڭ بولغاندا داۋخور ئادەم بولۇپ قالىدۇ دەيتتى. ئالۋانغا ئىش قىلاتتى. ئىككىنچىسى 11 ياشلىق قىز ئىدى. ئۇ بالا باققان مەزگىلدە بالىسى تولا ئۇخلايدىغان بولۇپ قالغان. بۇ جىم تۇرمايدىغان بالىغا نېمە بولۇۋاتقاندۇ دەپ ئۇلار دوختۇرغىمۇ نەچچە كۆرسەتكەن. ئۇلار ئىشتىن كېلىپ بالا ئۇخلاۋاتقان، ئۇ قىز تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرغان ئەھۋالنى دائىم دېگۈدەكلا ئۇچراتقان. بىر كۈنى ئۆي ئىگىسى ئەر ئىشقا مېڭىپ بولۇپ، ئۇنتۇپ قالغان نەرسىسىنى ئالغىلى ئۆيگە قايتا كىرگەن. قىزنىڭ كىچىك بىر قەغەز بولاقنى سالىدىغان يەر تاپالماي ئالاقزادە بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئالغان ۋە ئېچىپ ئۇۋشاق پارچىلانغان دورا تابلېتكىلىرىنى كۆرگەن. قىزغا قاتتىق پوپوزا قىلسا قىز

قورقۇپ كېتىپ، بۇنىڭ ئۇيقۇ دورىسى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان. قىزنىڭ ئانىسى بالا بەك غەلۋە قىلسا بۇنى ئىچكۈزۈپ قوي، دەپ بۇ دورىلارنى بەرگەن ئىكەن. ئۇلار ئىشقا كەتكەن هامان ئۇ بالىغا بۇنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىچكۈزىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى بالا باققۇچىسى 16 ياشلىق قىز بولۇپ، ئۇ قىز يېرىم يىل تۇرغان مەزگىلدە مۇشۇ ئەتراپتىكى بىر بالا بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن. ئۇلارنىڭ تېلېفون ھەققىنىمۇ كۆپەيتىۋەتكەن. يانچۇقىدىكى پۇللىرى كەملەپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرغاچقا، ئۇلار پۇلنى ياكى پۇلغا ئەرزىگۈدەك نەرسىلەرنى قويۇشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالغان. ئاخىر چاتاق چىقىپ قالمىسۇن دەپ ماڭغۇزۇۋەتكەن. كېيىن بالىسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئانىلىرىغا، تۇغقانلىرىغا قارىتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭغا بۇ بالىسىنى چوڭ قىلىش بەك مۈشكۈل تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى.

بۇ بالا باققۇچى قىز بەش ئاي ئىچىدە بۇ ئۆينىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ ئايال ۋاقىت چىقسىلا بالىسىنى هارۋىغا سېلىپ ھەيدەپ، قىزنى ئەگەشتۈرۈپ باغچىغا باراتتى. كەچلىرى مەيداننى ئايلىناتتى. قىزنىڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىنى ئېلىپ بېرەتتى. دائىم يېڭى كىيىم ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى چىرايلىق ياساپ قوياتتى. قىزنى مۇنچىدا ئۆزى يۇيۇپ، چاچلىرىنى ئۆزى تاراپ قوياتتى.

ئوزۇقلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بۇ ئائىلىدە قىز تېز ئەسلىگە كەلدى. جېنى ئاز قالغان جانىۋارنى قۇتقۇزۇۋالغۇچى، جانىۋارنىڭ بەدىنىدە جۇش ئۇرغان هاياتىي كۈچنى ئۆزىنىڭ جېنىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىغاندەك، ئايالمۇ شۇ خىل ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى.

ئەمدى بولسا بۇ قىز كېتىش ئالدىدا تۇراتتى. ئايال قىزنىڭ تەقدىرىگە ئارىلىشالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ناھايىتى ئازابلاندى. قىزنىڭ تۇرقىدىن ياۋاشلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قىزدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ قىزنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۇنىڭ سۇس ساغۇچ چېچىنى سىلاپ ئولتۇراتتى. بەلكىم بۇ ئۇلارنىڭ ئاخىرقى جەم بولۇشى بولۇپ قالار.

دادىسىنى ساقلاپ ئولتۇرغان شۇ پەيتتە قىز تۇيۇقسىز:

— ئاچا، ئەمدى قانداق قىلارمەن. دادام مېنى ئەكېتىپ يەنە كېچىچە ئۇسسۇلغا سالىدىغان بولدى، — دېدى خۇددى دادىسىنىڭ كېلىشى ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىر كۆڭۈلسىزلىكتەك.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئايال.

— دادام ئۆيگە مەست كەلسىلا قولىغا دۇتارنى ئېلىپ چالىدۇ. مەن يېرىم كېچىدە ئۇخلاۋاتساممۇ «ھەي بىرەۋى، قوپە. ماڭا ئۇسسۇل ئويناپ بەر» دەپ ۋارقىرايدۇ. ئۇنىمىسام تىللاپ، سىلكىپ قوپۇرىدۇ، ھېرىپ كەتسەممۇ ئويناتقۇزىدۇ. مېهمانلىرىغىمۇ كەچكىچە ئويناتقۇزىدۇ.

— ئۇسسۇلچىلىقىڭىزنى ئەجەب بىزگە دېمەپسىزغۇ؟

— دادامدەك ئۇسسۇل ئوينىتارمىكىن دەپ قورقتۇم، — قىز خىجىل بولۇپ يەرگە قارىدى.

— بىزگە بىر پەدە ئويناپ بېرەمسىز؟

— مۇزىكا قويۇپ بېرىڭ ئەمىسە.

ئۇلار مۇزىكا قويدى. قىز بېشىنى گىلدىڭلىتىپ، پىرقىراپ، ئۇسسۇلنىڭ رىتىمىنى ياخشى كەلتۈرۈپ بىر مۇزىكا تۈگىگىچە ئوينىدى. ئوينىغان ئۇسسۇلى يېشىغا نىسبەتەن كۆپ پىششىق ئىدى. ئۇ قىزنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزلىرىدىن يوشۇرۇپ كېلەلىگىنىگە ھەيران قالدى.

— ئەجەب چىرايلىق ئوينىيالايدىكەنسىز. دادىڭىزنىڭ ئۇسسۇلىڭىزنى ياخشى كۆرۈشى بىكار ئەمەسكەن. بۇ چىرايلىق ئۇسسۇلىڭىزنى

كىمدىن ئۆگەنگەنتىڭىز ؟
— ئانام ئۆگىتىپ قويغان. دادام «سەن ئاناڭغا بەك ئوخشايسەن. مەن ئاناڭغا بەك ئامراقتىم» دەيدۇ. دادام مەست چاغدا مىجەزى بەك ئەسكى. بىر كۈنى «ئاناڭنى بەك كۆرگۈم كەلدى» دەپ يىغلىدى. مېنىڭمۇ ئانامنى بەك كۆرگۈم كەلگەن. لېكىن مەن دادامنىڭ يىغلىغىنىدىن قورقۇپ كېتىپ يىغلىدىم. «سەن ئاناڭدەك چىرايلىق ئۇسسۇل ئوينايسەن. شۇڭا مەن ئۇسسۇلۇڭغا بەك ئامراق» دەيدۇ. دادام كەلسە قانداق قىلارمەن؟ بېشىم بەك قاتتى. ئۇسسۇل ئوينىتىپ مېنى ساراڭ قىلىپ قويىدىغان بولدى.

ئۇ راستىلا غەمگە پېتىپ قالغاندەك جىمىپ كەتكەنىدى. لېكىن دادىسى كەلگەندە ئۇ دادىسىغا ئۆزىنى ئاتتى:

— دادا سېنى بەك كۆرگۈم كەلدى، — دەپ يىغلىدى ئۇ. ئاندىن دادىسىنىڭ ئاغرىق ئۆڭ كۆزىنىڭ ئالماشتۇرمىغىلى ئۇزاق بولغاچقا قارىداپ كەتكەن تېڭىقىنى سىلىدى، — كۆزۈڭ تېخى ساقايمىدىمۇ، — دەپ يۈزىنى دادىسىنىڭ بويىنىغا چاپلاپ تېخىمۇ يىغلىدى. ئۇ ئادەمنىڭمۇ كۆزىدىن ياش ئەگىدى. شۇ تاپتا تۇرقىغا قاراپ ئۇلارنى ھېچكىم دادا - بالا دېمەيتتى.

ئۇ ساقلىنى ئالدۇرمىغىلى بىر ھەپتىدىن ئاشقان، كىيىملىرى كونا ھەم كىر، بەدىنى پۇراپ كەتكەن، كۆزىنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن تېڭىقى يۈزىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلىگەن بۇ خۇنۈك ھالىتىدە بۇ كىشىلەرنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرۇپ قالغىنىغا ئىچى سىقىلىۋاتقاندەك تېزرەك ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىدى.

— بىز ماڭىلى، بولمىسا بەك كەچ قالىمىز، — ئۇ كونا بىر يالتىراق خالتىنى بولۇڭدىكى ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە قويدى، — ئازراق يەرلىك تۇخۇم ئالغاچ كەلگەنتىم.

ئايال خالتىنى ئالدى.

— نېمىشقا ئاۋارە بولغانسىز، سىزگە كۆپ رەھمەت.

ئايالنىڭ ئېرى ئۇنى كىرىسلوغا تەكلىپ قىلغاندا ئۇ ئەيمەنگەندەك ئولتۇرغىلى ئۇنىمىدى. ئايال ئامالسىز ئورۇندۇق قويۇپ بەردى.

— نېمىگە ئالدىرايسىلەر، ئەمدى تاماق يەپ ماڭسىلەر، — دېدى ئايالنىڭ ئېرى.

— رەھمەت، تاماققا ئولتۇرالمايمىز، — دېدى ئۇ ئادەم.

ئۇنىڭ ئېنىق يېشىنى چىرايىدىن بىلمەك تەس ئىدى. ئايال ئۇنىڭ يېشىنى 30 بىلەن 40 ئارىسىدا بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلغانىدى. ئۇ بۇ ئادەمنى ئۇچراتقاندىن بۇيان ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن ئامال بار ئاز بىللە تۇرۇشقا تىرىشىدىغانلىقىنى سەزگەن.

— بىز ھەقىنى ئۈستۈرۈپ بېرەيلى دېگەن، — دېدى ئايال، ئۇ بىرەۋنىڭ كۆڭلىنى تۇتۇپ قېلىشقا ئاخىرقى تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. بۇ گەپنى يالغۇز دېيىشكە پۇرسەت چىقىدىغانلىقىغا كۆزى يەتمەي ئامالسىز ئېرىنىڭ ئالدىدا دەۋەردى. ئامالىنىڭ بارىچە ئېرىگە قارىماسلىققا تىرىشتى.

— قىزىمنى بۇنىڭدىن كېيىن بالا بېقىشقا سالمايمەن، — دېدى ئۇ تېلېفوندا دېگىنىگە ئوخشاشلا.

— قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ تامىقىڭنى ئەكىلە ماڭە، — دېدى ئەر ئايالىغا مېھمانلارنىڭ ئالدىدا يۈز - خاتىر قىلماي. ئۇ ئايالىنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسىز يەنە بىرەر گەپ قىلىپ سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى ئىدى. ئايال ئېرىنىڭ مىجەزىنى چۈشىنەتتى. ئايال بولسا ئەمدى ئامال قالمىدى، دەپ ئويلىغاچقا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ پولۇ ئەتكەنىدى.

— تاماققا ساقلاپ قالمايسىلەر، تاماق پىشىپ بولغان، — دېدى ئايال ئاشخانىغا مېڭىپ.

— سىلەر ئايالىڭلارغا ئازار بەرگەنمۇ يا،

نېمىشقا قېچىپ كېتىدۇ؟ — دېدى ئۆي ئىگىسى ئەر. ئايال ئېرىنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئايىمىغانلىقىدىن چۆچۈپ، ئاشخانىدىن چىقتى. ئېرىگە بۇنداق گەپ قىلماسلىقنا ئىشارەت قىلدى. ئېرى ئىشىكنى قىل دېگەن مەنىدە قولىنى سىلكىدى.

— كۆزىنىڭ دەردى بار ئادەمنىڭ خوتۇنىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيتمەن. مەن ساق چاغدا خېلى ئېغىرىمنى كۆتۈردىغان خوتۇن مەن بۇنداق بولۇپلا تاۋىنازۇك بولۇپ كەتتى. ئاران تۇرغان ئادەمگە باھانە تېپىپ بېرىپتىمەن، — دېدى ئۇ.

— ھازىر كۆزۈڭلىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — سورىدى ئەر ئۇنىڭ تۇرقىدىن بىئارام بولۇۋاتقاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ. ئايال ئېرىنى ئەمدىلا چۈشىنىۋاتقاندەك ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— ئاللا خالىسا، — دېدى ئەر. ئۇلار ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى بارمىكىدىن دەپ ئويلىغاندى. ئەمما بۇ ئۇنىڭ جاۋابى ئىكەن. ئۇلار بۇنىڭدىن ھېچنېمىنى بىلەلمىدى.

ئايال ئۇ ئادەمنىڭ تاماق يېگەندە قورۇنۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئايرىم راسلىغاندى. ئۇ تاماقنى ناھايىتى تېزلا يېۋەتتى. قىزچاق بولسا يېتىشىشكە تىرىشتى. دادا بىلەن قىز تامىقىنى ئۇلاردىن بۇرۇن يەپ بولدى. ئۇ ئادەم يەنە ئۇسۇپ بېرىشكە ئۇنىمىدى. ئۇ ئۇلار بىلەن بىر جوزىدا بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئايالنىڭ ئېرىمۇ سۆرۈن ئولتۇرۇپ، ئۇنى تېخىمۇ قورۇندۇرۇۋەتكەندەك قىلاتتى. ئايال ئۆزلىرى يەپ بولماستىلا ئۇ ئادەمنى ئازابتىن خالاس قىلماقچى بولدى.

— بىز سىزنى تۇتۇپ قالالمىدۇق. بىر-ئىككى كۈن تۇرسىڭىزمۇ بولاتتى.

— رەھمەت، — دېدى قىزنىڭ دادىسى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى.

قىز مېڭىشتىن بۇرۇن بالىنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيدى. بالىنىڭ يۈزىنى، چېچىنى سىلىدى.

— ياقۇپجان، مېنى ئۇنتۇپ قالماڭ جۇمۇڭ.

بالا ئۇنىڭ گېپىنى بىلگەندەك ئۇششاق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلدى. بېشىنى ئۇنىڭغا سۈركىدى. قىزنىڭ دادىسى بىتاقەت ساقلاپ تۇراتتى. قىز بوۋاقنى ئانىسىغا بېرىشكە ئۇ قىزغا قولىنى ئۇزاتتى. ئۇ بىر قولى بىلەن قىزنى يېتىلەپ، بىر قولىدا قىزنىڭ كىيىملىرى قاچىلانغان سومكىنى كۆتۈرۈپ ئىشىكتىن چىقتى. ئۇلار پەلەمپەيىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىغا كەلگەندە ئۆي ئىگىلىرىگە تەك قارىدى. ئەر خوش دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. قىز:

— خوش ئاچا، خوش ئۇكام، — دەپ ئوڭ قولىنى كۆتۈردى. ئاۋازى يىغلامسىرىغاندەك چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى دادىسى يېتىلەپ چۈشۈپ كەتتى.

ئايال ئۆزىنىڭ قىزنى باشقا ئادەم ئېلىپ كەتكەندەك ئۆيگە كىرىپلا كۆزىدىن ياش قويۇلۇشقا باشلىدى.

— بولدى قىل، ئۇ بالاڭمىتى؟ — دېدى ئېرى ئۇنىڭغا سوغۇقلا.

ئۇ قىزنىڭ كىيىمى قاچىلىغان سومكىغا 200 كوي سېلىپ قويغانىدى. ئۇلارنىڭ مائاشى ئۆزلىرىگە ئاران يەتكەچكە، ئېرىگە تۇيدۇرماي قىلغان بۇ ياردەمنىڭ ئورنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىرەر ئاي تېجەشلىك ياشىشىغا توغرا كېلەتتى. ئۇ ئېرىگە سانىغان بۇ قارىسى ئۈچۈن بولسىمۇ ئېرىنىڭ بۈگۈنكى يولسىزلىقىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتتى.

ئۇلار كېتىپ خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئايرىلىش ئازابى يېنىكلىمىدى. قىز ئېسىگە كەلسىلا ئازابلىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلىنى ئىجارىگە بەرگەن بۇ ئادەمنىڭ قىزىنىڭ تەقدىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرالىشى

www.uighurkitap.com

دىن ئەنسىرەپ قالدى. باشقا بالا باقچىمۇ تاپتى. لېكىن ئۇ قىز خىيالىدىن كەتمىدى. ئۆيدە كىچىك بالىسى بار، خىزمىتىمۇ ئالدىراش، ئارىلىقمۇ 120 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان، ئارىدا ئىككى ماشىنا ئالمىشىدىغان، يېزىغا قاتنايدىغان ماشىنا بەك قىستاڭ بولغاچقا، يەنە دادىسى نېمە دەپ قالار، ئېرىم توغرا چۈشىنەرمۇ دېگەن دىلىغۇللۇقىمۇ بولغاچقا، ئۇ قىزنى يوقلاپ بېرىشقا پۇرسەت چىقىرالماي نەچچە ئاينى ئۆتكۈزۈۋەتتى. بۈگۈن ئۇ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ تۇيۇقسىز. بۇنداق كېتىۋەرسەم يىل ئاتلاپ كېتىدىغۇ دەپ، قەتئىي نىيەتكە كەلدى. ئۇ ئادەم قىزنى ئېلىپ كېتىشكە كەلگەندە 26 تال تۇخۇم ئالغاچ كەلگەنىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ يەرلىك تۇخۇملارنى ئېرى بىر ماختاپ سالغانىدى:

— يەرلىك تۇخۇم دېگەن مۇنداق بولىدۇ. تەمىمۇ باشقىچە. بىزنىڭ بۇ يەردە يەرلىك تۇخۇم دېگەننىڭ ھەممىسى يالغان.

ئەمدى ئايال قىزنى كۆرۈپ كېلىشكە يەرلىك تۇخۇم ئىزدەشنى باھانە قىلماقچى بولدى.

— مەن بىرەۋگۈلنىڭ مەھەللىسىدىن يەرلىك تۇخۇم تېپىپ كېلەي دەيمەن، بۇ يەرنىڭ تۇخۇمى ئېغىزىمغا تېتىماي قالدى، — دېدى ئايال. ئەمەلىيەتتە ئۇ تۇخۇملار بىلەن بۇ يەردىكى تۇخۇملارنىڭ بىرەر پەرقى بارلىقىنى بىلمىگەنىدى.

ئويلىمىغان يەردىن ئېرى ئۇنىڭغا سوغۇق سۇ سەپمىدى.

— جاپاسىدىن قورقمىساڭ مەيلى بېرىپ كەل، كەچكىچە قايتىپ كېلەرسەن.

ئايال ئوڭۇشلۇق يولغا چىقالىدى.

ئۇقىزنى كۆرۈشنى ئويلاپ ھاياجانلىنىپ تۇرغاچقا، يول ئۇزىراپ كەتكەندەك تۇگىمەسكە قالدى. ئۆزى تۇرۇشلۇق شەھەردىن ۋىلايەت مەركىزىگىچە بولغان قىرىق بەش كىلومېتىر، ۋىلايەت مەركىزىدىن ناھىيەگىچە 67 كىلومېتىر مۇساپىنى ئانچە جاپا تارتماي تۈگەتتى. لېكىن ناھىيەدىن يېزىغىچە 18 كىلومېتىر ئارىلىقتا بىر ئاز جاپا تارتىپ قالدى. شەھەرلەردىن بىراك قىلىۋېتىلگەن ماشىنىلار مۇشۇنداق جايلارغا يىغىلغاندەك قىلاتتى. ئۇ بىر ئەسكى جېپقا چىقتى. ئۇ ئەسلى يەتتە كىشىلىك بولۇپ، كىراكەش ئۇنىڭغا كۆپ ئادەم سىغدۇرۇش ئۈچۈن ئەسلىدىكى ئورۇندۇقلىرىنى ئىككى ئۇزۇن ئورۇندۇققا ئالماشتۇرغان. بۇ ماشىنىدا ئولتۇرۇپ باقمىغان ئادەم ئۇنىڭغا 18 يولۇچى سالغىلى بولىدىغانلىقىنى ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. شوپۇر 18-يولۇچىنى سىغدۇرالماي، بۇ يولۇچىلارنىڭ سەۋەنلىكىدەك ئۇلارغا توختىماي ھۆرپەيدى. يېزىلىق بۇ كىشىلەر راستتىن سەۋەنلىك ئۆزلىرىدەك بىر-بىرىنى قىستايتتى. ماشىنا يولغا چىققاندا يولۇچىلار بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەندەك ماشىنا سىلكىنسە تەڭ سىلكىنەتتى. بۇ مۇساپە ئاخىرى يوقتەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ چۈشكە ئاز قالغاندا يېزىغا كېلىپ بولدى. گەرچە 9-ئاي كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ھاۋا يەنىلا شۇنداق ئىسسىق بولۇپ، چۈشكە يېقىنلاشقانسېرى ئىسسىق تېخىمۇ كۈچىيىۋاتاتتى. ئۇ تونۇمىسىمۇ ئۆزىگە سەممىي سالام قىلغان كىشىلەرگە سالام قايتۇرۇپ، ئەسكى تاملىق پاكار ئۆيلەرنى ياقىلاپ كەتكەن يېزا يولىدا ئون نەچچە مىنۇت ماڭدى. ئۇ مۇشۇ يۆنىلىشتە ماڭسام تاپالايمەن دەپ ئويلىغان ئىدى. كېتىۋېتىپ ئۆزىنى نىشاندىن ئېزىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ بۇ مەھەللىگە بىرلا قېتىم كەلگەن ئىدى.

ئۇ بىر يول ئاچىلىغا كېلىپ توختىدى.

— بىرەرسىنى ئىزدەمسىز؟

ئانچە قېرى ئەمەس بىر ئايال 20 نەچچە مېتىر نېرىدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ شۇ ئايالنىڭ گەپ قىلغانلىقىنى پەرەز قىلدى.

— ئۆمەر دېگەن ئادەمنى ئىزدەيتتىم.

ئايال ئۇنىڭغا قاراپ كېلىشۋېتىپ سورىدى:

— ئۆمەر قاسساپنىمۇ؟

— قاسساپلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن. بىر كۆزى ئاجىز ئادەم.

— ھە، ھە ... ئۆمەر قارىغۇنى دەڭ، — دېدى ئۇ ئايال. ئۇ بۇ ئايالنىڭ ئۇنى ئىزدىشىنى ئەقىلگە سىغدۇرالمىغاندەك ئۇنىڭ ئۇستىبېشىغا بىر قارىۋەتتى.

— ئۇنى نېمىشقا قارىغۇ دەيسىلەر؟

— بۇ مەھەللىدە تۆت ئۆمەر بار، لەقىمىنى دېمىسە كىملىكىنى ئايرىغىلى بولمايدۇ. يۈرسىلە، مەن كۆرسىتىپ قوياي. ئۆزلىرىمۇ خېلى يېقىن تېپىپ كەپلا.

ئۇ قارىغۇ دېگەن سۆزنى ھېچقانداق يامان نىيىتى يوقتەكلا ئاتايتتى. ئۇ ئايالغا ياندىشىپ ماڭدى.

— سىزنى ئاۋارە قىلماي، دەپ بەرسىڭىز ئۆزۈم تېپىپ بارالايمەن.

ئايالدىن ئىنكاس بولمىغاندىن كېيىن ئۇ ئايالسىز كېتىۋەردى.

— ئۇنىڭ تۇغقىنى بولامسىز؟ — دېدى ئايال تويۇقسىزلا.

— قىزى مېنىڭ بالامنى بېقىپ بەرگەن. شۇڭا كېلىشىم.

— بىرەۋى جىنتەك پاكىز بىر ئائىلىدە بالا بېقىپتىكەن. نەچچە ئاي بۇرۇن شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كەپتىكەن. ھە سىلىنىڭ ئۆيدە تۇرۇپتىكەندە.

ئايال ئۇنىڭغا ئەمدى خېلى ھۆرمەت بىلەن قارىدى.

— ئۆمەر ئۆزى ئوبدان بالا، شۇ، خوتۇنى ئوسال چىقىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە جىددىي پۇل لازىم بولۇپ قېلىپ بالىسىنى بىر كۆلچىغا ئىجارە بەرگەن. ۋاقتى توشۇپمۇ بالىسىنى تاپالماي يۈرىدۇ.

— بالىسى يوقاپ كېتىپتىمۇ؟

— ياق، ئەكىرىپ كەتكەنلەر يەنە بىر يىل تۇرسۇن دەپ تۇغقانلىرىدىن بىر يېرىم مىڭ كوي ئەۋەتىپتىكەن. ئۇ پۇلنى ئالغىلى ئۇنىماي بالامنى ئەۋەتىپ بەرسۇن دەپتۇ. لېكىن نەچچە ئاي بولدى، بالىسى تېخىچە يوق. تېراي دېسە يەر ئاز، تىجارەتكە پۇل يوق، كۈنى تەس بولدى. ئەنە ئاۋۇ ئىشىك شۇ.

ئايال توختىدى. ئۇ ئەمدى بىر نەرسە دەپ بېرىدىغاندەك قىلمايتتى. شەھەرلىك ئايال:

— ئاچا سىزگە كۆپ رەھمەت، — دەپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى. ئۇ ئىشىككە قاراپ كېتىۋېتىپ ئايالنى جايىدىن مىدىرلىمىغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ ئارقىسىغا قارىدى. ئايال راستىنلا جايىدا تۇراتتى. ئۇ ئۇنىڭ قارىغىنىدىن ئوڭايسىزلانغاندەك ئارقىسىغا ئۆرۈلدى.

ئۇ ئۇلارنىڭ ئىشىكىنى شىبلى تۆكۈلۈپ كەتمىسۇن دېگەندەك ئېھتىيات بىلەن چەكتى.

— چىما؟ — دېگەن قوپال بىر ئاۋازدىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى. ئىشىكنى قىزنىڭ دادىسى ئاچقان ئىدى. ئۇ ئادەم ئۇنى كۆرۈپ نېمە ئىشىڭىز بار دېگەندەك قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئېسىنى تېپىپ ئىشىكنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ تۇردى.

— كىرسىلە.

ئايال:

— قانداق ئەھۋالىڭىز؟ ياخشى تۇرلىمۇ، بىرەۋگۈل ياخشى تۇرغاندۇ؟ — دەپ ئەھۋال سورىغاچ ھويلىغا كىردى. بۇ كىچىككىلا ھويلا بولۇپ قوتاننىڭ قىغى پۇراپ تۇراتتى. ئۇ ئادەم ئۆيگە ئالدى بىلەن كىرىپ كەتتى. بىر نەرسىلەرنى ئالدىراش ئۇيان-بۇيان يۆتكىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپلا:

— ئۆيگە كىرسىلە، — دېدى.

كىيىمى رەتلىك، تۇرقىدىن خاتىرجەملىك چىقىپ تۇرىدىغان بۇ ئايالنى ئەسكى ئۆيگە

باشلاش ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئوسال قىلىش بولۇپ تۇيۇلغانىدەك، ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتتى.

— بىرەۋىنگۇل كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى ئۇ ئۆيگە كىرىپ. ئۇ ئۇ ئادەمنىڭ كەيپسىز تۇرقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قىزىمنى بالا بېقىشقا سوراپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ گۇمانلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن تېزلا ئېغىز ئاچتى، — مەن يەرلىك تۇخۇم سېتىۋالغاچ كۆرۈشۈپ كېلەي دەپ كەلگەنتىم.

گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ بولۇپ، كېلىش سەۋەبى ھەققىدە باشقىچىرەك بىر باھانىنى ئالدىن ئويلاپ قويمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ بىرەۋىنگۇلنى كۆرگۈم كېلىپ كەلدىم دېسە، ئۇنىڭ ئىشەنمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ توقۇغان بۇ باھانىسى ئۇنى ئىشەندۈرۈشتىن تېخىمۇ يىراقلاپ كەتتى.

— قويغا غازاڭ سېرىغىلى چىقىپ كەتكەن، — دېدى ئۇ. ئاندىن ھويلىغا چىقىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— ھەي بىرەۋى، ئەمدى يېنىپ كەل، — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇ قايتىپ كىرىپ ئايالغا سۇپىدىكى كۆرپىنى كۆرسەتتى.

— ئولتۇرسىلا، ھازىر كىرىپ قالارمىكىن.

ئايال ئولتۇرۇپ قائىدە بويىچە ئەھۋاللاشتى.

— تىنچ - ئامان تۇردىڭىزمۇ؟ كۆزلىرى خېلى ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟

— ئاللا خالىسا، — دېدى ئۇ چۈشىنىكسىز گېپىنى يەنە تەكرارلاپ.

ئۇ كۆزىنى ئالدىراپلا چوڭ بىر لاتا بىلەن تېڭىۋالغانىدەك قىلاتتى، لاتا ناھايىتى كېلەڭسىز كۆرۈنەتتى.

بىرەۋىنگۇلنىڭ ئاياغ تىۋىشى يېقىنلىغاندا قويلار ئۇنىڭ يەم ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەندەك مەرەشكە باشلىدى. ئۆي ئىچىدىن ھويلا ئىشىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سېۋەت كۆتۈرگەن، ئۇستىبېشى شۇنچە كونا، ۋىجىك بىر قىز ئىشىكتە پەيدا بولغاندا ئۇ ئايال ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىرەۋىنگۇل باردەك بىتاقەت بولدى. قىز كىرىپلا:

— دادا سېۋەت تېخى توشمىغانتى، — دېدى.

ئۇ ئايال خۇددى بىرەۋىنگۇلنىڭ بۇنداق تۇرقىنى كۆرۈپ باقمىغاندەك ھەيران قالدى. ئۇ قىزنى تۇنجى قېتىم ئەكەلگەندە ئۇنىڭ تۇرقى ھازىرقىدەك ئىدى. ئەمما كەتكەندە بۇنداق ئەمەستىغۇ؟ ئۇنىڭ بۇنچە تېز ئەسلىگە قايتىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇ ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ بىرەۋىنگۇلنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ قىزغا ئېڭىشىپ قاراپ. قىزنىڭ مەينەت بولۇپ كەتكەن چېچىنى تۈزەۋاتقاندا يۈرىكىنىڭ ئېچىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ قىزغا ھېچ ئىش بولمىغانلىقىنى، ئۇنى دادىسى سېتىۋەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئازاراق بولسىمۇ جايىغا چۈشتى. بۇمۇ ئۇنىڭغا خېلى تەسەللى ئىدى.

قىز ئۇنى كۆرۈپ ھېچقانچە ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئۇ ئايالغا بىردەم كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى. بۇ چاغدا قويلارنىڭ مەرىشى كۈچىيىپ كەتتى. ئۇ سەۋر قىلالمىغاندەك غازاڭنى ئېلىپ بېرىپ ئوقۇردىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرغان ئىككى قوينىڭ ئالدىغا تۆكتى. ھەرىكىتى ناھايىتى پىششىق ئىدى. ئۇ سېۋەتنى ئوقۇرنىڭ يېنىغا قويۇپ قايتىپ كەلدى.

— مېنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ يەنە.

— ياق، — دېدى قىز بېشىنى چايقاپ. ئاندىن نېمە قىلىشنى بىلمىگەندەك قورۇنۇپ تۇرۇپ قالدى.

ئايال بايا قىزنىڭ تۇرقىدىكى ئۆزگىرىشتىن ھەيران قالغان بولسا، ئەمدى ئۇنىڭ مىجەزىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ، ئۇ قىزغا سىڭدۈرگەن بارلىق ئەجرى بىكار كەتكەندەك تۇيغۇغا كېلىپ

www.uyghurkitap.com

قالدى.

ئايال يېمەكلىك قاچىلانغان يالتىراق خالتىنى قىزغا ئۇزىتىپ:

— قاراڭ! سىز ياخشى كۆرىدىغان ھېچنېمىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم، — دېدى.

قىز خالتىنى ئېلىپ ئىچىگە ئورۇق، مەينەت قولىنى سېلىپ، ئازراقلا خۇشاللىق ئىپادىلىدى. قىزنىڭ باللارغا خاس مىجەزىنى ئۇ ئازراق بولسىمۇ كۆردى. قىز شاكىلاتنىڭ يالتىرىقىنى سويۇۋېتىپلا دادىسىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۇنىڭغا بىرنى چىشلەتتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئېغىزىغا سالدى. ئايال نەچچە ئاي بۇرۇن قىزغا ئاتاپ سوس يېشىل رەڭلىك بىرقۇر كۆزلۈك كىيىم سېتىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭغا دەل كېلىشىدىن دېلىغول بولۇپ تۇراتتى. ئۆيگە كىرىپلا:

— قاراڭ بۇ كىيىمنى ياخشى كۆرەمسىز؟ كىيىپ بېقىڭە، — دېدى.

قىز كىيىمنى ئېلىپ قازناقتەك بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ چىققاندا ئايال ئۇنى كىيىمى خۇنۇكلەشتۇرۇپ قويۇپتىكەن دەپ ئويلاپ قالدى. قىز خېلى ئىسكەتكە كېلىپ قالغان ئىدى. لېكىن قىز يېقىن كەلگەندە يېڭى كىيىم ئىچىدە قىزنىڭ كىر باسقان تۇرقى تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ كەتتى. ئايال كىيىمنى، ئاندىن قىزنىڭ ئۇستىبېشىنى تۈزەشتۈرۈپ ئۇلارنى ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشتى.

— ئەجەب ياراشتى، شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭىز، ياخشى كۆردىڭىزمۇ؟ — دېدى ئايال.

قىز ھەئە دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى، ئاندىن زوقى كەلگەندەك چاپىنىنىڭ پېشىنى، ئىشتىنىنىڭ تىزىنى سىلىدى. قىز يېڭى كىيىمنىڭ ئىچىدە بىر ئاز جانلىنىپ قالدى. كىيىم ئازراق ئۇزۇن كېلىپ قالغان ئىدى.

— كىچىك كەلگەندىن چوڭ كەلگەن ياخشى، ئۇسۇۋاتىسىز ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئايال قىزغا تەسەللى بەرگەندەك. ئۇ كىيىمنىڭ ئاساسەن ماس كېلىگىنىدىن خۇش بولدى.

قىزنىڭ دادىسى بولسا تاق كۆزى بىلەن قىزىغا زوقى كەلگەندەك بىردەم قاراپ تۇردى. ئاغرىق كۆزنى تىڭشۇالغان لاتا ئۇستىگە سۇرۇلۇپ كېتىپ كۆزنىڭ ئاستى قىسمى ئازراق كۆرۈنۈپ قالغان ئىدى. بۇنى كۆرۈپ ئايالنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ كەتتى. ئۇ كۆزنى دەرھال ئېلىپ قاچتى.

ئۇ ئادەم ئۆزىنى ئۆيدە جىق تۇرۇپ كەتكەندەك ھېس قىلدىمۇ تۇيۇقسىز سىرتقا ماڭدى.

قىز يېڭى كىيىمنىڭ خۇشلۇقىدا بايىقى ياتسىراشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك بىر ئەسكى يەشىكنىڭ ئىچىدىن بىر دەپتەرنى تارتىپ چىقتى. بۇ ئۇنىڭ مەكتەپتىكى چېغىدا رەسىم دەرسىگە تۇتقان دەپتىرى بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭ بوش قالغان بەتلىرىگە يېڭىدىن نۇرغۇن رەسىم سىزغان ئىدى. ئۇ ئۇ رەسىملىرىنى ئايالغا ئەكىلىپ كۆرسەتتى. ئايال ئۇچۇن بۇ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى چوڭ ئىلگىرىلەش ئىدى. ئايال كىچىك بالىنىڭ قالايمىقان جىجىشىغا تولغان بۇ دەپتەرنى ۋاراقلاپ ئۇنى يالغاندىن بىرمۇبىر ماختاپ چىقتى. قىز بەك خۇش بولغاندەك قىلاتتى. ئۇلار بىللە تۇرغان ۋاقىت ئۇزارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتكەن ئارىلىق يېقىنلاۋاتقاندەك ئايالنىڭ بىئاراملىقىمۇ خېلى يېنىكلەپ قالدى. ئۇ رەسىملەردىن قىزنىڭ خىياللىرىنى بىلمەكچى بولغاندەك خېلى سىنچىلاپ قارىدى. قىزچاق يېڭى كىيىمنى باشقىلارغا داملاتقۇسى كەلگەندەك تالاغا چىقىپ كېتىپ بەش مىنۇتلاردا كىردى. ئۇ ئايالنىڭ ئالدىدا نېمە قىلىشنى بىلمىگەندەك بىردەم ئولتۇردى.

— دوستلىرىڭىز جىقمۇ؟ — سورىدى ئايال.

قىز بارماقلىرىنى بىرمۇبىر چىقىرىپ قىز بالىنىڭ ئىسمىدىن تۆتنى ساندى.

— دادىڭىزنىڭ كۆزى ياخشى بولۇپ قالدـ

ـمۇ؟

قىز ياق دېگەندەك بېشىنى چايقىدى.

ــ مەن كۆندە كۆزنگە دورا تېمىتىپ قويىـمەن، ــ دېدى ئۇ.

قىز ئورنىدىن تۇرۇپ قازناقتا كىرىپ كەتتى. قازناقتىن چىققاندا ئۇستىدە كونا كىيىمى پەيدا بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ بالىلىقنىمۇ يېڭى كىيىمى بىلەن سېلىشتۇرغاندەك تەمكىن بىر قىياپەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. كۆچىنىڭ يېتىشچە رەتلىك قاتلىغان يېڭى كىيىم ئۇنىڭ قولىدا تۇراتتى. ئۇ ئۇنى ئايالنىڭ ئالدىغا قويدى.

ــ نېمە بولدىڭىز؟ ــ سورىدى ئايال.

ــ خاپا بولمىسىلا ئاچا، مەن سىلى بىلەن كېتەلمەيمەن. دادامنى يالغۇز قويۇپ كەتسەم بولمايدۇ. شۇڭا بۇ كىيىملەرنى قايتۇرۇپ بېرەي.

ــ مەن سىزنى ئەكەتكىلى كەلمىدىم. سىزنى كۆرگۈم كېلىپ يوقلاپ كەلدىم، ــ دېدى ئايال ئۇنى قۇچىقىغا تارتىپ.

قىزنىڭ خۇشلۇقى يەنە سەل ئەسلىگە كەلدى. ئۇ ئايالغا ئىشىنەلمىگەندەك قارىدى.

ــ سىز چوڭ بولغاندا نېمە بولۇشنى ئويلايسىز؟ ــ دېدى ئۇ قىزنىڭ بىرەر قىزىقىشى بار-مىكىن دەپ.

ــ مەن چوڭ بولغانسېرى ئانامغا ئوخشاپ قېلىۋېتىپتىمەن. ئۆيدە ئانامنىڭ ئورنىنى باساي دەيمەن، ــ دېدى قىز.

ــ دادىڭىز يەنە سىزنى كېچىسى ئۇسسۇل ئوينىتامدۇ؟

قىز جاۋاب بەرمەي كالپۇكىنى يىمىرىپ تۇردى. ئۇنى يات كۆرۈپ دېگۈسى كەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇمۇ كولاپ سورىمىدى. ئۇ ھويلىدا قىزنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ، ئۆزى جايىدا ئايلىنىپ قىزنى پىرقىراتتى. قىز ئۇلارنىڭ ئۆيدىكى چاغدا مۇشۇنداق ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى. خۇشلۇقىدىن چىرقىرايتتى. لېكىن بۇ قېتىم بۇ ئويۇندىن قىز ئانچە خۇش بولۇپ كەتمىدى.

چۈش ئۆتۈپ كېتەي دەپ قالغان ئىدى.

ــ سىز مەن بىلەن كېتىپ نەچچە كۈن ئويناپ كېلەمسىز؟

ــ ياق، ــ دەپ بېشىنى چايقىدى قىز، ــ دادام يالغۇز قالىدۇ.

ئايال كۆزىگە ياش كېلىپ قىزنى قۇچاقلىدى.

ــ مەن قايتاي، بىرەۋىگۈل، مېنى سېغىنسىڭىز ماڭا تېلېفون ئۇرۇڭ. تېلېفون نومۇرۇم ھازىرمۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟

ــ ئېسىمدە، ــ دېدى قىز، ــ مەن سىزگە لەگمەن ئېتىپ بېرەي. مەن ھەممە تاماقنى ئېتەلەيمەن.

قىز بۇ گەپلەرنى قىلغاندا ئۇ ئايالغا ھەقىقەتەن بۇ ئىشنى قىلالايدىغاندەك كۆرۈندى.

ــ تاماقىڭىزنى بەك يېگۈم بار ئىدى، ئالدىراپ قالدىم. رەھمەت، كېلەر قېتىم كېلىپ چوقۇم يەيمەن، ــ دېدى ئايال.

بۇ چاغدا ئايال قىزنىڭ بالىلىقىنىڭ ئازلاپ كەتكىنىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇ بالا مىجەزى بىلەن بۇ ئۆيدە ئانىسىنىڭ ئورنىنى باسالمايتتى. ئۇ مۇددەتتىن بۇرۇن چوڭ بولۇشقا تىرىشقان، ھەم بۇنى خېلى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىدى.

ــ ئەمىسە چاي بولسىمۇ قاينىتاي، ــ دېدى قىز.

ئۇ قىزنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرماي دەپ ماقۇل بولدى. ئۇقىزغا ئوت قالىشىپ بەرمەكچى بولۇۋېدى، قىز ئۇنىمىدى. ئۇ ئىشقا كىرىشكەندە يېشىغا يات تەمكىن، چاققان بولۇپ قالغان ئىدى. قىزنىڭ دادىسى يەرلىك تۇخۇم ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن ئىكەن، ئۇ كىرىپ:

ــ ئۆتكەن يىلى تۇخۇ فېرمىسى ئاچقان بىرى زىيان تارتىپ كېتىپتىكەن. ئۇلار بىر چۈجىنى بىر كويدىن ئالسەن دەپ ھەممە ئۆيگە

10-15 تىن زورلاپ ساتقان. ھەممىسى تَوك چۇ-
جىسى. بۇ يېزىدىكى تۇخۇملارنىڭ كۆپىنى
شۇلار كاكىلايدۇ. يەرلىك توخۇ بەك ئاز قالدى.
قوشنىمىزنىڭ بالىسىنى ئەۋەتتىم. يەرلىك توخۇ-
سى بارلارنىڭكىدىن يىغىپ كەلگىلى كەتتى، —
دېدى ئۇ. قولىدا يېڭى يېقىلغان ئىككى تۇقاچ،
بىر قوغۇن تۇراتتى. ئۇ ئۇلارنى كونا كات ئۈستى-
گە قويدى.

— سىزنى بىر مۇنچە ئاۋارە قىلدىم،
رەھمەت، — دېدى ئايال.

ئىككى ئېغىزلىق، ئىستىن قارىداپ كەتكەن،
ئۈستى چەللە باراڭدەكلا يېپىلغان ئۆيدە ئۇ ئۇن-
تىنسىز بىرەۋىگۈلنىڭ ئوت قالىشىغا قاراپ ئول-
تۇراتتى. ئوچاقتا ھۆل ئوتۇن كۆيەلمەي پىسىل-
داپ ئاۋاز چىقىراتتى. بىرەۋىگۈل چاينىڭ قاينى-
ماي كەتكىنىگە جىلە بولۇپ ئوتنى توختىماي
پۇۋلەيتتى. ئىستىن يۆتىلەتتى. كۆزىنى ئۇۋۇلايت-
تى. دادىسى ھويلىدا بىر ئەسكى يەشىكنى
تازىلاپ ئوۋشاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. خېلى ۋاقىت-
تا قازاننىڭ كىژىلدىغان ئاۋازى، ئاندىن يەنە
خېلى ۋاقىتتا قاينىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قىزچاق
ئورنىدىن تۇرۇپ ئايالنىڭ ئالدىغا داستىخان
سالدى. بۇ بىر كونا رەخت پارچىسى ئىدى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە دادىسى ئەكىرگەن ئىككى تو-
قاچنى قويدى. ئوچاق بېشىغا بېرىپ قازاننىڭ تۇ-
ۋىقىنى قوشۇقنىڭ سېپى بىلەن ئاچتى. چاي قاي-
نىغان ئىدى. ئۇ تەكچىدىن ئۈچ چىنە ئېلىپ ئى-
چىگە ئازراقتىن چاي سالدى. كىرلىشىپ
كەتكەن چۆمۈچ بىلەن قايناقسۇ ئېلىپ چىنىلەر-
گە قۇيدى. بۇ ئىشلارنى ئۇ ناھايىتى تەمكىنلىك
بىلەن قىلدى.

بىرەۋىگۈلنىڭ بالىلىقىغا بۇ ئۆيدە ئورۇن
يوقتەك قىلاتتى. ئۇنىڭ دادىسى ئازغىنە ۋاقىت ئى-
چىدە بىر كۆزىدىن، ئايالىدىن، ئاندىن (ۋاقىتلىق
بولسىمۇ) بالىسىدىن ئايرىلىپ قالغان. بۇ كې-
لىشمەسلىكلەر ئۇنىڭ چىراي ئالامەتلىرىنى پۇ-
تۇنلەي سۇپۇرۇپ تاشلىغاندەك، ئۇنىڭ چىرايىدا
ھېس-تۇيغۇدىن ئەسەر قالمىغان، ھەر قانداق ئەھ-
ۋالدا ئۇنىڭ مىجەزى، گەپلىرى ناھايىتى قۇرغاق
ئىدى. ئۇ ئادەم گەپ قىلىشنىمۇ ئېغىر كۆرىدى-
غاندەك تەسىر بەرگەچكە، ئايال ئۇنىڭ بالىسى-
نىڭ ئەھۋالىنى سوراپ بېقىش نىيىتىدىن يالتاي-
دى.

— دادا، چاي ئىچىۋال، — دېدى بىرەۋىگۈل.
بۇ چاغدا دادىسىنىڭ ئىشىمۇ تۈگىگەن ئىدى. ئۇ
قولىنى چالا-پۇچۇق يۇيۇپلا سۇپىدىكى ئەسكى
كىگىزگە كېلىپ ئولتۇردى.

— قوغۇننى ئەكەل، — دېدى بىرەۋىگۈلگە.
بىرەۋىگۈل قوغۇن بىلەن پىچاقنى ئەكىلىپ
دادىسىنىڭ ئالدىغا قويدى. دادىسى قوغۇننى
پىچتى. قوغۇننىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىمىقىغا
كىرگەندە ئايالنىڭ قاتتىق ئۇسسىغىنى ئېسىگە
كەلدى. بايا چۈشىن خېلى ئاز ئىدى. قوغۇننىڭ
پىچىلىشى بىلەن چۈشىن ئولاشقىلى تۇردى. ئۇ
ئادەم ئېرەن قىلمىدى. بىرەۋىگۈل باشتىن-ئاخىر
چۈشىنلەرنى قورۇغاچ مېھماننى قوغۇنغا تەكلىپ
قىلىپ تۇردى. ئۇنىڭ دادىسى بېشىنى ساڭگىلى-
تىپ ئولتۇرۇپ قوغۇندىن بىر تىلىم يېدى.
ئاندىن يېرىم ناننى ئىككى چىشلەپ دېگۈدەك
يەپ تۈگەتتى. ئارقىدىن چاي ئىچتى. ئۆزىنىڭ
ئالدىراپ كەتكەنلىكىدىن خىجىل بولغاندەك ئەت-
راپىغا قاراپ قويدى. قىزى خۇددى چوڭ ئايالدەك
دادىسى يەنە كىملەرنىڭ ئۆيىدىن يەرلىك تۇخۇم
تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە
سالدى.

— زەيتۇنخاچامنىڭكىگە چىقتىڭمۇ؟
ئۇلار يەنە قايسى ئۆيلەردىن يەرلىك تۇخۇم
تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشتى. دادى-
سى:

— مەن چىقىپ سۈرۈشتۈرۈپ باقاي، — دەپ
چىقىپ كەتتى. بىرەۋىگۈل خۇددى چوڭ ئايالدەك
مېھماننى پات-پات چايغا تەكلىپ قىلاتتى. ئايال



uyghurkitap.com

بىرەۋگۈل قايناتقان، كىر ۋە ئىس تېتىپ كەتكەن چاينى ئوتلىغانسېرى ئۆينى قاپلىغان ئىس كۆزىگە تەپكەندەك كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى. نان بەك تەملىك ئىدى. ئۇ بۇنداق تەملىك ناننى خېلى ئۇزاقتىن بۇيان يەپ باقمىغان ئىدى. قىز كەم سۆز، تەمكىن ئايال بولۇشنى نىيەت قىلغاندەك قىلاتتى.

دادىسى بىردەمدە بىر يەشىك كۆتۈرۈپ كىردى. يەشىككە بۇرۇن چۈجە قاچىلىغان بولسا كېرەك، ئەتراپلىرىدا چۈجىنىڭ بېشى پاتقۇدەك خېلى جىق تۆشۈك بار ئىدى، ھازىر ئۇ تۆشۈكلەردىن تۇخۇم كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— نەچچە پۇل بولدى؟ — سورىدى ئايال.

— يەرلىك تۇخۇم بولغاچ خەق باھاسىنى كۆتۈرۈۋالدىكەن.

ئۇنىڭ گېپىدىن تۇخۇمنىڭ بىر كويدىن توختىغانلىقىنى بىلدى.

ئۇ مەلۇم قىلغان پۇلنى پۈتۈن سانغا تولۇقلاپ، يەنە ئۈچ يۈز كوي قوشۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئوچۇق ھېساباتىدىن بۇنچىلىك پۇل چىقىم قىلالمايتتى. ئۇ بۇ پۇلنى نەچچە ئايدىن بۇيان خۇپىيانە تېجەپ يىغقان ئىدى. ئۇ بۇ پۇلنى جايىغا تەگكۈزەلىگىنى ئۈچۈن خېلى يېنىكلەپ قالدى.

— جىق بېرىۋەتتىڭىز، — دېدى بىرەۋگۈلنىڭ دادىسى. ئۇ پۇلنى ياندۇرۇۋېتىشكە تىرىشتى. ئامال قىلالماي ئالاقزادە بولۇپ كەتتى.

— خىراجەت قىلارسىلەر، بىرەۋگۈل بىزنىڭكىدە تۇرغاندا جىق غېمىمىزنى يېنىكلەتكەن، شۇڭا بۇ پۇل ئوشۇق كەتمەيدۇ، — دېدى ئايال ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا باھانە تېپىپ بېرىشكە تىرىشىپ، ھەم ئەمەلىيەتمۇ دېگىنىدەك ئىدى.

قىزنىڭ دادىسى ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئايال مۇشۇ پۇرسەتتە تۇيۇقسىز قىزنى يەنە بىر سوراپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى.

قىزنىڭ بۇ ئەھۋالىغا قۇلىقىنى يوپۇرۇپ، ھېچقانداق تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي كېتىشنى كۆڭلى خالىمىدى. ئۇ قىزنىڭ ئۆزلىرىدىن ئايرىلغان چاغدىكى تۇرقىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى قانچىلىك ئارزۇ قىلاتتى-ھە! ئۇ بۇنى ئويلاپ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭچە قىز بۇ ھالىتىدە ئۆتسە ئۇنىڭ ئىستىقبالىدىن قىلچە ئۈمىد يوق ئىدى.

— بىرەۋگۈلنى ئۆزۈمنىڭ قىزىدەك ياقتۇرۇپ قالغانتىم. ئۆزۈم چوڭ قىلىپ ئۇنى مۇۋاپىق تۇرمۇش يولىغا سېلىپ قويسام دەپ ئويلايتتىم. يولدىشىممۇ مۇشۇ قاراشتا. ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى يېشى چوڭايغانسېرى يەنە ئۆستۈرۈپ بەرسەك، بىز بىلەن ئۆتسە، ھەممە ئىشنى ئۆز قىزىمىزدەك ئورۇنلاشتۇرساق، بۇنداق بولسا ئىستىقبالىغىمۇ پايدىسى بولارمىتىكىن دەپ ئويلاشقان ئىدۇق. ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋىتىڭلارغا قىلچە تەسىر يەتكۈزمەيمىز. مېنىڭ دېگىنىم بىرەۋگۈل بۇ يەردە داۋاملىق ياشىسا... — ئۇ قىزنىڭ بۇ يەردىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن چوڭ پەرقلىنىشى ناتايىن بولغان، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ ناچار بولۇشى مۇمكىن بولغان كېيىنكى تۇرمۇشىغا تەسەۋۋۇرىنى دەپ باقماقچى ئىدى. لېكىن شۇملۇق چىللىغان بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن گېپىنى شۇ يەردە يىغىشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ قىزغا بۇنىڭدىن كېيىن بېرىشى مۇمكىن بولغان ئىش ھەققىنىڭ ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئازراق بولسىمۇ ياردىمى تېگىدىغانلىقىنى بولسا، ئۇنىڭ غورۇرىغا تېگىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئېغىزىغا ئالالمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دېيەلىگەن بولسا قانچە ياخشى بولاتتى.

ئۇ ئادەم بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا يالغۇز كۆزى بىلەن يالتىدە قارىدى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم تاق كۆزىدە ئۇنىڭغا تىك قارىشى ئىدى. ئۇ ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ بۇ كۆزىدىن ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

غۇرۇرىنىڭ زەربىگە ئۇچرىغانلىق ئىزناسىنى كۆرۈپ ئازابلىنىپ كەتتى. ئۇ ئادەم قولىدىكى پۇل بىلەن ئايالنىڭ گېپىنىڭ ئالاقىسى باردەك پۇلنى تاشلاپ بېرىشكە تەييار بىر ھالەتتە:

— قىزىمنى ئۆزۈم چوڭ قىلىمەن. ئەتىنىڭ ئىشىنى بىر خۇدا بىلىدۇ، — دېدى. ئۇ ئادەم باشقا ياققا قاراپ، ئىچىدىكى بىر ئاغرىقنى زورى بىلەن بېسىۋاتقاندەك ئاھاڭدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — قىزىمنى بۇنىڭدىن كېيىن بالا بېقىشقا سالمايمەن. ئۇ بۇرۇن بالا باققان ئۆيدىكى ھېلىقى نامەردنىڭ: «مۇشتۇمچىلىك بالىنى بالا باققۇزۇپ سەنمۇ بىر ئەر كىشى بولۇپ قاپسەن» دېگەن گېپى ئېسىمگە كەلسىلا يۈرىكىم ئاغرىيدۇ. مەنمۇ بىر ئەر كىشىدەك ياشاشقا تىرىشىپ باقاي دەيمەن.

ئايال ئۇنىڭ قولىدىكى ئۆزىگە ئۇزىتىشقا تەييار تۇرغان پۇلغا قاراپ، گېپىنىڭ ئۇنىڭغا ئەكس تەسىر قىلغىنىنى ھېس قىلدى. خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتتى. ئۆزىگە ئۇزىتىلغاندەك تۇرغان پۇلنى كۆرمەسكە سالدى. ئايال ئۇنى پۇلنى ئۆزىگە تاشلاپ بېرەرمىكىن دەپ قورقۇپ تۇراتتى. لېكىن بۇ ئادەم ئۇنچە يۈزسىز ئەمەس ئىدى. ئۇلار بىر پەس جىمىپ كەتتى. ئۇ ئادەم ئېغىز ئاچقاندا بولسا، ئۇنىڭ ئاۋازىدا نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان كەم بولۇپ كەلگەن ھېس - تۇيغۇ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغاندى.

— سىزگە كۆپ رەھمەت، بۇنى ئۆزىڭىزنىڭ قىزىدەك ئەتىۋارلاپ ئىزدەپ كەپسىز. ھازىر كىم كىمگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. بىز سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى كۆپ كۆرۈپ كەتتۇق. بىزدىن يانمىسا خۇدادىن يانار.

بۇ ئايالنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ بىر ئادەمگە كونكرېت كۆڭۈل ئىپادىلىگىنىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشى ئىدى. ئايال بۇرۇن ئۇ ھەر قانداق ئادەمدىن نەپرەتلىنەمدۇ نېمە؟ دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى. ئۇ ئايالدىن، ئاندىن ئۇچراتقان ئادەملىرىدىن ئارقا-ئارقىدىن زەربە يېگەچكە شۇنداق بولۇپ قالسا كېرەك، دەپ ئويلىغان ئايال ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئاخىر ئۇنى ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئوڭۇشلۇق چىقالىشىغا ئىشەنچى تۇغۇلغاندەك ياكى ئۇنىڭ قەلبىگە ئازراق يورۇقلۇق چۈشكەندەك ھېس قىلىپ كۆزىگە ياش ئالدى ھەم ئۇ ئادەمنىڭ كۆزىدىن غىل-پال ئەگگەن ياشنى كۆردى. ئاندىن ئۆزىنىڭ خىيالىنىڭ توغرىلىقىنى جەزملەشتۈردى.

— بىرەۋىگۈلنى مەكتەپتە ئوقۇتۇشنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ئاخىرقى تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىپ.

— مەن بۇرۇن بۇنى ئويلاپ باقمىغان، — دېدى ئۇ.

ئايال ئۇنىڭ مىجەزىدىكى بېپەرۋالىقنىڭ يۇمشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— بىرەۋىگۈل بەك ئەقىللىق. ئوقۇماي ئۆتۈپ كەتسە بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ، — دېدى ئايال. ئاندىن ئۇ ئادەمنىڭ تەڭقىسلىقتا قالغاندەك تۇرقىغا قاراپ ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن جىق گەپ قىلىش ئىمكانىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلدى. ھېلىمۇ ئۇ ئاز بولمىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ئىدى.

— سىلەرنى بەك بىسەرەمجان قىلدىم. سىلەرگە كۆپ رەھمەت، داستىخانغا دۇئا قىلىپ بەرسىڭىز بوپتىكەن، — دېدى ئايال. ئۇ بۇ جەم بولۇشتىن بەك رازى بولغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىشقا بالدۇرراق يولغا چىقمىغىنىدىن بەك ئەپسۇسلانىدى.

ئۇ ئادەم ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ بىر مىنۇتتىن ئارتۇق سۈرە ئوقۇپ دۇئا قىلدى. ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن يۈزىنى سىيپىغاندا كۆزى يەنە پارقىرىغاندەك قىلدى.

— بىرەۋىگۈلنى ئېلىپ بىز تەرەپلەرگىمۇ بېرىڭ. سىلەرنى كۆرسەك بىز بەك خۇش بولىمىز، — ئايال شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئاللا خالىسا بارىمىز، — دېدى ئۇ ئادەم.
شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايى ئۇ دەرىجىدە ئىپادىسىز ئەمەس ئىدى. ئايال ھويلىغا چىقىپ قولىنى يەشىككە ئۇزاتقاندا ئۇ ئادەم چاققانلىق بىلەن ئالدىدا ئېلىۋالدى.

— ئۆزۈم كۆتۈرەي، — دېدى ئايال.

ئۇ ئادەم يەشىكنى بەرمەي:

— مەن بېكەتكىچە ئاپىرىپ بېرەي، — دەپلا ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. بىرەۋگۈل دادىسىنىڭ كەينىدىن:

— دادا مەنمۇ بارايمۇ؟ — دەپ توۋلىدى.

— مەن ھازىر كېلىمەن، — دېدى دادىسى.

ئايال بىرەۋگۈلنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى. كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزىگە يەنە ياش كەلدى. ئۇ ئالىقىنى بىلەن قىزنىڭ ئورۇق دۈمبىسىنى، چىگىش چاچلىرىنى، ياغاق-يىرىك يۈزىنى سىلىدى. قىز دادىسىدەك ئىپادىسىز مىجەز بىلەن (ھېچ بولمىغاندا دادىسىنىڭ بۇرۇنقى مىجەزىدە) قاراپ تۇراتتى. ئۇ بۇنى ئېغىر ئالمىدى.

— مەكتەپتە ئوقۇغىڭىز بارمۇ؟

قىز ھەئە دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

— مەن دادىڭىزغا دەپ قوياي، سىزمۇ ئوقۇيمەن دەپ تۇرۇۋېلىڭ.

— ماقۇل، — دېدى قىز. ئۇ بۇ قىزنىڭ يالغان گەپ قىلمايدىغان مىجەزىنى ياخشى كۆرەتتى. يەنە ئۇنىڭ گەپ ئاڭلايدىغان مىجەزىمۇ بار. ئۇ قىزنى مەھكەم قۇچاقلاپ ئۇنىڭ يۈزىگە سۆيدى.

— ئۇكىڭىز سىزگە سالام ئېيتتى.

قىزنىڭ يۈزىگە باللارچە كۈلكە يۈگۈردى. قىز ئۇنىڭ بالىسى ھەققىدە مۇشۇ چاققىچە ھېچ نېمە دېمىگەن ئىدى. ئايال ئۇنىڭ يانچۇقىغا ئون نەچچە كوي پارچە پۇل سېلىپ قويدى.

— ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىڭىزنى ئالارسىز.

— رەھمەت، — دېدى قىز. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە يەنە بىر ئاز خۇشاللىق ئەكس ئەتتى.

ئۇ ئىشىكتىن چىققاندا بىرەۋگۈل ئۇنى يېزىلىقلارنىڭ ئادىتى بويىچە:

— ئۆيگە يەنە كېلەلا، — دەپ ئۇزىتىپ قويدى.

— چوقۇم كېلىمەن، — دېدى ئايال.

(ئاپتور شىنجاڭ يېزا-بازار كارخانىلىرى ئىدارىسىدە)

مۇھەررىر **غېنى مۇھەممەت**




## تاقەتسىزمەن

تاقەتسىزمەن دىدارلىشاي دەپ،
يىراقتىكى دوستلىرىم بىلەن.
تاقەتسىزمەن بىر مۇڭدىشاي دەپ،
يېقىندىكى دىلبىرىم بىلەن.

يىراقتىكى دوستلىرىم كەلدى،
دىدارلاشتۇق تىلەكلەر قاندى.
يېنىمدىكى گۈلۈم كەلمىدى،
يۈرەك-باغرىم ئوت بولۇپ ياندى.

تاقەت قىلاي دەيمەنۇ بىراق،
ئۆگىنەلمىدىم شۇنداق ئادەتنى.
قىسمەت مېنى تاقەتسىز قىلىپ،
بېرىپتىكەن يارغا تاقەتنى.

تىلەر بولدۇم تاقەتسىزلىكىم
ئۆتسىكەن دەپ يارىمغا ئەمدى.
قەدرىم بىلىپ يىغلايتتى بەلكىم،
باغرى تاشمۇ ھالىمغا ئەمدى.

## ئىككىمىز دۇنيا

بىز ئىككىمىز بىر دۇنيا، گۈلۈم،
بۇ دۇنيانىڭ ئىسمى مۇھەببەت.
مۇھەببەتنىڭ يۇقرالىرى بىز،
يۈرىكىمىز تەڭ سوقار ئەبەت.

ھەممە تەلدۈر ئۇشبۇ دۇنيادا،
بۇلبۇللىرى، گۈلى رەناسى.
ئازاب تىغى، ھىجران چۆللىرى،
باردۇر يەنە ۋىسال دەرياسى.

بىز ئىككىمىز دۇنيا ياراتتۇق،
يەتتە ئاشىق تەلمۈرۈپ تۇرغان.
ۋاپادارلىق بېغىغا سالدۇق،
ساداقەتتىن مۇستەھكەم قورغان.

بىز ئىككىمىز بىر دۇنيا، جېنىم،
بۇ دۇنيانىڭ ئىسمى مۇھەببەت.
ھاۋا ئانام كىيلەر گۈل تۇتۇپ،
چىن سۆيگۈدىن ئاچساق يېڭى بەت.

## تاڭ بۇلبۇلى

تاڭدا بۇلبۇل تىنماي سايرىدى،
مۇڭلىرىنى تۆكۈپ گۈللەرگە.
كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتى،
كەتتى ئىسىم ياشلىق كۈنلەرگە.

مۇھەببەتنىڭ ھەر كۈنى باھار،
مەجنۇنۇڭمەن ۋاپا بابىدا.
يۈرىكىمنى باغلارغا تەردىم،
ۋىسالىڭنىڭ ئىشتىياقىدا.

بۇلبۇل بولۇپ ئىشقىڭدا تالاي،
كۆيگەنلىرىم يادىڭدىمۇ يار؟
بوزلاپ سايراپ تۈنلەر ئۇيقۇسىز،
ئۆتكىنىمنى ئەسلەمسەن نىگار؟

تاڭ بۇلبۇلى نالەڭگە بەرداش
بېرەلمىسە تاڭ قالما، ئالەم؛
دۇنيا بىنا بولۇپ كۆرمىگەن،
مۇھەببەتنى بۇنچە ھېچ ئادەم!

## ساڭا يار بولسۇن

بەخت، ئامەت ساڭا يار بولسۇن،
ھەسرەت، پىغان بىر ماڭىلا تەن.
خۇشلۇق ئىزدەپ يۈرمەسمەن بۆلەك،
شادلىقىم شۇ، پەقەت سەن كۈلسەڭ.

يىراقلارغا كەتسەم كېلەرمەن،
مۇھەببىتىڭ ساقلايدۇ مېنى.
يۈرىكىمدە ياشنايدۇ مېھرىڭ،
دىلدا ئۆچمەس ۋاپا گۈلخىنى.

باياۋاننى كېزەي مەن تەنھا،
باغلاردا قال، گۈللەر سايىۋەن.
قەدىرلىشىپ ئۆتەيلى جېنىم،
چۈشكە ئوخشار بۇ ھايات دېگەن.

ياخشىلىقلار يار بولسۇن ساڭا،
بىر جېنىمنى تىكەي غەملەرگە.
مۇھەببەتنىڭ تىكىنىمۇ گۈل،
بىزگە ئوخشاش سۆيۈشكەنلەرگە.

## كېلەر بىر كۈن

كېلەر بىر كۈن، سىنىڭسىز ئۆتكەن،
كاچ يىللىرىم ئۇنتۇلۇپ كېتەر.
كېلەربىر كۈن، چەككەن دەدلىرىم
ئورنىغا مىڭ شادلىق تىكلىنەر.

شۇ كۈنلەرنى كۈتۈپ ياشايمەن،
يۈرىكىمدە تاغلارچە چىدام.
دېرىزەمنى چەكسىمۇ ھىجران،
مۇھەببەتنىڭ ھەر كۈنى بايرام.

كېتەر بىر كۈن ھەسرەت ياشلىرى،
ۋە سېغىنىش ئاسارەتلىرى.
كېلەر بىر كۈن ۋىساللىق ئاخشام،
تەشۋىشلىرىم ھالاۋەتلىرى.

كېلەر بىر كۈن، دىلبەرسىز ئۆتكەن
ھەر مىنۇتنى تولۇقلايدۇ قۇت.
ئاشۇ كۈنلەر كەلگىچە دوستلار،
دېمە: «ئۇنى ئۇنۇتقىن، ئۇنۇت...»

(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق رادىيو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا)

مۇھەممەتجان ئەمەت يارتېكىن

# بىر رىۋايەت

## سەن قەلبىمدە قىلماقچى شىكار

بىلمەن، سىنچىلاپ كۆزۈمگە قاراپ،
سەن مېنىڭ قەلبىمدە قىلماقچى شىكار.
ۋاپايىڭ بولمىسا قەدەم باسماي قوي،
نەپرىتىم كىرپىدەك باغرىڭ قانىتار.

بىلمەن، جىلۋىدە كۆزۈمگە قاراپ،
سەن مېنىڭ قەلبىمدە قىلماقچى شىكار.
ساداقەت بولمىسا سۆز ئاچمايلا قوي،
ئەمەستۇر مۇھەببەت تەۋەككۇل ـ قىمار.

بىلمەن تەلمۈرۈپ، كۆزۈمگە قاراپ،
سەن مېنىڭ قەلبىمدە قىلماقچى شىكار.
ئاچمايمەن قەلبىمنى، كىرگۈزمەسمەن ھەم،
يېلىنىپ، ياش تۆكۈپ تۇرغىنىڭ بىكار.

## مۇھەببەت

مۇھەببەت ھاياتتا گوياكى نەپەس،
سۇمۇرگىن، قەلبىڭگە تولسۇن ئۇ پەۋەس.
ئىرادەڭ تاغ بولسۇن، ساداقىتىڭ تاش،
بولمىسا رىغبىتىڭ قىلمىغىن ھەۋەس.

مۇھەببەت ھاياتتا گوياكى نەپەس،
تۇزان بار، بوران بار، بولغىن ھە م پەخەس.
سۆيگىنىڭ ئادەمدۇر، ئالەمدىن بۈيۈك،
ئۇ جانسىز، سەزگۈسىز قونچىقىڭ ئەمەس.

## يۇلتۇز چىقار، ئايمۇ كۈلەر...

يۇلتۇز كۈلەر، ئايمۇ چىقار، سەن چىقساڭ،
بۇلاقلارغا يوقتۇر ئارام ئاق كېچە.
سەن چىقمىساڭ يارى بارلار كۈلمەسمۇ؟
ئۆتكۈزدى دەپ مېنى يالغۇز-تاق كېچە.

چىرىلدايدۇ چېكەتكىمۇ قۇۋانسا،
شىۋىرلىشار يوپۇرماقلار بوشقىنا.
مەن كاككۇكنىڭ يىغىسىدا ئېرىدىم،
يارىم بىلەن رىزقىمىزنى قوشقىنا.

يۇلتۇز چىقار، ئايمۇ كۈلەر، سەن كۈلسەڭ،
گۈل قېتىدىن شەبنەم يەنە مارايدۇ.
ئاشۇ ئوتلۇق ۋەدىلەردىن يانمايلى،
بۈگۈن ئاخشام بىر رىۋايەت تارايدۇ.

(ئاپتور «شىنجاڭ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

خۇرشىدە ئابلىمىت خۇشدىل

# قار لىرىكىسى

## قار لىرىكىسى

سۇرۇلۇپ بۇلۇتلار كۆلگەندە قۇياش،
بىر گۈزەل مەنزىرە كۆزگە تاشلاندى.
بەھەيۋەت تاغ ئارا قار ھۆسنى تۇتاش،
ھەيرانلىق ئىلكىدە خىيال باشلاندى.

كۆرۈندى قار شۇدەم ئاق پەرى سىياق،
تاشلىدىم قەدەمنى قارلىق تاغ تامان.

ئاق پەرى ھالىتى قىسمەتمۇ، سىناق؟
نە ئۈچۈن تاغ باغرىن ئەتتىكىن ماكان.

ئاق پەرى جىلۋىدە ئەيلىدى بايان:
خان تەڭرى ھەم بۇغدا مېنى زەر قىلدى؛
مەن يەنە قۇت ئىزدەپ بارىمەن قايان؟
ئانا يەر باغرىغا سىڭگەن تەر قىلدى.

## پەرزەنت تىلىكى

جان ئانام مەڭگۈلۈك گۈل بولسا دەيمەن،
خۇشھىدى ھەممىشەم دىماغنى يارغان.
چېھرىدە خۇشاللىق ئويىنىسا دەيمەن،
كۆزىدىن ئەتراپقا نۇر زىيا تامغان.

جىسمىغا بەردەملىك يار بولسا دەيمەن،
ئەجرىدىن شان ـ زەپەر قولىنى بەرگەن.
يولىدا تىكەنلەر ئاز بولسا دەيمەن،
قىسمەتلەر ۋاپانىڭ گۈلىنى تەرگەن.

(ئاپتور ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 52 ـ نومۇردا)

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مۇھەررىرى **ھەزرەتئەلى ئەخەت**

تۇرغۇن مىجىت



# تەتۈرپقان

(ھېكايە)

مەھەللە دوقمۇشىدىكى يوغان ئۈجمە دەرىخى ئاستىغا جايلاشقان دۇكان خېرىدارسىز بويۇن قىسىپ قالغانىدى. مال جاھازىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا جايلاشتۇرۇلغان رەڭسىز تېلېۋىزوردا كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى بېرىلىۋاتاتتى. ئەمما، ھازىر ئۇنى كۆرىدىغان ئادەم يوق، دۇكان ئىگىسى نىياز ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ياغاچ كارىۋاتتا تۇگۈلۈپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

غولىغا ئۈچ ئادەمنىڭ غۇلىچى ئاران يېتىدىغان يوغان ئۈجمە دەرىخىنىڭ شاخ-پۇتاقلىرى بۇ دۇكاننى ئوراپ تۇراتتى.

ئۈجمىنىڭ ئەمدى يېتىلىشكە باشلىغان كۆك پوكانلىرىنى ئاندا-ساندا كېلىپ قالغان ئاق قۇشقاچلار چوقۇلاپ يەرگە چۈشۈرۈپ تۇراتتى.

چىڭقىچۈشتىكى ئوتتەك ئاپتاپ يەر جاھاننى قىزدۇراتتى.

تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كەتكەن نىياز بىر نەرسىدىن ئەنسىرىگەندەك، ئەتراپىغا ئەلەڭ-سەلەڭ قارىدى، تېلېۋىزور قىزىپ كەتكەنىدى.

نىياز ئاستا ئورنىدىن تۇرۇۋېدى، ئەبجەق كارىۋات ھازىرلا چۈۋۈلۈپ، پارە-پارە بولۇپ كېتىدىغاندەك سەت غىچىرلاپ كەتتى. ئۇ كارىۋات بېشىغا ئېلىپ قويغان لۆڭگىنى ئېلىپ تەرلىرىنى سۈرتتى. ئاندىن كالا قۇيرۇقىدا ياسالغان چىۋىن قورۇغۇچنى ئېلىپ، دۇكان ئىچىگە كىرىۋالغان چىۋىنلەرنى قوغلاشقا باشلىدى، چىۋىنلەر بىردەمدە كۆزدىن غايىب بولۇشتى.

مال جاھازىسىغا ئەرزان باھالىق تەييار يېمەكلىك، سەرەڭگە، سوپۇن، ھەر خىل قۇۋۇەت تال-

قانلىرى، ئەرزان باھالىق گاز سۇيى، كولا ۋە باللار ئويۇنچۇقلىرى، گازىر-پۇرچاق دېگەندەك نەرسىلەر تىزىلغانىدى. بىر بۇلۇڭدا يەنە ئانچە داڭلىق بولمىغان قاپلىق تاماكىلارمۇ بار ئىدى، ئىلگىرى ئۇ ھاراقمۇ ساتقانىدى. كېيىن مەھەللىدىكى ئاقساقاللار ئۇنى ئەيىبلەپ ئارام تاپقۇزمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھاراقلارنى يوشۇرۇن سېتىۋەردى. دېگەن بىلەن ھاراقنىڭ پايدىسى ياخشى، خېرىدارى كۆپ ئىدى. ياشلار ئاۋۇ 15 يۇەنلىك قۇۋۋەت تالقانلىرىنى قىممەت كۆرۈپ ئالمىغان بىلەن ھاراققا كەلگەندە ئىككىلەنمەي پۇل سانىشىدۇ. ھاراق دېگەن بېخىلنىمۇ سېخىي قىلىۋېتىدىغان نەرسە، گاھىدا دۇكانغا چاپلاپ سېلىنغان دېرىزىسىز ماۋۇ قازناق ئۆيدە لىققىدە ئولتۇرۇپ ئىچىشىدىغانلارمۇ چىقىپ تۇرىدۇ.

ھازىر دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلى بولغاچقا، دۇكان ئالدىغا يىغىلىپ ئولتۇرۇپ پاراڭ قىلىشىدىغانلارمۇ يوق. ھەممە ئادەم ئېتىزدا. دېھقانغا نان بېرىدىغىنى يەر بولغاچقا، كىشىلەر يەرگە ئىشلەيدىغان بولۇپ كەتتى. ھەممە ئادەم يەر... يەرلا دەيدۇ.

توۋا، بىر چاغدا نىيازنىڭمۇ ئون مودىن ئارتۇق يېرى بار ئىدى. بىر چاغلاردا كىشىلەر يەردىن زېرىكىدىغان بولۇپ كەتتى. نىيازمۇ ئازراقلا ئوزۇقلۇق يېرى قالدۇرۇپ قالغىنىنى قايتۇرۇۋەتتى. تېخى مەھەللە كومىتېتىدىن يەرلىرىنى قايتۇرۇۋالغىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالغاندا نىياز تېخى بىر مۇنچە جېدەللەشتى.

— يەرنى ساقلاپ قالساڭ بولاتتى، بالام، — دېدى قوشنىسى پازىل ئاتا، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، — يەر دېگەن ئالتۇن قوزۇق، ئۇ داۋاملىق بۇنداق خار بولۇۋەرمەيدۇ.

— تويدۇم، — دېدى نىياز تەرسالىق قىلىپ، — يەر تاتىلىمايمۇ جاننى گۆلدەك باققىلى بولىدۇ.

— جاننىغۇ قۇرت-قوڭغۇزمۇ باقىدۇ، يەر دېگەن باشقا گەپ.

— قېنى، يەرنىڭ بەرىكىتى؟

— ھەممەت ياغقاندا بەرىكەتمۇ ياغىدۇ، بالام.

— قۇم چېچەكلىگەندىما؟

— ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت دەپتىكەن، يەرگىمۇ نۆۋەت كېلىدۇ.

— بولدىلا، زامان ئاخىرىغىچە ساقلىمايمەن. ياخشىسى جاننى قىينىمايدىغانراق بىر ئىش قىلارمەن.

— كېيىن پۇشايمان قىلىسەن بالام. ئۇ چاغدا بېشىڭنى تاشقا ئۇرساڭمۇ بىكار.

— ھەرگىز يەر دېمەيمەن.

نىياز بېشىنى ئېچىگە تىقىپ، ئۈن-تىنسىز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. بوۋاي خورسىنغان ھالدا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى.

ئاردىن نەچچە يىل ئۆتە-ئۆتمەي يەر ئۆزىنىڭ «ئالتۇن قوزۇق» ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. يېرى جىقلار باي بولدى. يېرى يوق، يېرى ئازلار يېرى جىقلارغا ئىشلەيدىغان بولدى.

نىياز ھەقىقەتەن پۇشايمان قىلدى. مول ھوسۇل مەزگىلىدە ئۇ كىشىلەرنىڭ قوللىرىدىكى تۇتام-تۇتام پۇللارنى كۆرۈپ تۇرالماي قالدى، ئىچى ئېچىشتى، قايتۇرۇۋەتكەن يەرلىرى ئۇچۇن ئۆكۈندى.

نىياز ئىلاجسىز مەھەللە دوقمۇشىغا مۇشۇ دۇكاننى ئېچىۋالدى. ھەرھالدا يوقتىن ياخشى. يەر تېرىغانلاردەك پۇل تاپالمىسىمۇ، بىر ئۆينىڭ خىراجىتىنى قامداپ كېلىۋاتاتتى.

نىياز تولا كۆرۈپ مەززىسى قالمىغان تېلېۋىزىيە فىلىمىدىن زېرىكىپ تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتتى. مال جاھازىسىدىكى ماللارنى توپا بېسىپ قالغانىدى. نېمە ئامال، سەھرا دېگەن شۇ. ھەممىلا يەردىن پۇرقىراپ توپا ئۆرلەپ تۇرىدۇ.

ئۇ بىر ھازا ھەپىلىشىپ ماللارنىڭ ئۈستىدىكى نېپىز بىر قەۋەت چاڭلارنى تازىلىۋەتتى. سەل قالايمىقان بولۇپ قالغان ماللارنى جاي-جايغا كەلتۈرۈپ رەتلىدى. ئەمدى دۇكان ئىچى سەل ئازادىلىشىپ قالغاندەك بولدى، نىيازنىڭمۇ روھى

كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىشقا باشلىدى. ئايالى باشقىلارغا ئىشلىشىپ بېرىش ئۈچۈن ئەتىگەندىلا ئېتىزغا چىقىپ كەتكەن، قىزى مەكتەپكە ماڭغانىدى.

ئۇ تەييار چۆپتىن بىرنى چىلاپ ئىچمەكچى بولدى. ئەمما كۆزى قىيمىدى، سودىسىنىڭ تايىنى يوق مۇشۇنداق چاغدا بىر قاپ چۆپنى يەۋەتسە قىپقىزىل زىيان چىقاتتى. پۇل دېگەننى چىڭ تۇرغاندىلا ئاندىن تاپقىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ.

نىياز ئىختىيارسىز ئۈجمىنىڭ ئۇچىغا قاراپ قويدى. ناۋادا ئۈجمە پىشقان بولسىمۇ قورساق خېلى ئارام تېپىپ قالاتتى، ئۇ چاغدا دۇكان ئالدىمۇ ئاۋاتلىشىپ قالاتتى.

نىياز بۇلۇڭدىكى شىرەنىڭ تارتمىسىدىن قېتىپ كەتكەن بىر پارچە ناننى ئالدى ۋە مۇڭگۈزدەك چىڭ چىشلىرى بىلەن غاراسلىتىپ چايناپ بىردەمدىلا يەۋەتتى، ئاندىن بىر ئىستاكان قايناق سۇ ئىچتى، ئاشقازىنىمۇ خېلىلا ئارام تېپىپ قالدى.

— شۈكرى، — دېدى ئۇ ئىچىدە پىچىرلاپ، — كەمبەغەلنىڭ بىر تويغىنى بىر باي بولغىنى دەپتىكەن، شۈكرى.

ئۇ خىيال قىلىشقا باشلىدى. توۋا، گاھىلار ئېسىل تائام يەپ ئېسىل شارابلارنى ئىچىدىكەن، شۇلارنىڭمۇ قورسىقى تويىدىكەن. ماڭا ئوخشاش قاتتىق نان بىلەن داغ سۇ ئىچسىمۇ قورساق تويىدىكەن، يا ئۇلار ئۇچۇپ ئاسمانغا چىقىپ، مەندەكلەر يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتمەيدىكەنمىز...

نىيازنىڭ خىيالى ئاخىرلاشماي تۇرۇپ خومارى تۇتۇپ كەتتى. ئۇ دۇكاننىڭ بۇلۇڭدىكى لاقا-لۇقىلار ئارىسىدىن بىر كىچىك سۇلياۋ خالتىنى سۇغۇرۇۋالدى.

مەھەللە خۇددى ئادەمسىز قالغاندەك جىمىپ كەتكەنىدى. ئېتىزدىكىلەر ئىش بىلەن ئالدىراش، ئۆيدە قالغان ئاقساق-چولاقلار قىزىلگۈل ئېچىلىدىغان مەزگىلدىكى شېرىن پۇراقتا غەرق بولغانىدى.

نىياز قازناق ئۆيگە كىرىپ كېتىپ خېلى ئۇزاقتا چىقتى.

ئۇ قايتىپ چىققاندا كۆزلىرى خۇمارلىشىپ يۈزلىرىدە كۈلكە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ دۇكاننىڭ دېرىزىسى يېنىغا كېلىپ، مەھەللە يولىغا قاراپ ئولتۇرۇپ يەنە ئۆزىنىڭ ئېگىز-پەس خىياللىرىنى داۋاملاشتۇردى. ئادەملەر دۇنيادا نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ؟ مەن نېمە ئۈچۈن ياشايمەن؟ دادامنى ئۆلدى دەپ كۆمۈۋېتىشتى. ئۇ راستلا ئۆلگەن بولغىيمىدى؟ ئادەم ئۆلسە قانداق بولىدىغاندۇ؟ ئۆلگەندىن كېيىن نەگە بارار؟ مەن ئۆلسەم مېنى كىم كۆمۈپ قويار؟ خەق ئارقامدىن يامان گېپىمنى قىلىپ تىللارمۇ؟ مەنغۇ ئانچە يامان ئادەممۇ ئەمەس. بىراق مېنىڭ يېرىم يوق. «يەر ئالتۇن قوزۇق» پازىلكام شۇنداق دېگەن. يېرى يوق دېھقان نېمىگە ئوخشايدۇ؟ بوپتۇ، پۇل تاپقاندا شەھەرگە كىرىپ تاللا بازىرى ئاچىمەن، كىچىك ماشىنا ئالىمەن. ئۇ چاغلاردا تۇرانقىز قېرىپ سەتلىشىپ كېتەر. چىرايلىق قىزدىن بىرنى تېپىۋالسام... بۈگۈن ئەجەب سودا قىلغىلى ئادەم كەلمەيدىغۇ؟ «بازىرى كاسات سودىگەردىن ئايىغى چاققان ئابدال ياخشى» دېگەنمۇ راستكەن جۇمۇ. خەپ...

— خىيالغا پېتىپ قاپتىمىزغۇ نىياز قارىي؟

نىياز ئېسىگە كېلىپ، دۇكان ئىشىكىدە تۇرغان سەلەي مەزىننى كۆردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاۋۋال مەزىننىڭ ئۇنۇمسىز يەرنىڭ قوناقلىرىدەك شالاڭ ساقىلىغا، ئاندىن چېچەك ئىزلىرى قاپلىغان قارامتۇل يۈزىگە تىكىلدى.

ئۇ مەزىننىڭ بىر نەرسە ئالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرمىدى.

— سودا يوق ئوخشىمامدۇ؟ — مەزىن يەنە سورىدى.

— سودا يوق.

— ئىش ۋاقتى ئەمەسمۇ.

— شۇنداق.

— مەسچىتكە ئەزەن توۋلىغىلى ماڭغان ئىدىم، — دېدى مەزىن ئەمما ئورنىدىن قوزغالمىدى.

— كىچىكىپ قالدىمۇ نېمە؟ — نىياز مۇنداقلا سوراپ قويدى.

— ياق كېچىكمەيمەن. ھازىر كۈن ئۇزىراپ قالغاچقا نامازنى سەل ئارقىغا سۈرۈپراق ئوقۇيدىغان گەپ.

— ھە، مۇنداق دېسىلە.

مەزىن بىردەم تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن قوزغالدى.

— ئەمىسە مەن ماڭاي.

— خوش ئاخۇنۇم.

مەزىن ماڭدى. ئەمما ئۇدۇل يولغا ماڭماي ئايلىنىپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى.

— نىياز قارىي، ھېلىقى لۈم-لۈم كەمپۈتۈڭدىن بىرەر چاڭگال بەرمەمسەن، سوداڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىپ قويىمەن.

نىيازنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

— نەۋرىلىرىم شۇ خىل كەمپۈتكە ئۆگىنىپ قاپتۇ دېگىنە، تولا غەلۋە قىلىپ ئارامىمنى قويمىدى.

— ھازىر ئۇ كەمپۈتلەرنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كەتتى، مەزىنئاخۇنۇم. بىكارغا بەرسەم قاملاشماس؟

— بىكارغا دېگىنىنى، بىرەر چاڭگالغا قانچىلىك بىر نېمە كېتەتتى، سوداڭ بەرىكەت تاپىدۇ دەيمەن.

— بەرىكەت؟

— شۇنداق، بەرىكەت. «سۇدا يەر كۆكىرەر، دۇئادا ئەر» دېگەننى ئاڭلىغان بولغىيتتىڭ؟

— مەزىناخۇنۇم؟

— ھە.

— ئېسىمدە قېلىشىچە ئىككى ئاي ئىلگىرى دۇئا قىلىپ قوياي دەپ بىر قاپ تۇز ئالغان ئىدىلە، تېخىچە دۇئا قىلمىدىلا جۇمۇ.

— نېمە دەيدىغانسەن، شۇ چاغدىلا دۇئا قىلغانمەن.

— ئەمىسە مەن كۆرمىدىمغۇ؟

— ساڭا كۆرسىتىپ قىلامتىم؟

— ماڭا كۆرسىتىپ قىلمىسىلا ئۇ دۇئالىرى باشقا ئادەمگە تېگىپ كەتمەمدۇ؟

— ياق، سېنىڭ ئىسمىڭنى ئاتاپ قىلغانمەن.

نىياز گۇمان بىلەن مەزىننىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— ئىشەنمەيۋاتقىنىنى، — مەزىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى، — مەن ساڭا ئوخشاش گىرى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ھازىر كاندىدات ئىمام. پات ئارىدا ئىماملىق كىنىشكام چىقىدۇ. ئۇ چاغدا...

نىياز ئامالسىز ئىككى يېنىغا تولغىنىپ قويدى.

— تېخى ئىرىم قىلمىدىم، شۇڭا...

— بەرمەيمەن دە؟

نىياز يەرگە قاراپ جىم تۇرۇۋالدى.

— بوپتۇ، سېنىڭغۇ ئەزەلدىن كۆزۈڭ كىچىك، پىخسىق بىر نېمە. شۇڭىمۇ بىر نېنىڭ ئىككى بولماي ئۆتۈپ كېتىسەن.

ماۋۇ ئادەم قارغاپ قويۇپ، سودام تېخىمۇ كاساتلىشىپ كېتەمدۇ-نېمە؟ نىياز قورقۇپ قالدى.

— ھوي ئاخۇنۇم!

خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن مەزىن دەرھال توختاپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

— ھە، نېمە دەيسەن؟

— سىلىگە كەمپۈت بېرەي.

مەزىن پايپاسلاپ قايتىپ كەلدى.

— ياخشى ئادەمنىڭ بالىۋاقىسى - دە، سەن.

— بايا ئەسكى دېدىلىغۇ؟

— ئۇ دېگەن كۆڭلۈمدىكى گەپ ئەمەس.

— مانا، ئالسىلا.

نىياز يەشكىتىن بىر چاڭگال كەمپۈت

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ مەزىنگە تۇتقازدى.

— بۇ قېتىم راستلا دۇئا قىلىسىلا- ھە.

— خاتىرجەم بول.

مەزىن كەمپۇتنى يانچۇقىغا سېلىپ يولىغا راۋان بولدى.

مەزىن كەتكەندىن كېيىن، دۇكان ئالدى يەنە جىمىپ قالدى. قاراپ تۇرۇپ بىر ئوچۇم كەمپۇتتىن زىيان تارتقان نىيازنىڭ قورسىقى كۆپتى. ئەمما نىياز نېمە ئۈچۈنكىن سەلەي مەزىندىن قورقاتتى، ئۇنىڭ ئادەمگە قارىغاندىكى نەزىرىمۇ باشقىچە، ئىشقىلىپ ئۇنىڭدا بىر سۈر بار دەپ ئويلايتتى.

نىياز جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئەمدى ئۇنىڭغا خىيالمۇ خۇشياقماي قالغانىدى. ئۇ تېلېۋىزورنى ئېچىپ باقتى. تېلېۋىزوردا يەنىلا ھېلىقى كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى بېرىلىۋاتاتتى، شۇڭا دەرھال ئۆچۈرۈۋەتتى. تارتمىدىن كىچىك رادىيونى ئېلىپ ئاچتى، رادىيودا خەۋەر بېرىلىۋاتاتتى. نىياز خەۋەرگە قۇلاق سالدى.

بىر كەمدە يولدىن بىر كىملەرنىڭ پارىڭى ئاڭلاندى. نىياز دېرىزىدىن بويۇنداپ قاراپ، كەنت ساقچىسى نۇرمەمەت بىلەن يەنە ئىككى ئادەمنى كۆردى. ئۇلار دۇكانغا قاراپ كېلىۋاتاتتى، نىيازدا ئۈمىد پەيدا بولدى، ئۇلار چوقۇم بىر نەرسە سېتىۋالغىلى كەلدى.

دېگەندەك ئۇلار دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاشتى.

— بارمۇ سەن ھوي، نىياز لوبەن؟ — دېدى نۇرمەمەت نىيازنى ئەتەي كۆپتۈرۈپ.

— بولماي نەگە باراتتۇق. ھەرقايسىلىرىنىڭ خىزمىتىگە قاراپ تۇردۇق شۇ.

ئىككىيلەن بىر قۇتىدىن گازلىق سۇ ئالدى. نۇرمەمەت بىر قاپ تاماكا ئالدى.

— ئوقىتىڭ قانداقراق؟ — دېدى نۇرمەمەت بىر تال تاماكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ تۇتاشتۇرغاچ.

— سودا يوق.

— نېمىشقا؟

— ھەممە ئادەم ئېتىزدا، مەھەللىدە ئادەم يوق. يەنە كېلىپ ھازىر دېگەن سېرىقتال مەزگىلى ئەمەسمۇ.

— ئاخشام- كەچلىرىچۇ؟

نىياز ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ قالدى.

— سەندىن بىر نەرسىنى سوراپ باقاي، — نۇرمەمەت رەسمىي ساقچىلاردەك نىيازنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاخشاملىرى دۇكىنىڭدا قىمار ئوينايدىكەن دەيدۇ، راستما؟

نىياز دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى.

— يالغان، كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— بۇنى ساڭا دېمەيمەن.

— تۆھمەت.

— يەنە تېخى نەشە چېكىشىدىكەنسىلەر.

— يا... ياق... ئۇنداق ئىش يوق.

نىيازنى تەر بېسىپ كەتتى.

— ئەگەر مەن دېگەن ئىشلار راست بولۇپ قالسا دۇكىنىڭنى تاقىۋېتىمەن.

نىيازنىڭ قويۇق چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي نۇرمەمەتنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى.

— سەنمۇ ھەيۋە قىلىپ سەلەي مەزىندەك مېنى قاقتى- سوقتى قىلاي دەمسەن؟

— كىم سېنى قاقتى- سوقتى قىلىمەن دەپتۇ، مەن پەقەت سەندىن ئەھۋال ئىگىلىۋاتىمەن.

— ئەمىسە نېمىدەپ دۇكاننى تاقايمەن دەيسەن؟

— دۇكىنىڭدا قانۇنسىز ئىش قىلساڭ راستلا تاقايمەن.

— ھەددىڭ ئەمەس.

— نېمە دېسەڭ مەيلى. ئەمما دىققەت قىل، قۇيرۇقۇڭنى تۇتۇۋالسام ھالىڭ چاتاق.

نىياز پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تۇرالماي قالدى. نۇرمەمەت كېتىپ قالغان بولسىمۇ، بىر

ئەنسىزچىلىك ئۇنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغانىدى.

ئۇ ئىشنى ئەمدى قىلماي، دەپ ئويلىدى نىياز. ئەمما نېمىدەپ بىر ئوبدان پايدىدىن قۇرۇق قالغۇدەكمەن؟ مەھەللىدىكى باللار ئارىلاپ كېلىپ ئويناپلى دەپ تۇرۇۋالسا، ياق دېگىلى بولاتتىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىكىلگەن پۇللار ئاينىپ قالسا بىر-ئىككى يۈز يۈەن چوتار ئالىدىغان گەپ. باللارمۇ قۇرۇق ئولتۇرمايدۇ. بىر-ئىككى شىشە ھاراق، بىرەر يەشىك پىۋا، يەنە باشقا پارچە-پۇرات يېمەكلىكلەرنىمۇ سېتىۋالىدۇ. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى پۇل تاپىدىغان ئىش. خەپ نۇرمەمەت، بۇلارغا چات كىرىپ نېمە قىلارسەن. بىر مەھەللىلىك ئىكەنلىكىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ، كۆرسەڭمۇ كۆرمەسكە سېلىپ يۈرۈۋەرسەڭ بولمىدىمۇ. ھەي... جان باقماق ئەجەب تەسكىنا.

بايا چەككەن تاماكا ۋە نۇرمەمەتنىڭ تەشۋىشلىك گەپلىرى قېتىلىپ ئۇنىڭ كاللىسىنى تېخىمۇ قايدۇرۇۋەتتى. نىياز سەنتۇرۇلۇپ بېرىپ ئەبجەق كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. كارىۋات خۇددى ھازىرلا چۇل-چۇل بولۇپ كېتىدىغاندەك سەت غىچىرلاپ كەتتى.

ئۆجمىنىڭ ئالدى پىششىقا باشلىغانىدى. ئۇششاق باللارغا بوپ بەردى. قۇشقاچتەك ئۆجمىنىڭ شاخلىرىغا قونۇۋېلىپ چۇرقىرىشىپ يايراپ ئۆجمە يەيدۇ. بىر تەرەپتىن نىياز قويغان تېلېۋىزورنىڭ يۇقىرى ئاۋازى، يەنە بىر تەرەپتىن باللارنىڭ ۋاڭ-چۇڭلىرى قېتىلىپ دۇكان ئالدى ئاجايىپ جانلىنىپ كەتكەنىدى.

ئۇ ئەمدى ئۇنداق ئېزىلىپ ئۇخلىمايدىغان بولدى. ئېتىز ئىشلىرىمۇ سەل سېلىككەن، كىشىلەر بىر-ئىككىدىن دۇكان ئالدىغا كېلىپ يىغىلىپ ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشىدىغان بولۇشتى. تېخى كەچ بولغاندا بىر توپ ئاياللارمۇ دۇكان ئالدىغا يىغىلىپ، گازىر-پۇرچاق چېقىشقاچ پاراڭغا چۈشىدۇ. ھازىر دۇكاننىڭ سودىسى كۈنلۈكى 50-60 يۈەندىن چۈشۈپ كەتمەيدىغان بولدى. تېخى كۈز كېلىپ، دېھقانلارنىڭ قولىغا پۇل كىرگەندە سودا بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئوبدان بولۇشى مۇمكىن.

نىيازنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. ئەگەر سودىسى مۇشۇنداق يۈرۈشۈپ بەرسە يەنە ئىككى-ئۈچ يىلدا شەھەرگە كىرىپ تاللا بازىرى ئاچقۇدەك پۇل تاپالىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ماۋۇ سەلەي ئىمامدەك (ھازىر ئۇ كىنىشكىسى بار ئىمام بولغانىدى) ئادەملەردىن، نۇرمەمەتتەك تىمىسقىلاپ قۇسۇر ئىزدەيدىغانلاردىن قۇتۇلۇپ، ئارامخۇدا ياشايدۇ. تېخى كىچىك ماشىنا، بىنادا ئۆيى بولىدۇ. ئاھ، شەھەر!

ئاق ئۆجمە بارغانسېرى ۋايىغا يېتىپ پىششىقا باشلىدى.

نىيازمۇ ھېچقانچە جاپا تارتمايلا ئالدىغا چۈشكەن ئۆجمىلەرنى تېرىپ يېيەلەيدىغان بولدى. ئاخشام مەھەللىدىكى تۆت-بەش بالا قازناق ئۆيدە تاڭ ئاتقۇچە ھاراق ئىچىپ، قىمار ئويناپ چىققان ئىدى. نىياز ساتقان نەرسىلەردىن بۆلەك 300 يۈەن چوتارغا ئىگە بولۇپ، گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. بىر كېچىدە 300 يۈەن تېپىش نېمىدېگەن قالتىس ئىش-ھە؟ يەنە كېلىپ بۇنداق ئامەت كۈندە كەلمەيدۇ. بىر كېچە ئۇخلىمىغانغا قارىماي نىيازنىڭ روھى شۇنچە كۆتۈرەڭگۈ. پۇل تېپىش كېرەك، توختىماي پۇل تېپىش كېرەك، شۇندىلا ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يېتەلەيدۇ.

بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا مەھەللىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يېزا بازىرىغا كەتكەن بولۇپ، دۇكان ئالدى چۆلدەرەپ قالغانىدى. قورسىقىنى توقلىۋالغان نىيازنىڭ خۇمارى تۇتتۇشقا باشلىدى. ئۇ بۇلۇڭدىكى لاقا-لۇقىلار ئارىسىدىن بىر سولياۋ خالتىنى ئېلىپ ئالدىراپ قازناق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. خالتىدا ئازراق كۆك تاماكا ۋە تۇخۇمدەك نەشە بار ئىدى. ئۇ نەشىنى چىمدىپ ئۈزۈپ، بۇغدايدەك-بۇغدايدەك قىلىپ ئۇۋۇلاشقا

باشلىدى. ئاندىن كۆك تاماكىغا ئارىلاشتۇرۇپ چىلىم قاپقىغا باستى. ئاندىن چىلىمغا ئوت يېقىپ كۈچەپ شوراشقا باشلىدى. ھەر شورىغاندا قاپاق سەيخانىسىدىن لوپ-لوپ قىلىپ يالقۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. نىياز ئۆپكىسى كېڭىيىپ قالغاندەك، بەدىنىنى قۇشلاردەك يەڭگىل ھېس قىلدى. كاللىسىمۇ سۈزۈك ئاسماندەك ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئارقا-ئارقىدىن نەچچە قاپاق چېكىۋەتتى. چەككەنسېرى چەككۈسى كەلدى. ئۇ قازناق ئۆيدىن خېلى ئۇزاقتا قايتىپ چىقتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قاپاقلىرى ساڭگىلاپ، كۆزلىرى كەچ كۈزدىكى سۇ يۈزىدە قاتقان نېپىز مۇزدەك پارقىراپ قالغانىدى. نىياز سەل جىق چېكىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى. تاماكىنىڭ كەيپى ھە دېگەندىلا تۇتۇۋاتاتتى، ئۇ دەلدەڭشىپ بېرىپ كارىۋاتقا ئولتۇرۇۋالدى.

نىياز تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ، دۇكان ئىچىگە ئەلەڭ-سەلەڭ قارىدى. تۇۋا، ماۋۇ مال جاھازىسى سىڭايان تۇرامدۇ-نېمە؟ ئۇ ئىلگىرى بۇنى ئەجەب بايقىماپتا، تېخى ئاۋۇ بۇلۇڭدا ئۆمۈچۈك تورلىرى ساڭگىلىشىپ كېتىپتۇ. يوغان بىر چىۋىنمۇ بىر نەرسىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تىركەشكىلى تۇرۇپتۇ. دېرىزە... دېرىزە... ماۋۇ دېرىزە بارغانسېرى يوغىناپ كېتىۋاتىدا.

نىياز ئۆزىنى بارغانسېرى پەسلەپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. يەر ئويۇلۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇ يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كېتىشتىن قورقتى. دادىسى، بۇرۇنقى كەنت مۇدىرى، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇنداق يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتمىدىمۇ. يەرنىڭ تېگى ئاجايىپ قاراڭغۇ ۋە زەي، ئاجايىپ قورقۇنچلۇق. مۇبادا نىياز كىرىپ كەتسە زادىلا قايتىپ چىقالمايدۇ. ئۇ يەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇشى كېرەك. كېچە بولمايدىغان شەھەردە تاللا بازىرى ئېچىشى كېرەك...

نىياز تۇرۇپ كېتىشنى ئويلىدى. ئەمما پۇت-قولى ئۆزىگە بويسۇنمايۋاتاتتى. ئۇ بارلىق كۈچىنى يىغىپ، ناھايىتى تەستە ئورنىدىن تۇردى. توغرا، ئاۋۇ دېرىزە ئالدىدىكى ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇراي، ئۇنى يېڭىدىن سېتىۋالغان، يەرگىمۇ پېتىپ كەتمەيدۇ. ئۇ دەلدەڭشىپ بېرىپ ئاران دېگەندە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋالدى. قۇياش دېرىزە بېشىدا ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۈجمە شاخلىرى ئۇنىڭغا يامىشىۋالغانىدى، دۇكان خۇددى قولۇۋاقتەك چايقىلىپ تۇراتتى.

نىياز تۇيۇقسىز ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان بىر گەۋدىنى كۆردى. ئۇ گەۋدە مەست ئادەمدەك بىر ئېگىز، بىر پەس دەسسەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ گەۋدە نىيازغا يېقىن كەلدى. نىيازغا بىر نېمىلەرنى دېدى، ئەمما نىياز ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىيالمىدى. نىياز ئاغزى مىدىرلاۋاتقان ئۇ ئادەمگە قارىدى. نۇرمەمەت... بۇ كەنت ساقچىسى نۇرمەمەت ئىدى. ئۇ نېمىگە كەلگەندۇ؟ ئاخشامقى ئىشنى بىلىپ قالدىمۇ-يا؟ ئۇنداق بولسا چاتاق، چوتار ئالغان 300 يۈەندىنمۇ قۇرۇق قالىمەن. ئەنە، ئۇنىڭ ئاغزى مىدىرلاۋاتىدۇ. ناھايىتى پەس ئاۋازدا سۆزلەۋاتقان بولسا كېرەك. شۇڭا مەن ئاڭلىيالمىدىم، قارىغاندا ئۇ مەندىن ئاخشام قىمار ئوينىغانلارنىڭ كىملىكىنى سوراۋاتقاندەك قىلىدۇ. كىملەر ئوينىغان؟ ئەركىن، ئابدۇسالام، سەمەت، قۇۋان، يەنە ئېلى شاداپاچاقمۇ بار. توغرا، ھەممىسى مۇشۇ. بىراق بۇنى نۇرمەمەتكە دەپ بەرمەيمەن. نېمىشقا دېگۈدەكمەن. ئۇ ياكى رەسمىي ساقچى بولمىسا، توغرا، نۇرمەمەت دېگەن يالغان ساقچى، ئۇنىڭدىن قورقمايمەن. ئۇنىڭ ئاغزى يەنە مىدىرلاۋاتىدىغۇ؟ ھە... ھە... ئۇ مېنىڭ نەشە چەككەنلىكىمنى بىلىپ قالغان گەپ. ئۇ مەندىن نەشە چەكتىڭمۇ؟ كىم بىلەن چەكتىڭ، نەشىنى كىمدىن سېتىۋالدىڭ دەپ سوراۋاتىدۇ. چەكتىم شۇ، كىم بىلەن چېكەتتىم، ئۆزۈم يالغۇز چەكتىم. نەشىنى تاغارچىدىكى تۇردى جىلپاقتىن ئالدىم. بىراق، بۇلارنى ساڭا دەپ بەرمەيمەن. نېمەدەپ دەپ بەرگۈدەكمەن.

www.uyghurkitap.com

ھەي نۇرمەمەت، ھەي نۇرمەمەت. بۇ يۇرتتا مەندىن باشقا يامان ئىش قىلىدىغان ئادەم يوقمۇ - ھە؟ ئاۋۇ شېرىپ تاز دېگەن ئالا گەدەن باي ساقىباينىڭ خوتۇنى بىلەن تۇتۇلۇپ قالدى. ساقىباي ئۈچ بالىنىڭ كۆزىگىمۇ قارىماي ئايالىنى قويۇۋەتتى. ماۋۇ سەلەي ئىمام دېگەن چېچەك يۈز ئوغرىمۇ ئىماملىقنى پەش قىلىپ، بىكارغا نەرسە سورايدۇ، بەرمىسەم قارغايمەن دەپ قورقۇتىدۇ...

نىياز يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ نۇرمەمەتكە قارىدى. نۇرمەمەتنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ ھاڭۋېقىپ قالغانىدى. نىياز ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ مىدىرلاشتىن توختىغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىدە خۇش بولدى.

— بېشىمدا بۇنداق قادىلىپ تۇرۇۋالما، جېنىم نۇرمەمەت. ئىچەمسەن، چېكەمسەن خالىغىنىڭنى ئال. سەندىن پۇل ئالماي، ساڭا قىلغان خۇشامىتىم بولۇپ قالسۇن. فورماڭ بولمىسىمۇ سەن بىر ساقچى. راستلا ساقچى. ئەمدىغۇ بولغاندۇ؟ مېنى ئارامىمدا قوي، ماڭا يېپىشۋالما، تۆۋەن مەھەللىدىكى بەكرى قويچىنىڭ تۆت تۇياق قويىنى ئوغرى ئاپتۇ دەيدۇ، بېرىپ شۇ ئوغرىنى تاپقىن.

قۇياش دېرىزىنىڭ بېشىدىلا ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇچمە شاخلىرى ئۇنىڭغا مەھكەم چىرمىشىۋالغانىدى.

كۆپ خىيال قىلغاچقىمۇ، نىيازنىڭ بېشى موتوردەك قىزىپ كەتكەنىدى، كۆزلىرىنىمۇ ئاپتاپ چېقىپ ئاچالمايلا قالدى، ئۇ قاتتىق چاڭقاپ كەتكەنىدى.

— سۇ... ھەي تۇرانقىز، بىر نوگاي سۇ بەرگىنە، ئۇسساپ ئۆلەي دېدىم.

ئۇنىڭ يېنىدا تۇرانقىز يوق ئىدى، نۇرمەمەتمۇ جىمجىتلا كېتىپ قالغانىدى.

نىيازنى شېرىن بىر ئۇيقۇ باستى. ئۇ بېشىنى دېرىزىنىڭ گىرۋىكىگە قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى چۈش پېشىنگە يېقىن دۇكان ئالدىغا بىر ساقچى ماشىنىسى كېلىپ توختىدى. خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرغان نىيازنىڭ يۈرىكى «جىغ» غىدە قىلىپ قالدى، ئاڭغىچە ماشىنىدىن نۇرمەمەت يەنە ئىككى ساقچى چۈشتى.

نىيازنىڭ كۆڭلى بىر بالا-قازانى سېزىپ، يۈرىكى مۇزلاپ كەتتى، چىرايىمۇ تاتىرىپ كەتتى.

نۇرمەمەت ئۇدۇللا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— قانداق، نىياز لوبەن سوداڭ ياخشىمۇ؟ — ئۇنىڭ ئاۋازىدا كۈچلۈك مەسخىرە پۇرىقى بار ئىدى.

نىياز ئۇندىمەي جىم تۇردى. ئۇنىڭ گەپ قىلغۇدەك رەغدى قالمىغانىدى. پۇت-قوللىرى بارغانچە بوشىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— بىر ئاخشامدا 300 يۈەن تاپالايدىكەنسەن-ھە؟

نىياز ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— سېنى ساياھەت قىلدۇرۇپ كېلەيلى دەپ كەلدۇق. دوستلىرىڭنىڭ ھەممىسى بار، يەنە سېنى ئاجايىپ كەيپ دورىسى بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدىغان تۇردى ئەمەتمۇ بار.

نىياز ئەمدى پۈتۈنلەي بوشىشىپ كەتتى. دەسلەپتە تېنىۋالاي دەپمۇ ئويلىغانىدى. ئەمما پايدىسى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ ماشىنا دېرىزىسىدىن قىستىلىشىپ ئولتۇرغانلارنى كۆرۈپ ئۆلگۈرگەن ئىدى.

— قېنى، دۇكىنىڭنى تاقا، — دېدى نۇرمەمەت بۇيرۇق ئاھاڭىدا، — بىر نەچچە كۈن سودا قىلالمايدىغان بولدۇڭ.

نىيازنىڭ قوللىرى تىترەپ قۇلۇپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. نۇرمەمەت قۇلۇپنى يەردىن ئېلىپ دۇكاننى تاقاپ، ئاچقۇچنى نىيازنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

نىيازغا بۇ ئىشلار خۇددى چۈشىدەك بىلىنەۋاتاتتى. توۋا، ئۇنىڭ چۈشلىرى ئاجايىپ شېرىن

ئىدى. بۇنداق ۋەھىمىلىك ئەمەس ئىدى، ئۇنى
قارا بېسىپتۇ، چوقۇم قارا بېسىپتۇ.
نۇرمەمەتنىڭ تۇنۇگۇن بۇ يەرگە بىر قېتىم
كەلگەنلىكى نىيازنىڭ غۇۋا ئېسىگە كەلدى.
توغرا، نۇرمەمەت تۈنۈگۈن دۇكاننىڭ ئالدىغا
كەلگەن. كاساپەت، بۇ ئىشلارنى قانداق قىلىپ
شۇنچە تەپسىلىي بىلىۋالغاندۇ؟!
نۇرمەمەتمۇ نىيازنىڭ بولۇۋاتقان ئىشلارغا
ئەقلى يەتمەي تېڭىرقاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ،
ئىچىدە ئۇنىڭغا كۈلگىسى كەلدى، تۈنۈگۈن
يۈز بەرگەن ئىشتىن ئۇ ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى.
ئەسلىدە تۈنۈگۈن نۇرمەمەت تاماكا ئېلىش
ئۈچۈن نىيازنىڭ دۇكىنىغا كەلگەنىدى. بۇ چاغدا
نەشە چېكىپ ئېغىر كەيپ بولغان نىياز دۇكان-
نىڭ دېرىزىسىگە بېشىنى قويۇپ، يېرىم ئويغاق
ھالەتتە ئولتۇراتتى. نۇرمەمەت ئۇنىڭدىن ئەھۋال
سورىدى. كۇتۇلمىگەندە نىياز غۇدۇراشقا باشلى-
دى. ئۇنىڭ گەپلىرى شۇنچە ئېنىق ئىدى. ئۇ ئۆز-
ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك قىلاتتى. نۇرمەمەت
ئۇنىڭ گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلىدى، نىياز بولغان
ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دەۋەتتى. ئەمما ئۆزى
بۇنى بىلمەيتتى.
نۇرمەمەت قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى يېزىلىق
ساقچىخانىغا خەۋەر قىلدى، تەكشۈرۈش ئارقى-
لىق ئىشلارنىڭ راستلىقى ئىسپاتلاندى.
نىياز مەست ئادەمدەك مېڭىپ ماشىنىغا
چىقتى ۋە سالپىيىپ ئولتۇرۇشقان چۆپقەتلىرى-
نىڭ ئارىسىغا قىسىلدى. ساقچى ماشىنىسى ھۇ-
قۇيتۇپ سىگنال بەرگىنىچە چاڭ توزۇتۇپ
يۈرۈپ كەتتى. چاڭ-توزان ئىچىدە قالغان مەھەللە
دوقمۇشىدا ھېلىقى يوغان ئۈجمە دەرىخى ھەي-
ۋەتلىك قەد كېرىپ تۇراتتى.

(ئاپتور ئۈچتۇرپان ناھىيە ئاقيار يېزىسىدىن)
مۇھەررىر **خاسىيەت ئەمەت**

(بېشى 123 ـ بەتتە)
ئىگە. («ئادەم ئۆز دىمەتى بىلەن قېرىمايدۇ»دىن)
بۇنداق پىكرىي تېرەنلىكلەرنى «توپلام»دىن يەنە
كۆپلەپ مىسال كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن. دىمەك-
كى، يۇقىرىقى دۇردانىلەردىن ئاچچىق تارىخىي
قىسمەتلەرنىڭ، ئىبرەتكە باي كەچمىش- كەچۈر-
مىشلەرنىڭ، ئۆزلۈك ۋە كىملىككە قۇۋۋەت مەنى-
ۋى ئوزۇقلارنىڭ، شۇنداقلا مۇرەككەپ كىشىلىك
ھاياتنىڭ ئاگاھلىرىنى چۈشىنىۋالالايمىز.
ئومۇمەن، بۇ توپلامدىكى نەسرلەردە ھېس-
سىيات ناھايىتى قويۇق، ئەمما تەنتەك ئەمەس،
مەنە ناھايىتى چوڭقۇر، ئەمما گۇڭگا ئەمەس؛
ھېكمەت ئاممىباب تۇستە ئوقۇرمەننى ھاياجانلان-
دۇرۇش يولى بىلەن ھەرقايسى قاتلام ئوقۇرمەنلى-
رىنىڭ ئىشتىھاسىغا تېگىشلىك نەپ بېرەلەيدۇ.
ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىدە ھېسسىيات ئۇزۇك-
چىلىكى يوق، مەنە بىلەن ھېسسىيات گارمونىك
ھالدا ئەۋجىگە چىقىدۇ. ئۇ مانا مۇشۇنداق ئۇس-
لۇبتىكى نەسرلىرى ئارقىلىق دۇنيا، كىشىلىك
ھايات، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت، يارالمىش، تۇنۇ-
گۇن، بۈگۈن ۋە ئەتە، ئەنئەنە ۋە مەدەنىيەت،
ئەخلاق... ھەققىدىكى كۆرگەن - بىلگەن، ھېس
قىلغان - چۈشىنىپ يەتكەنلىرىنى ئىمكانقەدەر
بىزگە تەقدىم قىلدى. ئۇ بۇلارنى نەسردىن ئىبا-
رەت خاس ئاۋازى ئارقىلىق بىزگە يەتكۈزدى،
نەسر ئۇنىڭ ئاۋازى، يۈرەك ساداسى!

(ئاپتور ئۈرۈمچى شەھەرلىك 46 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)
مۇھەررىر **غېنى مۇھەممەت**




## تۈنۈگۈن بۈگۈندىن بىر كۆڭلۈك يىراق

ئىككى كۆز ئارىسى مەڭگۈلۈك كېچە،
بۆشۈكتىن قەبرىگە بىر ئۆمۈرلۈك يول.
تۈنۈگۈن بۈگۈندىن بىر كۆڭلۈك يىراق،
ماڭايلى مەردانە تۇتۇشقانچە قول.

ھاياتنىڭ شامىنى ياندۇرار ئۆلۈم،
ئۆچۈرمەي ئەتىگە تاپشۇرايلى بىز.

سۆيگۈنى رەھمەت دەپ قىلايلى قوبۇل،
دۇنيانىڭ بېغىدا پورەكلىسە قىز.

ئەي دوستۇم، بىز يازغان ساختا شېئىرلار
راستتۇر ئاھ، بەئەينى قۇياشتەك پارلاق.
سېلىپ بىز قاتمۇقات كىيىملىرىمىزنى،
يالىڭاچ چىنلىقنى كۈيلەيلى ئۇزاق !

## شېئىردىكى قىز

ئىككىمىز بىر گۈلنىڭ ئىككى غۇنچىسى،
ئىككىمىز ئىككى تەن ئىچىدە بىر جان.
ئىككىمىز دۇنيانىڭ ئىككى ئىشىكى،
ئىككىمىز ئاي-قۇياش يانغان بىر ئاسمان.

قولۇمغا ساز ئالسام خۇشخۇي ئاھاڭسەن،
قولۇڭغا جام ئالساڭ مەن خۇشبۇي شاراب.

مەن سېنىڭ جەستىڭ، سەن مېنىڭ قەبرەم،
ئۆلۈمدىن گۈزەلدۇر دىلدىكى ئازاب.

سەن ئۇندىن يول ئېلىپ، مەن بۇندىن كېلىپ
ئۇچرىشىپ قالىمىز قەلبىمدە ھامان.
يىرتىپ سەن سۆزلەرنىڭ پۈركەنچىسىنى
مىسرالار قېتىدىن چىقساڭچۇ جانان!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# گۈل ئۈزۈش

1

قولۇڭدا شارابنىڭ يوپۇرماقلىرى،
قايسى باغ ئىچىدە بولدۇڭ شىركەيپ؟
يۈزۈڭدە ئۈپۈقنىڭ ئوتقاش شەلپىرى،
قايسى تاڭ بەرقىگە چۆكتى ئۆرتىنىپ؟

كۆيلەيسەن گوياكى مەستخۇش ناخشىدەك،
كىرپىكىڭ كەينىدىن مارايدۇ ئاسمان.
كۆزۈڭگە غەرق بولغان سانسىز كېچىلەر،
يۇلتۇزلار چاقنايدۇ تال-تال سەرگەردان.

2

قەلبىمنىڭ تۆرىدە قومۇش كەپە بار،
كەپىنىڭ ئىچىدە بار بىر غەزەلخان.
غەزەلخان قولىدا يىغلاپ بىر ساتار،
كۆيلەيدۇ ئاھ سىنىڭ ئىشقىڭنى ھامان.

ئۇ كۆيلەر قەلبىمنى ئورايدۇ گۈلگە،
گۈللەرنىڭ شېخىدا سايرايدۇ بۇلبۇل.
ئۇ بۇلبۇل مېنىڭكى ئاشىق جېنىمدۇر،
جېنىمنى بىر گۈل دەپ قىلساڭچۇ قوبۇل!

3

باغلارنى يېتىلەپ كەلدى بارمىقىڭ
دۇتارنىڭ تارىدا سايراپ قۇش كەبى.
گۈللەرنى قۇچاقلاپ كۈلدى ئاۋازىڭ،
يۈرىكىم كىشنىدى ئاتتەك ئەسەبى.

لېۋىڭدىن تۆكۈلدى كەۋسەر شارابلار،
مەست بولۇپ ئالدىڭغا يىقىلدى ئالەم.
نېچۈن بۇ مۇھەببەت شارابىغا ئاھ،
تولمايدۇ مېنىڭلا كۆڭۈل پىيالەم؟!

4

بار مېنىڭ قەلبىمدە بىرلا چىغىر يول،
تۇتىشار ئۇ سىنىڭ قەلبىڭگە پەقەت.
يېتەلمەي ئۆلەرمەن مەنزىلگە بەلكىم
بۇ يولدا بىر ئۆمۈر چېكىپ رىيازەت.

دۇنيادا بىردىنبىر گۈلدۇرسەن بەلكىم.
شۇ قەدەر گۈزەل ھەم شۇنچە خۇش پۇراق.
ئۈزۈلۈش ئىستىكى ئىچرە ئۆرتىنىپ،
ئەزەلدىن يولۇمغا تۇرغانسەن قاراپ !...

(ئاپتور خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش باش بېكىتىدە)



ئىبراھىم نىياز

# ئىشقى چېكىلمىگەن قىز

## مېھرىڭ قەلبىمدە ياشاپ قال مەڭگۈ

قەلبىڭدە ئەقىدە بارمۇ بىلمەيمەن،
سىنىڭدە ئارمانلار بىخلاتقان گۈلگە؟
بولغۇم بار سەن ئۈچۈن بىر پارچە كۆكلەم،
خالىساڭ ئايلىناي يىقىملىق كۈيگە.

ئالدىسا ناۋادا سىنى بۇ ھايات،
تەسەللى جامىنى تۇتىمەن يەنە.
سەن ئۈچۈن گاھىدا بولىمەن قانات،
مېھرىدەك مۇقەددەس ئەمەس ھېچنىمە.

يۈرىكىم بىر دەريا چۇشەنسەڭ مېنى،
تۇتىشىپ كېتىدۇ مەنزىلى ساڭا.
ئاتسىلا ئۆمۈردە ۋىسالىنىڭ تېگى،
بۇنىڭدەك بەخت يوق دۇنيادا ماڭا.

مېھىر دەپ توختىماي ئاققان دەريادا،
ھەر كۈنى ئۆزۈمنى يۇيۇپ-تارايمەن.

تۇتىمەن ھەممىنى قالدۇرماي ساڭا،
ئېھتىمال شۇندىلا ساڭا يارايمەن.

شۇ قەدەر سۆيۈملۈك ھاياتلىق دېگەن،
بەرگىنىم مۇھەببەت، ئىزدىگىنىم ھەم.
راسلىدىم سەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك چىمەن،
ياشىۋال شادلىقتا بۇندا مەلىكەم.

## مەن ساڭا لىرىكا يازدىم پەرىشتەم

شېئىرنى ھاياتقا بىر سۆيگۈ دېگىن،
شېئىر دەپ سوققاندا سېنىڭ يۈرىكىڭ.
شېئىرنىڭ بىر ئۆمۈر ئاشىقى بولدۇم،
مەن ئۈچۈن شېئىر بوپ تۇيۇلدى قەلبىڭ.

ھەي! تېخى ئىشكى چېكىلمىگەن قىز،
شېئىرغا مەستلىكىڭ كەلگەندۇ بەلكىم.
بىر شائىر سۆيمەكتە ھېلىھەم سېنى،
ئالدىڭدا مېنىڭدەك بولمىسۇن ھېچكىم.

ئەجەبمۇ سۆيۈملۈك تۇيۇلدى ھايات،
ئايرىلماي ياشىماق بولغان چاغدا بىز.
مەن ساڭا لىرىكا يازدىم توختىماي،
ھەي ! تېخى ئىشكى چېكىلمىگەن قىز.

شېئىر دەپ چۈشەندىم گاھىدا سېنى،
شېئىرنىڭ قوينىغا كەتكەندە شۇڭغۇپ.
ئازاب ئۇ بەربىر، سۆيگۈ ئالدىدا
كېتىمەن سەن بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇپ.

(ئاپتور قارامای جەرەنبۇلاق خوجىلىق باشقۇرۇش شىركىتىدە)

ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۇرك

# غەزەللەر

1

گۈلۈم ئاھۇ پىغانىمنى ساڭا ئاسمان بېرەر سۆزلەپ،
كۆزۈم چاچقان جاۋاھىرنى ساڭا مارجان بېرەر سۆزلەپ.
ئۆزۈمنى كۆيدۈرۈپ گۈر-گۈر زېمىننى ئىللىتىپ كەلدىم،
ئىچىمدىن ئۆرلىگەن ئوتنى ساڭا چوغدان بېرەر سۆزلەپ.
شېخىمغا سەپسېلىپ باقساڭ غېرىب قۇشلارنى جەم قىلدىم،
ئىزىم سۆيگەن چىمەنلەرنى ساڭا بوستان بېرەر سۆزلەپ.
سېنى بەرمەي تالاشقانغا، ياشاشتىن كۆپ ھۇزۇر ئالدىم،
يامان كۈنلەردە قەھرىمنى ساڭا ۋولقان بېرەر سۆزلەپ.
پۇرۇقلاپ قايىندىم، تاشتىم، ۋىسال ئەييامىنى ساقلاپ،
يېنىپ تۇرغان بۇ باغرىمنى ساڭا خۇمدان بېرەر سۆزلەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

2

كۆمۈپ تەكتىگە ھېكمەتنى ئەسىرلەپ ساقلىغان چۆل بۇ،
پەرىزاتتەك جامالىنى قۇياشقا قاقلىغان چۆل بۇ.
يېقىلغان چاغدا گۈلخانلار ئېلىپ ئۈندىن ھارارەتنى،
ھەمىشە ئەھلى كارۋاننىڭ ئىزىنى ياقلىغان چۆل بۇ.
چۆكۈپ تاتلىق خىياللارغا تىنىپ ياتقان بىلەن كۈندۈز،
ياساپ ئۆركەش كېچىلەردە كېيىكتەك تاقلىغان چۆل بۇ.
دۈپۈرلەپ چاپمىسا تۇلپار، قېنى مۇزلاپ كېتەر بەلكىم،
پۈتىنى ئارغىماقلارنىڭ بوراندا چاقلىغان چۆل بۇ.
پۈتۈلگەن قىسمىتى بىرلە قويۇپ ھەيرەتتە ئالەمنى،
قىلىپ نىشان غۇرۇرىنى گۆھەردەك چاقنىغان چۆل بۇ.

3

سېغىنچىلىڭ پاتسىمۇ جانغا ئەسىرلەپ ساقلىدىم دىلدار،
ئىزىڭ تامغان چىغىر يولدا كېيىكتەك تاقلىدىم دىلدار.
يېشىمدىن تاشسىمۇ دەريا، تۆكۈپ دولقۇنغا ئاھىمنى،
بىغەم ساھىلنى مەن تەنھا-غېرىبتەك ياقلىدىم دىلدار.
ئۆسەكلەر ئۆركىشى يامراپ ئىزىمنى كۆمسىمۇ كۈلگە،
رىڭى گۈلگۈن تىلەكلەرنى قۇياشقا قاقلىدىم دىلدار.
لېۋىمگە لەۋ يېقىپ تېزرەك ئىچۈر ۋىسال شارابىنى،
ساڭا بەرگەن قارارىمنى ئېزىقماي ئاقلىدىم دىلدار.

4

جۇنۇن سەھراسىغا چۆكتۈم سېنى ئىزدەپ ئوماق قوزام،
زىنىختا تاشتى بىر دەريا ئېقىپ كۆزدىن بۇلاق، قوزام.
زېمىننى سىلكىتىپ، كىشنەپ ئەقىدەمگە زىيا چاچتىم،
بېشىمغا ئاتسىمۇ مەلئۇن قەدەمدە مىڭ چوماق، قوزام.
ئۆسەكلەرنى قىلىپ چۈل-چۈل، يۈرەككە بىر نەزەر سالساڭ،
باھار رەڭلىك ئەقىدەمگە چۈشۈرگەن يوق ياماق، قوزام.
ۋىسال تاپقاندا ئاشىقلار ئاقارمىش تامچىلاپ ئاسمان،
بولاي بىھوش قۇچاقىڭدا ماڭا كۆكسۈڭنى ياق، قوزام.

(ئاپتور گۇما ناھىيەلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە)

ئەنۋەر ئابلەت شەيدائىي

# تۇنجى مۇھەببەت

## ۋىسالسىز ئوخشايدۇ تۇنجى مۇھەببەت

گۆگۈمدا تۇپراقتىن يىتكەندەك سايە،
ئۇ كۈنلەر ئېسىمدىن كەتكەندۇ قۇرۇپ؟
ئەپسۇسكى، كەچمىشلەر قەلبىم كۆكىدە،
يەنىلا يۇلتۇزدەك تۇرماقتا يورۇپ.

قانداقمۇ ئۇنتۇلاي مەۋجۇتلۇقۇمدا،
باھارنىڭ كۈيىدەك پىچىرلىشىڭنى.
قانداقمۇ ئۇنتۇلاي سىھىرلەپ پىنھان،
ئىشقىمنى كۆكلەتكەن كەچۇرمىشىڭنى.

باھارنى تەۋەللۇت قىلاتتى كۈلكەڭ،
نىگاھىڭ ئالەمنى ئوراپتتى نۇرغا.

مېھرىڭدىن ھېسلىرىم قېقىپ كۆكتە پەر،
پاك قەلبىم تولاتتى ئۈمىد، غۇرۇرغا.

بىلمىدىم، نېچۇنكى شۇبھى چاقمىقى
ئەقىدەڭ كۆكىدە چېقىلدى بىر كۈن.
يىقىلدىڭ ئەسەبىي چۈشلەر قوينىغا،
سۆيگۈمنى قەلبىڭدىن قىلىپ ئاھ سۇرگۈن.

ئازابلىق كۈيلەرگە بولۇپ مەن تۇتقۇن،
قەلبىڭنىڭ كۆزنىكىن چەكتىم قانچە رەت.
ئەپسۇس سەن ئاھىمغا سالمىدىڭ قۇلاق،
ۋىسالسىز ئوخشايدۇ تۇنجى مۇھەببەت.

## بىخۇدلۇقتا باسقان ئىز

نازلىرىڭدا تۆرەلگەن سۆيگۈم
ھەسرەتلەرنى قىلدى ھەدىيە.
ئازابلارغا تولغان يۈرىكىم
پۇشايماندىن بولدى چاك-زىبدە.

ۋىسال ئىزدەپ ئېزىققان ھېسلار
تۇتقۇن بولدى ھىجران چۆلىدە.

كۆزلىرىمنى قاپلىغان ئىسلار
قېتىپ قالدى ئىشقىم گۈلىدە.

ئېچىنمايمەن، سەن ھەم گۇناھسىز،
چۈنكى سۆيگۈم شادلىقتىن پۈتكەن.
بىخۇدلۇقتا باسقان تەنتەك ئىز
ئەسلىي شۇنداق تەقدىرنى كۈتكەن.

(ئاپتور يوپۇرغا ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشتە)

www.uyghurkitap.com

رۇقىيە ئابدۇللا



# ئەقىدە

(ھېكايە)

ھاۋانىڭ خېلىلا سوغۇق بولۇشىغا قارىماي زۆھرە بۈگۈن ئەتىگەندىلا سىرتقا چىقىۋالغاندى، ئاندا-ساندا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان كىرا ماشىنىلىرى ئۇنىڭ يېنىدىن گۇر قىلىپ ئۆتەتتى-دە، 100 قەدەم ماڭمايلا ئاقۇش تۇمان ئىچىگە سىڭىپ كېتەتتى. ئۇ تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا تۇرۇپ تۇمان ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتقان شەھەرگە قاراپ، ئائىلىسىنىڭ تەقدىرىنىڭ ئاشۇ تۇماندەك تۇتۇق ۋە ئېغىر ئىكەنلىكىدىن ھەسرەتلىنەتتى.

ئۇ قاسىماخۇن بىلەن قاچان توي قىلدى، شۇنىڭدىن بۇيان بىرەر كۈن، بىرەر سائەت ئۇھ دەپ ئارامخۇدا تىنىپ باققىنىنى بىلمەيتتى. ئىلگىرىكى ئېرى تاپقان پۇلىغا ھاراق ئىچىۋېلىپ، دەردىنى زۆھرەدىن ئالىدىغان تاياقچى ئىدى. مىڭ بىر بالالىقتا ئۇنىڭدىن ئاران قۇتۇلغان زۆھرەنىڭ قېرىپ قالغان ئاپىسىنىڭ «قىز بالا ئەردە ياخشى، بولمىسا يەردە» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان قىزىم، بېشىڭ ئوچۇق قالسا، ئۆلسەم گۆرۈمدە

ئارام تاپالمايمەن» دەپ يالۋۇرۇشلىرى بىلەن «ياۋاش-يۇمشاق، كۆڭلى سۇنۇق، ئىلگىرىكى خوتۇنى قېچىپ كېتىپ بىر بالا بىلەن قالغان» دەپ تاپقان قاسىماخۇن بىلەن رىزقى قوشۇلۇپ قالدى. نىكاھ غايىب دېگەن شۇ ئوخشايدۇ، قاسىماخۇن ئارتۇق-تۆشۈك گېپى يوق، ياۋاش ئادەم. ئەممازە، «كەمبەغەل سۇغا چىقسا، كۆلگە ئېشەك تېزەكلەپتۇ» دېگەندەك، قاسىماخۇن توي قىلىپ يىل ئۆتمەيلا، بىر يىقىلىپ چۈشكەن سەۋەب بىلەن ئۆرە بولالمىدى. دوختۇرلار ئۇنىڭغا بۆرەك ئېغىر دەرىجىدە زەئىپلەشكەن دەپ دىياگنوز قويدى. قاسىماخۇننىڭ داۋالىنىشقا قۇربى يەتمىدى، شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ ياز ۋاقتى ئىشىكى ئالدىدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ، قىش ۋاقتى ئىسسىق كاڭدا دۈم يېتىپ، خىيال ۋە گاراڭلىق ئىچىدە ياشاپ كەلدى. بىچارىگە ئۇۋال بولدى، دەپ ئويلاپ قالاتتى ئۇ بەزىدە زۆھرەنىڭ جۇدەڭگۈ چىرايىغا قاراپ. قاسىماخۇن ئاجرىشىپ كېتەي، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن دەپ ئويلايتتىيۇ، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى، زۆھرەنىڭمۇ بىردەم-يېرىمدەم ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغۇدەك ۋاقتى يوق ئىدى. ئۆزىنىڭ تەقدىرىدىن زارلىنىپ، ئاجرىشىپ كېتىشنىمۇ غىل-پاللا ئويلىنىپ قالىدىغان زۆھرە ئېرىنىڭ بىچارە تۇرقىغا، قېيىنئانىسىنىڭ پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىگە، كىچىككىنە مېھرىگۈلنىڭ مەسۇم چېھرىگە قاراپ ئۆزىنى دەرھال ئەيىبلەيتتى. شۇڭا قاسىماخۇننىڭ ئەگىتىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى باشقا گەپلەرگە بۇراپ، بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشقا تىرىشاتتى، يەنە كېلىپ كۈندىن-كۈنگە بىلىنىۋاتقان قورسىقى ئۇنىڭ تەقدىرىنى بۇ ئائىلىگە تېخىمۇ مەھكەم باغلىماقتا ئىدى.

* * *

ھەش-پەش دېگۈچە زۆھرەنىڭمۇ ئاي-كۈنى توشۇپ قالدى، ھېلى كۆكتات سېتىپ، ھېلى گازىر-پۇرچاق سېتىپ، ھېلى باشقىلارنىڭ كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ تېنىم تاپمايدىغان زۆھرەنىڭ پېشانىسى ئوچۇقمۇ ياكى ھەرىكەت قىلىپ تۇرغانلىقتىنمۇ تۇغۇتى ناھايىتى ئاسانغا توختىدى، دوختۇرخانىغا ياكى تۇغۇت ئانىسىغا پۇل خەجلەپمۇ يۈرمىدى. ئۇ ئوماققىنە بىر قىز تۇغقاندى، ئوغۇل بولسىچۇ كاشكى، دەپ ئويلىدى ئۇ مەيۈسلەنگەن ھالدا زاكىدىكى بوۋاققا قاراپ. ماڭا ئوخشاش جاپاكەشتىن يەنە بىرسى كۆپەيدى. ئوغۇل بالا بولسىچۇ، دېگەن خىيال لىپ قىلىپ كۆڭلىدىن كەچكەن قاسىماخۇن بۇ ئويىنى زۆھرەنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورققاندەك، بوۋاقنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. بوۋاققا، مېھرىگۈلگە يېقىن بولسۇن دەپ نۇرىبىگۈل دەپ ئات قويۇلدى.

— ئۆيگە ئېلىپ كېتەي بالام، مەن تۇرۇپ يېڭى تۇغۇتلۇق بولغاندا بۇ ئۆيدە ياتساڭ سەت بولىدۇ، — دېدى زۆھرەنىڭ ئاپىسى نەسىھەت قىلىپ، — ياخشى ئارام ئالمىساڭ ئاغرىقچان بولۇپ قالىسەن.

زۆھرە ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى.

— مەندىن غەم يېمەڭ ئاپا، سىزمۇ ئاران تۇرۇۋاتىسىز، مېنىڭمۇ بىر كۈن، بىر سائەت بولسىمۇ سىز بىلەن بىللە تورغۇم بار، لېكىن كۆرۈپ تۇرۇپسىز، قېيىنئانامنىڭ ھالى شۇ، قاسىماخۇننىڭ ئەھۋالىمۇ سىزگە ئايان، يەنە كېلىپ مېھرىگۈلمۇ بار، مەن كەتسەم ئۇلار بەك غېرىبسىنىپ قالغۇدەك، سىزگە ھېچ بولمىغاندا قارايدىغان ئاكام بار، لېكىن بۇلارغا قارىغۇدەك كىم بار؟

ئۆزىنىڭ گېپىدىن تەسىرلىنىپ قالدىمۇ ياكى بۇ ئۆينىڭ غېرىبلىقى ئۇنى ئېزىپ قويدىمۇ، زۆھرە كۆزىگە لۆممىدە ياش ئالدى. ئۇ ئاپىسىغا كۆز يېشىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن بوۋىقىغا ئېڭىشتى. ئانا قىزىنىڭ قەلبىدىكى قات-قات جاراھەتلەرنى بىلمەي قالامدۇ؟ لېكىن نېمە ئامال، ئىككىلا قېتىم ئانىسىنىڭ رايى بىلەن توي قىلىپ بەختى ئېچىلمىدى، مانا ئەمدى ئاجرىتىۋالىمەن دېسە، ئاغرىق جانلارنى تاشلاپ كېتىش-

كە زۆھرەنىڭمۇ كۆڭلى ئۇنىمايدۇ، ئاپىسىنىڭمۇ ۋىجدانى كۆيىدۇ.

ئەتىگەندىن كەچكىچە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، لەۋلىرىنى قىمىرلاتقىنىچە كىملەر بىلەندۇر غايىبانە سۆزلىشىپ، كىملەرنىدۇر قارغاپ، نىمىلەرنىدۇر ئوقۇپ ئولتۇرىدىغان زىۋەرىخان ئانا يېڭى جاننى كۆرۈش بىلەن باشقىچە تېتىكلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. بەلكىم زۆھرەنىڭ ئۇلار ئۈچۈن غەم يېيىشى بۇ بىچارە، مىسكىن ئانىنىمۇ تەسىرلەندۈرگەندۇ، شۇڭا ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە پۈتىنى سۆرەپ يۈرۈپ، ھېلى قويۇق، ھېلى سۇيۇق بولسىمۇ ئاش-تاماق قىلىپ، زۆھرەنىڭ بىر نەچچە كۈن بولسىمۇ ئارامخۇدا دەم ئېلىشى ئۈچۈن تىرىشىپ-تىرمىشىپ يۈرەتتى. ھەر ۋاقىت نامىزىدا ئوغلى قاسىماخۇننىڭ پاتراق ساقىيىپ كېتىشىنى، زۆھرەنىڭ ساق-سالامەت ئورنىدىن تۇرۇشىنى، نەۋرىلىرىنىڭ ئىنسابىنى تىلەپ ئۇزاقتىن-ئۇزاققا دۇئا قىلاتتى. زۆھرەنىڭ زىۋەرىخان ئانىغا ئىچى ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى، بىچارە ئانا بىر قازان ئاش ئېتىپ بولغىچە قىلىدىغان ئىشىنى تاپالماي، نەچچە قېتىم بېشىنى تۇتۇپ تۇرۇپ كېتەتتى. شۇڭا زۆھرە ئىمكان بار تېزرەك ئەسلىگە كېلىش ئۈچۈن ئاڭلىغان - بىلگەنلىرى بويىچە ئۆزىگە دورا قىلىپ تۇردى، ئانىسىمۇ ئىككى كۈندە بىر كېلىپ يوقلاپ، ھوردىتىپ، قىزىغا مەدەت بېرىپ تۇراتتى. سۈت سىڭىپ ئاستا-ئاستا ئەت ئېلىشقا باشلىغان يېڭى جان بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ قايغۇسىنى ئاللىقاچان ئۆزىگە يۈكلەپ بولغاندەك ئانىسىنىڭ يېنىدا تىپتىنچ ياتاتتى، بەزىدە ئۆيدىكىلەرنىڭ تاتلىق ئەركىلىتىشلىرىدىن سۆيۈنگەندەك، ئۇيان-بۇيان قاراپ، كىچىككىنە لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ كۈلەتتى، بۇنداق چاغدا ھەممەيلەن تاتلىق بىر سېزىم ئىلكىدە خۇشاللىققا چۆمۈشەتتى.

— بىچارە قىزىم، — دەيتتى زۆھرە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قىزىنى باغرىغا بېسىپ، — بۇ ئازاب، بۇ ئېغىر كۈنلەر مېنىڭ بىلەنلا كەتكەي ئىلاھىم، — ئۇ بىردەم بولسىمۇ قاسىماخۇننىڭ ئەلەملىك چىرايىغا، زىۋەرىخان ئانىنىڭ ياشلىق كۆزلىرىگە قارىماسلىق ئۈچۈن بالىسىنى ئۇخلىتىپلا ئۆزىنىڭ دۇنياسىغا — تەگسىز خىياللار قاينىمىغا سىڭىپ كەتتى.

ئۆمەر ھازىر نەدىدۇ؟ ئۇ ھايات بولسا، «مەكتەپ پۈتكۈزۈپ، ئۆزۈم پۇل تېپىپ سېنى ئالماي قويمايمەن» دېگەن سۆزى ھېلىمۇ ئېسىدىمىكىن، بەلكىم توي قىلغاندۇ، بالىلىرىمۇ بولغاندۇ، شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى چىقسام بوپتىكەن. ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان بولسام چوقۇم گېپىمنى ئالاتتى. ھەي ئەقىلسىزلىك، ئۇمۇ نۇرغۇن رىيازەتلەرنى چەككەندۇ؟ ھازىرقىدەك ئەقلىم بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتمەسمىدىم، ھەر ئىش بولسا تەڭ كۆرمەسمىدۇق. يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتقان تامچىلار زۆھرەنىڭ يۈز-قۇلاقلىرىنى بويلاپ چاچلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. ئۇ يوتقاننى ئۈستۈن تارتىپ يۈزىنى توردى ۋە ئىچ كىيىمىنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇن ساقلاپ يۈرگەن يالتىراققا ئورالغان خەت ۋە رەسىمنى ئاستاغىنا چىقىرىپ باغرىغا باستى. دەپتەرنىڭ ۋارىقىغا قىسقىلا يېزىلغان بۇ خەت ۋە بىر سۈكلۈق رەسىم ئۇ تارتقان تالاي خورلۇق ۋە مۇشەققەتلەرگە گۇۋاھ، ئۇنىڭغا سىرداش ۋە روھىي تۈۋرۈك بولۇپ كەلگەندى. تولا تۇتۇلۇپ، ياش بىلەن يۇيۇلۇپ كەتكەنلىكتىن قىرچىلىپ، ئۆچۈپ كېتەيلا دەپ قالغان بولسىمۇ، بۇلار يەنىلا زۆھرەنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقى، ئاۋۇنچى ئىدى...

9-ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىدى، ئانىسىنىڭ ئۆت ياللۇغى كېسىلى قوزغىلىپ قالغان زۆھرە قەي قىلىۋاتقان ئانىسىنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى. دەرۋازا ئېچىلىپ قوشنىسىنىڭ تۆت ياشلىق ئوغلى ئۇنىڭغا بىر ۋاراق قەغەزنى بەردى - دە، گەپ قىلمايلا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى، زۆھرە ئالدىراپ ئۆيگە كىرىپ خەتنى

www.uyghurkitap.com

ئاچتى.

زۆھرە:

سەن مېنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدىم ھەم خۇشاللىقىم. مەن سېنى ئىككى ئائىلىلىك ياخشى كۆرىمەن، ماڭا ئىشەنگىن. لېكىن ھازىر ئۆيدە ئىش تېرىپ قويدۇم، بىر يەرگە كەتمەكچىمەن، چىقالامسەن؟ كونا جايدا ساقلايمەن، قالغان گەپنى شۇ يەردە دېيىشەيلى.

ئۆمەر

ئۇ قانداق ئىش تېرىپ قويغاندۇ؟ چوقۇم مېنى ئالداۋاتىدۇ، ئۇ دائىم مۇشۇنداق گەپلەر بىلەن مېنى ئالداپ، قورقۇتۇپ ئوينايدۇ. ئاشۇنداق قورقاتقىنىغا چىقماي باقايچۇ قانداق قىلىدىكىن!؟ ئەگەر گېپى راست بولۇپ قالسىچۇ؟ زۆھرە دېلىغۇل بولۇپ قالدى. قىزنىڭ جىمىپ كەتكىنىنى كۆرگەن ئانىسى تېخىمۇ ئاللا-توۋا ئېيتقىلى تۇردى.

— ۋايجان، ۋايەي، جېنىم چىقىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ مېنىڭ، قېنىسەن زۆھرە؟ غولۇمنى... غولۇمنى تازا چىڭ تۇتقىنا! مۇجۇپ-مۇجۇپ تۇت.

زۆھرە بىر پىيالە قايناق سۇنى ئاپىسىغا ئاۋايلاپ ئىچكۈزگەندىن كېيىن ئۇنىڭ غولىنى تۇتۇشقا باشلىدى، ئۇ ئەمدى ھەرقانچە تىت-تىت بولسىمۇ، ئاپىسىنىڭ ئازراق بولسىمۇ ياخشىلىنىشىنى كۈتمەكتىن ياكى ئاكىسىنىڭ پاتراق قايتىپ كېلىشىنى كۈتمەكتىن باشقا چارە يوق. ھەر بىر سائەت ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئەسىردەك تۇيۇلماقتا ئىدى، ئاپىسى ئازراق ياخشىلانغاندەك بولدى.

— ئاپا، — دېدى زۆھرە ئېھتىيات بىلەن كۆزى ئىلىنىشكە باشلىغان ئاپىسىغا يېقىن كېلىپ، — سىرتقا چىقىدىغان ئىشىم بار ئىدى، ھازىرلا كىرىمەن...

— مەن ئۆلۈپ قالساممۇ بورىغا يۆگەپ قويۇپ ئوينايدىغان ئوخشىمامسەن قىزىم، نېمە ئىشتى مەن بۇ ھالدا ياتسام چىقمىسا بولمىغۇدەك؟

زۆھرە ئۈندىمىدى، ئاكىسىمۇ قېرىشقاندەك قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاران كەلدى. ئۇ چاغدا سىرتقا چىققىلى بولسۇنمۇ؟ ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە يۈگۈرگەندەك «كونا جاي»غا باردى. ئىككى قېتىملا كەلگەن بۇ جاي زۆھرەگە ناھايىتى تونۇش ھەم قەدىرلىك ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ئولتۇرغان جايغا كېلىپ مىجىپ تاشلانغان تاماكا قالدۇقلىرىنى، يەرگە جىجىپ يېزىلغان ئۆزىنىڭ ئىسمىنى كۆردى.

ئۆمەر كەپتۇ، ئۇ مېنى كۆپ ساقلاپتۇ، ئۇنىڭ ئېيتقىنى راستكەن، راستكەن... زۆھرەنىڭ كۆزلىرىگە ياش يامرىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ ئۆمەرنى كۆرەلمىدى، پەقەت ئۆمەرنىڭ مەھەللىسىدىكى دوستلىرىدىن ئېھتىياتسىزلىقتىن دېھقانچىلىق دورىسىنى، قويلارنىڭ يېمىگە سېلىپ قويۇپ، بازارغا ئاتاپ بېقىۋاتقان ئىككى قوينى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئۆمەرنىڭ ئۆگەي دادىسىنىڭ تاپىقىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. بۇ گەپنىڭ قانچىلىكى راست، بۇنىسى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ئىدى. ئىشقىلىپ ئۆمەرنىڭ ئۆيدىن قېچىپ كېتىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر سىر ئىدى...

بوۋاقنىڭ ئاچچىق يىغىسى زۆھرەنى خىيالىدىن سەگىتتى، ئۇ ئىتتىك قولىدىكى خەت ۋە رەسىملەرنى ئوراپ لەۋلىرىگە يەنە بىر قېتىم باستى-دە، قوينىغا يوشۇرغاندىن كېيىن نۇربىگۈلنى قولىغا ئالدى.

*　　*　　*

كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە نۇربىگۈلمۇ ئالتە ئايلىق بولۇپ قالدى، قىرقى توشا-توشماي تۇرۇۋالغان زۆھرە يەنىلا چېچىنى سۈپۈرگە، قولىنى كۆسەي قىلىپ تىنىم تاپمايتتى. ھېلىمۇ ئاپىسى بىلەن ئاكىسى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىپ تۇردى، بولمىسا قانداق قىلاتتىكىن، ئۇنىڭ تۇغۇتتىن بۇرۇن جان تىكىپ ئىشلەپ، يىغىپ قويغان ئازغىنە پۇلى ئۇ تىنچ - ئامان ئور-

ئويغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىدىن تۇرۇۋالغۇچە بۇ ئۆينىڭ ئاش-تۇزىغا بەكمۇ ئەسقاتتى.

قاسىماخۇن زۆھرەگە تۆيدۇرماستىن ئاپىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇرۇنقى ئايالىنى مېھرىگۈلنى بىر مەزگىل بېقىپ تۇرۇشقا ئاران كۆندۈردى ۋە زۆھرەگە «مېھرىگۈلنى ئاپىسى بىر مەزگىل مەن تۇرغۇزسام دەيدۇ» دەپ گەپنى تۈگەتتى. زۆھرە خېلى كوچىلاپ سورىسىمۇ ئۈندىمىدى. بىچارە ئادەمگىمۇ ئۇۋال، ئەر تۇرۇپ نىمجان بولۇپ خوتۇنىنىڭ قولىغا قاراپ ئۆتۈش ئاسان ئەمەس، ھېلىمۇ خۇدايىم مېنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپتۇ. ئەمما، ھېلىقى ناكەس خوتۇن مېھرىگۈلنى ئۆزى باقماي چوڭ ئاپىسىنىڭ يېنىدا تاشلاپ قويۇپتۇ، خۇدايىم بۇيرۇسا كۈنىمىز ئازراق ياخشى بولۇپلا قالسا، ئۇنى ئەكىلىۋالمەن. زۆھرە ئەنە شۇنداق ئېغىر خىياللار قاينىمىدا يۈرۈپ، كىچىككىنە نۇربىگۈلنى ئەركىلىتەتتى، سۆيەتتى، مېھرىگۈلنىڭ «ئانا كەتمەيمەن، ئۇكامدىن ئايرىلمايمەن» دەپ يىغلاشلىرى ھېلىدىن-ھېلىغا كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئۇنى بىئارام قىلاتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن زۆھرە بىر نەچچە قېتىم قاسىماخۇنغا مېھرىگۈلنى قايتۇرۇپ كېلىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، قاسىماخۇن «بۈگۈن، ئەتە» دەپ ئارقىغا سۈرەپ كەلدى، لېكىن قاسىماخۇن ھازىر بۇرۇنقىدىن كۆپ روھلىنىپ قالغانىدى. زۆھرە ئاكىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىگە ئىشچى بولۇپ كىردى، شۇنداقتىمۇ ئۇ شۇ ئىشقىلا قاراپ تۇرماستىن ئېپى كەلسە ئانچە-مۇنچە ئۇششاق-چۈششەك نەرسە ئېلىپ ساتاتتى. ئاخشاملىرى باشقىلارنىڭ كىر-قاتلىرىنى يۇيىدىغان، يوتقان-كۆرپە ئېتىدىغان ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەتتى. دەم ئېلىش كۈنلىرى توي-تۆكۈنلەردە قاچا-قۇچا يۇياتتى. شۇڭا قاسىماخۇنمۇ ئۆيدە سەل ئالدىراش بولۇپ قالدى. بۇرۇنقىدەك روھى چۈشۈپ كەتكەن ئادەمدەك كەچكىچە خىيالغا پېتىپ يۈرمەستىن ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى.

كۈنلەر ئايلارنى قوغلاپ ئۆتمەكتە، ۋاقىت زۆھرەنىڭ مەڭزىدىكى قىزىللىقنى، كۆزلىرىدىكى نۇرنى تۈيدۇرماستىن ئوغرىلاپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىنىمسىز روھىنى سۇندۇرالمىغانىدى. زىۋەرخان ئانىمۇ ئوبدانلا تېتىكلىشىپ قالدى، قاسىماخۇنمۇ تېۋىپلارغا كۆرۈنۈپ، يەرلىك ئۇسۇلدا قولاق ئاڭلىغان ھەر خىل دورىلارنى قىلىپ، تېزرەك ساقىيىشنىڭ كويىغا چۈشكەنىدى.

— قېلىنىراق كىيىنىۋېلىڭ، سوغۇق ئۆتۈپ قالمىسۇن، — دەيتتى ئۇ قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرى كوچا تازىلاش ئۈچۈن ماڭغان زۆھرەگە كۆيۈنۈپ، — مەن ساقايسام سىزگە بۇ ئىشلارنى قىلدۇرمايمەن.

باش باھار جامالىنى كۆرسىتىشى بىلەنلا كوچىلاردا مۇزلار ئېرىپ ئەگىزلەر ئېقىشقا باشلىدى. زۆھرە بۈگۈن ئاكىسىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قاسىماخۇنغا گازىر ساتىدىغان تەنزە ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن، گازىرنىڭ توپ ۋە پارچە بازار ئەھۋالىنى ئۇقۇشماقچى، ئاندىن ئاكىسى بىلەن گازىر سودىگىرىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى ئىدى، شۇڭا چۈشتىن كېيىن ئىشنى بالدۇرلا تۈگەتتى-دە، مەسئۇل باشلىقتىن رۇخسەت سورىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا زىددىيەتلىك خىياللارمۇ يوق ئەمەس ئىدى، بۇ گەپنى دېسەم قاسىماخۇن قوشۇلارمۇ؟ بىكار تۇرغىنىمغا چىدىماپتۇ دەپ ئويلاپ قالارمۇ؟ قېيىنئانامچۇ؟ ئاغرىق ئادەمنى ئىشقا سۈرىدى دەپ قالارمۇ؟ بىزگە مەسلىھەتمۇ سالماپتۇ دەپ ئويلاپ قالارمۇ؟

ئۇ ئۆيىگە كەلگەندە كۈن ئولتۇراي دەپ قالغانىدى. كەچلىك تاماقمۇ يېيىلىپ بولدى. زۆھرە يەنىلا دىلغۇللۇق ئىچىدە تۇراتتى. ئۇ ئاخىر ئېغىز ئاچتى.

— سىلەرگە دەيدىغان بىر ئىش بار ئىدى ئاپا، — دېدى ئۇ بالىسىنى ئېمىتىپ ئولتۇرۇپ، — قارسام قاسىماخۇنمۇ كۈندىن-كۈنگە ياخشىلىنىۋ-

تىدۇ، شۇڭا گازىرچىلىق قىلىپ باقسامىكىن دېگەن. مالنى مەن ئەكىلىپ بەرسەم، قاسىماخۇن تەنزىدە ئولتۇرۇپ سېتىپلا بەرسە، ئۇنىڭ قاسىماخۇننىڭ سالامەتلىكىگىمۇ پايدىسى بولارمىكىن دەيمەن، ھېچ بولمىغاندا ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە قاراپ بولسىمۇ كۆڭلى ئېچىلىپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ قالار.

زىۋەرخان ئانا بىر ئوغلىغا، بىر كېلىنىگە قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئاخىرىدا قاسىماخۇنغا قاراپ:

— زۆھرەنىڭ دېگىنىمۇ ئورۇنلۇق، سەن قانداق قارايسەن؟ — دېدى.

— مەنمۇ شۇنداقراق بىر ئىش ئۇچۇن مىدىرلاپ باقساق دەپ ئويلىغان، — دېدى قاسىماخۇن غەمكىن ھالدا، — بۇ ئىشقۇ بەك ياخشى ئىشكەن، بىراق تاپقان پۇلنى مېنى داۋالىتىمىز دەپ ئىشلىتىپ بولدۇڭلار، دەسمايىنى قانداق قىلارمىز دەپ ئويلىنىپ قالدىم.

زۆھرەنىڭ كۆڭلى تىندى.

— مەن نېمە دەپ قالار دەپ ئەنسىرىگەن ئىدىم، — دېدى ئۇ قۇلىقىدىكى ئالتۇن ھالقىنى ئېلىپ، — ئاپام قىلىپ بەرگەن بۇ ھالقا جىق پۇلغا يارىمىسىمۇ، دەسلەپتە ئازراق دەسمايە قىلىشىمىزغا يېتىدۇ، يەنە ئاكامىمۇ ئازراق ياردەم قىلماقچى بولدى.

— جېنىم بالام، ھېلىمۇ تويدا ئالغان ھالقا-ئۈزۈكلىرىڭىزنىمۇ سېتىپ بولدۇق، بىز ئۇچۇن بەك كۆپ جاپا تارتتىڭىز قىزىم، ئۆز قىزىم بولسىمۇ شۇنچىلىك قىلالارىدى، بىزدىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار، مەن سىزدىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى ...

زىۋەرخان ئانىنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى.

گازىرچىلىق زۆھرەنىڭ يۈكىنى خېلىلا يەڭگىللىتىپ قويغانىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ بىرەر كۈنمۇ بوشىشىپ قالمايتتى. قاسىماخۇن يەنە دىلۋاملىق داۋالىنىشقا موھتاج ئىدى، مېھرىگۈلنى ئەكىلىۋېلىشىمۇ زۆھرەنىڭ خىيالىدىن نېرى بولغىنى يوق. زىۋەرىخان ئانا بىلەن قاسىماخۇن بىر نېمە دېمىگەن بىلەن زۆھرە ئۇلارنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇراتتى. شۇنداق كۈنلەردە ئەمدىلا جانلىنىشقا باشلىغان بۇ ئائىلە يەنە غەمگە پاتتى. نۇربىگۈل 15 ئايلىق بولغان بولسىمۇ، پەيلىرى تارتىشىپ، تۈزۈك دەسسىيەلمەيۋاتاتتى. زۆھرە ئاخىر تەشۋىش ئىچىدە بالىنى دوختۇرخانىغا ئاپاردى. دوختۇرلار ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق بالىغا تۇغما خاراكتېرلىك «كالتسىي كەملىك» كېسىلى دەپ دىياگنوز قويدى. دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە بۇ خىل كېسەل كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان، ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكى زىيادە چارچاش ۋە كۈتۈنۈشنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىن كېلىپ چىقىدىغان، ساقىيىش نىسبىتى ئىنتايىن ئاز بولىدىغان كېسەلمىش.

— ئۈمىد يوقمۇ ئەمەس، — دېدى دوختۇر زۆھرەگە تەسەللى بېرىپ، — بىزنىڭ داۋالىشىمىزغا ماسلىشىپ بەرسەڭلار مۆجىزە يۈز بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— رەھمەت دوختۇر، — دېدى زۆھرە ئارانلا، — مەن چوقۇم بار كۈچۈم بىلەن ماسلىشىمەن، ئېرىم ئاغرىقچان، ئەمدى قىزىم بۇنداق بولۇپ قالسا بولمايدۇ، قىزىمنىڭ ساقىيىشىغا ياردەم قىلسىلا...

زۆھرەنىڭ روھى چىقىپ كەتكەندەكلا بولۇپ قالدى. يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى قۇچىقىدىكى نارەسىدە بالىسىنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى يۇماقتا ئىدى. ئۇ مىڭبىر تەستە ئۆيگە كەلدى. ئۇنىڭ نەچچە كۈنلۈك يولنى ياياق ماڭغان ئادەمدەك ھارغىن تۇرقىنى كۆرگەن قېيىنئانىسى چۆچۈپ كەتتى.

— قىزىم، نېمە بولدى سىزگە، — دېدى زىۋەرىخان ئانا بالىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ، كۆڭلى بىر ئىشنى تۇيغاندەك، — ھەر ئىش بولسا ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ قىزىم.

زۆھرە كاڭغا ئۆمىلەپ دېگۈدەك چىقتى-دە، يۈزىنى بالىسىنىڭ يۆگىكىگە يېقىپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

ئۇنىڭ نالىسىگە چىدىمىغان زۇھەرىخان ئانى-
نىڭ يۈرەكلىرى پارە-پارە بولۇپ كەتتى. زۆھرە
شۇ ياتقانچە مىدىر قىلماي ئىككى سائەتچە
ياتتى، بۇ ئىككى سائەتتە ئۇ بالا دەردىنىڭ قانداق
بولىدىغانلىقىنى، پەرزەنت ئوتىنىڭ تەگداشسىز
قۇدرىتىنى، ئانا-بالا مېھرىنىڭ بەھىساب چوڭ-
قۇرلۇقىنى قايتىدىن چۈشەنگەندەك بولدى. ئانى-
سىغا قىلغان ئورۇنسىز قوپاللىقلىرى ئۈچۈن ئۆ-
كۈندى. ئۇيقۇسىز تۈنلىرىنى ئاپپاق لېچەك ئىچى-
دە جايناماز دا ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزىدىغان قېيىنئانى-
سىنىڭ بالا ئوتىدا كۆيۈپ چۈچۈلە بولغان يۈرى-
كىنى يېڭىباشتىن كۆرگەندەك بولدى. ئۆزىنى قې-
يىنئانىسىغا سېلىشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ سەۋرسىزلى-
كىدىن، غەيرەتسىزلىكىدىن ئىزا تارتىپمۇ قالدى.
بولار ئىش بولدى، — دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە، —
قاسىماخۇن بۇ ئىشنى بىلسە كېسىلى تېخىمۇ
ئايىنىپ كېتىشى مۇمكىن، بۇنى ئۇ ئوبدانراق سا-
قايغۇچە سىر تۇتاي، ئاپامغىمۇ ئېيتماي، ھەممى-
سىنى پاراكەندە قىلىپ نېمە قىلارمەن. قېيىنئانام
بىلىپ بولدى، ئۇنىڭغا ئامال يوق، ئۈمىدسىزلىك
شەيتاننىڭ ئىشى، يەنە كېلىپ دوختۇر بۇ ئاخىر-
قى دىياگنوز ئەمەس دېدىغۇ...
ئۇ ئەنە شۇنداق خىياللار ئىچىدە خېلىغىچە
ياتقاندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇردى. بالىنى
تۇتقىنىچە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي زۆھرەگە
قاراپ ئولتۇرغان قېيىنئانىسى:
— تۇردىڭىزمۇ بالام، — دېدى زۆھرەگە
قاراپ، — غەيرەتلىك بولۇڭ، ئاللا ئىگەمنىڭمۇ
بىرگە ئېيتقان بىر ياخشى كۈنلىرى باردۇ.
— سىلىنى بىسەرەمجان قىلىپ قويدۇم ئاپا، —
دېدى زۆھرە ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ. ئۇ دوختۇر-
نىڭ دېگەنلىرىنى يىپىدىن-يىڭنىسىغىچە
ئېيتىپ بەردى. ئاخىرىدا بۇ ئىشنى ھېچكىمگە
ئېيتماسلىقنى تاپىلىدى.
— زۆھرە، ھۆي زۆھرە، بارمۇ سىلە؟ !
ھويلىنىڭ ئىشىكىدىن چاقىلداپ سۆزلەپ
كىرىۋاتقان زۆھرەنىڭ ئىشدىشى ئۆيگە ئۇدۇللا
كىرىپ كەلدى.
— خۇش خەۋەر ئاداش، بىزنىڭ ئىش ھەققى-
مىزنى ئۆستۈرۈپ بېرىدىكەن، بۇ ئايدا پەسىل-
لىك مۇكاپات دەپ يەنە پۇل بېرەرمىش. يەنە بىر
گەپ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن بىزنىڭ ئىدا-
رىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى زىيارەت قىل-
ماقچىكەن. شۇڭا باشلىق ئىلغار خىزمەتچىلەر
ئىچىدىن سىلىنى زىيارەت قىلىشنى كۆرسىتىپ
بېرىپتۇ. مانا ئەمدى تونۇلۇپ كېتىدىغان بولدۇڭ-
لا. سىلە خۇش بولغاندەك ئەمەسقۇ؟
— خۇش بولدۇم. لېكىن مەن گەپ قىلالمى-
سام، باشقىلارنى زىيارەت قىلسا بوپتىكەن
شۇلار.
— نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ ئاداش، ھەممىمىز
سىلەر ئۈچۈن خۇشال، يەنە كېلىپ ئىش ھەققى
ئۆسكەنىنىڭ خۇشاللىقى... تېز بولۇڭلا، شۇ تاپتا
باشلىق سىلىنى ساقلاۋاتىدۇ. ئۇدۇل تازىلىق ئور-
نىغا كەتمىسۇن، دەپ مېنى ئەۋەتتى.
— ماقۇل، — دېدى زۆھرە سەل جىددىيلى-
شىپ، — ھە راست، مېھرىگۈلنى بۈگۈنلا ئەك-
لىۋالايلى ئاپا، مېنىڭمۇ كۆرگۈم كېلىپ كەتتى،
مەن ماڭاي.
— بىر نەرسە يەۋېلىڭ بالام، زۆھرە، ماۋۇ
پىننە سېلىنغان ناۋات چاي بالام...
زۇھەرىخان ئانا ھېلى تېخى ئىچ پۇشۇقىنى
ئالىدۇ دەپ، دەملىگەن چېيىنى كۆتۈرگىنىچە
زۆھرەنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى، بىراق ئۇ
خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن ئىدى.

* * *

ماشىنىنىڭ كۈچلۈك سىگنالى زۆھرەنى
ئېغىر خىياللار قوينىدىن تارتىپ چىقاردى، تۇمان-
مۇ تارقىلىپ ئەتراپ خېلى سۈزۈلۈپ قالغان ئىدى.
— ئۇ... ھوي ! نېمانداق يولغا ماڭماي ئادەم-
گە بىرىرىپ قاراپلا تۇرىغاندۇ ماۋۇ شوپۇر، —
دېدى ئىشدىشى زۆھرەنىڭ قولىدىن تارتقىنىچە
يولنىڭ چېتىدە توختىغان ماشىنىدىن ئۆزىنى قا-
چۇرۇپ، — ئۇ شوپۇر سىلىگە قاراۋاتامدۇ نېمە؟

— كىمنى دەيسىلە؟ — دېدى زۆھرە ئەتراپغا قاراپ.

— ئاۋۇ ماشىنىدىكى شوپۇرچۇ، ھازىرمۇ قاراپ تۇرىدۇ.

ئۇلار تەڭلا بۇرۇلۇپ قاراشتى، قارىدىيۇ زۆھرەنىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى. ئۆمەرمۇ نېمە؟ ئەجەب ئوخشايدا ئۇنىڭغا. زۆھرە يەنە بىر قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى. راستىنلا شۇ بولسا-ھە! ئۇ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ زۆھرە ئىشدىشنى تارتقىنىچە ئىتتىك مېڭىپ كەتتى. ماشىنىنىڭ كۈچلۈك سىگنالى زۆھرەنى يەنە بىر قېتىم بۇرۇلۇپ قاراشقا مەجبۇر قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دېدى ماشىنىدىكى ئادەم ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ، — مېنى تونۇمىدىڭمۇ زۆھرە؟ مەن ئۆمەرغۇ!؟

— نېمىشقا تونۇمىغۇدەكمەن، — دېدى زۆھرە چاناقلىرىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان ياشلىرىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ.

— بۇ يەردە ماشىنىنى توختاتقىلى بولمايدۇ، ماشىنىغا چىقىڭلار، ماڭغاچ پاراڭلىشايلى.

— تېخى ئىشتىن چۈشمىگەن، سەن كېتىۋەرگىن، — دېدى زۆھرە غەمكىنلىك بىلەن.

— مەن ئورنىڭلىدا رۇخسەت سوراپ قوياي، سىلە مېڭىۋېرىڭلا، ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى، — دېدى ئىشدىشى كۆيۈنگەن ھالدا، — بۈگۈن بەك چارچاپ كەتتىڭلا.

زۆھرە ئۆزىگە ھەر ۋاقىت دوستلۇق مېھرىنى يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقان بۇ ئاق كۆڭۈل ئىشدىشىغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلەن قارىدى ۋە ئارتۇقچە تارتىشىپ تۇرمايلا ماشىنىغا چىقتى. كۆزلەر رولىنىڭ ئۈستىدىكى كۆرۈش ئەينىكىدە ئۇچراشتى. ھەر ئىككى كۆز ياشلىق، ھەر ئىككى كۆز دەردلىك، ھەر ئىككى كۆزدە مۇڭ ۋە ئەلەم، ھەر ئىككى كۆزگە مۇشەققەتلىك كۈنلەر ئىز سالغان. ئۆمەر ماشىنىسىنى شەھەردىكى ئەڭ ئاۋات تېز تاماقخانىنىڭ ئالدىغا توختاتتى. زۆھرە شۇندىلا ئۆزىنىڭ تېخىچىلا ئىش كىيىمى بىلەن تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ھۇپپىدە قىزارغىنىچە:

— مەن كىرمەي، گەپ بولسا ماشىنىدىلا دېگىن، — دېدى.

— تاماق يېگەچ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىمىز، نەچچە يىل كۆرۈشمەي ئاران ئۇچراشقاندا بىر ۋاق تاماقنى بىللە يېيىشكە رايىڭ يوقما؟ — دېدى ئۆمەر نارازى بولغاندەك.

— ئۇنداق ئەمەس، مەن...

زۆھرە قىزارغىنىچە تۇرۇپ قالدى، ئۆمەر ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى ۋە زۆھرەنىڭ كۆزلىرىگە ئەلەم بىلەن قاراپ شۇنداق دېدى:

— مەيلى سەن قانداق كىيىن، سەن يەنىلا زۆھرە.

زۆھرە ئۈچىسىدىكى ئىش كىيىمىنى سېلىپ ماشىنىغا قويدى-دە، بىرى ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقاندەك قورۇنۇش ۋە ئەيمىنىش بىلەن ئۆمەرنىڭ ئارقىسىدىن تاماقخانىنىڭ ئايرىمخانىسىغا ماڭدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدا ئۆمەرنىڭ ماشىنىسىدىن چۈشكىنىمنى بىرى كۆرۈپ قالغانمىدۇ؟ گۆھەرنىسا باشقا ئىشداشلىرىمغا ئۆمەر بىلەن كەتكىنىمنى دەپ سالغانمىدۇ؟ بۇ قاسىماخۇننىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالارمۇ؟ ... دېگەندەك خىياللار ئەگىپ يۈرەتتى.

تاماق كەلتۈرۈلدى، ئۆمەر زۆھرەنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي بىر نەچچە خىل قورۇما بۇيرۇتقان ئىدى.

— مەن مۇشۇنداق بىر كۈننى كۈتكىلى ئۇزاق بولغان ئىدى، — دېدى ئۆمەر زۆھرەنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىگە تىكىلىپ، — سەنمۇ تۇرمۇشنىڭ قېقىل-سوقۇللىرىدا كۆپ رىيازەتلەرنى چېكىپسەن. مەنمۇ قامغاقتەك ھېلى ئۇيان، ھېلى بۇيان ئۇچۇپ يۈرۈپ مۇشۇ كۈنلەرگە ئۇلاشتىم. مەن جان قايغۇسىدا ئوغرىمۇ بولدۇم، بۇلاڭچىمۇ بولدۇم، قىمارمۇ ئوينىدىم. ئىشقىلىپ ھەممىنى قىلدىم. كېيىن قارىسام بۇنداق كېتىۋەرسەم بولمىغۇدەك، شۇڭا پۇل تاپقان پەيتىمدە،

دۇرۇس ئىشنىڭ يولىنى تۇتاي دەپ تىرىشىپ كېتىۋاتىمەن. ماڭا ئوخشاش ئادەمگە توغرا يولدا مېڭىشمۇ بىر گەپكەن، سەن دۇرۇس بولاي دېسەڭمۇ باشقىلار يول قويمايدىكەن. هازىر ئويلىسام، قىلغان ھەر بىر ئىشلىرىم ئۈچۈن ۋىجدان ئازابى تارتىمەن. بەزىدە شۇنداقمۇ ئويلاپ كېتىمەن، «ھەي ئۆمەر، شۇ ئىت جېنىڭنى دەپ تالاي بىگۇناھلارنىڭ رىزقىنى يەپ ياشىغۇچە ئۆلۈپلا تۈگەشسەڭ بولمامدۇ؟» لېكىن بۇ ھايات دېگەننىڭ مېھرى ئىسسىق نېمىكەن. مەن نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە ئۆلمەي ياشاپ كەلدىم، بىلەمسەن؟ سەن ئۈچۈن! ساڭا بولغان مۇھەببىتىم ئۈچۈن، ئەقىدەم ئۈچۈن، بەرگەن ۋەدەم ئۈچۈن! شۇڭا مەن بۈگۈن سېنىڭ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلىپ ئىپلاس كەچمىشلىرىمنى ئالدىڭغا تۆكتۈم. سېنىڭ دەردىڭگە دەرمان بولماق تۈگۈل دەردىڭنى ئاۋۇتتۇم، لېكىن بۇلارنى ساڭا دېمىسەم كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ. سەن مېنىڭ نەزىرىمدە شۇنچىلىك پاك، بىغۇبارسەن. مەن كېلىپلا سېنىڭ ئەھۋالىڭنى سۈرۈشتە قىلغان، سەن كۆپ جاپا چېكىپسەن، ماڭا بەرگەن پاك قەلبىڭ ئۈچۈن، ساڭا بەرگەن ۋەدەم ئۈچۈن، بىر ئەركەك بولغانلىقىم ئۈچۈن مەن سېنى خاتىرجەملىككە، بەختكە ئېرىشتۈرۈشۈم كېرەك ئىدى، مەن ئۇنداق قىلالمىدىم. بىلىمەن، سېنىڭ ئائىلەڭ بار، سەن بىر مېھرىبان ئانا، ۋاپادار ئايال، مەسئۇلىيەتلىك ئېغىر. مېنىڭمۇ ئائىلەم بار، يولۇمغا قاراپ تۇرغان ئايالىم بار. بىز بىر يۇلقۇنۇپلا بىزنى ھالسىراتقان كەچمىشلىرىمىزدىن، بىزنى ئوراپ تۇرغان سانسىز چەمبىرەكلەردىن ھالقىپ چىقىپ كېتەلمەيمىز، بىزنى تاتلىق ھېسلارغا چۆمدۈرگەن شۇ دەۋرىمىزگە قايتىپ كېتەلمەيمىز...

ئۆمەرنىڭ گېپى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇ كۆز ياشلىرى بىلەن جىمى دەردىنى زۆھرەنىڭ ئالدىدا يۇيۇپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك ياش تۆكمەكتە ئىدى. زۆھرەمۇ بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى، كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىنى بىرەر قۇر سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بىر تۈگۈنچەكنى چىقاردى.

— بۇ ئېسىڭدىمۇ ئۆمەر؟

ئۆمەر تىتىلىپ كەتكەن بىر ۋاراق قەغەز بىلەن ئۆگۈشكە باشلىغان ئۆزىنىڭ بىر سۈڭلۈق رەسىمىنى ئاستاغىنا قولىغا ئالدى. بىز كەلگۈسىدە چوقۇم ياخشى تۇرمۇش كەچۈرىمىز، — دەيتتى بۇغداي ئۆڭ، قوشۇما قاش، ئورۇق، ئېگىز بويلۇق كەلگەن بالا تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرغان ئاق پىشماق قىزنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىگە يېلىنىش بىلەن بېقىپ، — ماڭا ماقۇل دېگىن، ماڭا ئىشەنگىن، مەن راۋۇرۇس پۇل تېپىپ سېنى بەختلىك قىلىشقا كۆزۈم يەتمىسە، شۇ كۈندىن باشلاپ كۆزۈڭدىن يىتىمەن... ئۆمەر ئۇ كۈنلەرنى سانسىز، سانسىز قېتىم ئەسلىگەن، ھەر بىر ئويلىنىشىدا ئۆزىنى زۆھرەنىڭ ئالدىدا ئېغىر گۇناھكاردەك سەزگەن.

— مېنىڭ بىر تەلىپىم بار، ماقۇل دېگىن، — دېدى ئۆمەر بىر هازا جىمجىتلىقتىن كېيىن.

— ئاۋۋال ئېيتقىن.

— ياق، ئاۋۋال ماقۇل دەيمەن دەپ ۋەدە بەر، سېنىڭ پاكىز، ھالاللىقىڭ مېنىڭمۇ خۇشاللىقىم. سېنى تەڭقىسلىقتا قالدۇرىدىغان ئىش ئەمەس.

— ماقۇل، — دېدى زۆھرە ھۇپپىدە قىزارغىنىچە.

— بۇ پۇلنى ئالغىن، — دېدى ئۆمەر يېنىدىكى سومكىسىدىن چوڭ بىر بولاقنى ئېلىپ، — يولدىشىڭنى، قىزىڭنى قورقماي داۋالات، قالغىنىغا يەنە مەن بار.

— ياق، ياق ! ئالالمايمەن، ئۆزۈم داۋالىتىپ كېتەلەيمەن. ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتامسەن؟

— ياق. بۇ پۇلدا سېنىڭمۇ ئۇلۇشۇڭ بار، سەن بولغاچقىلا مەن مۇشۇنچىلىك ياشاپ كېلەلىدىم. بۇ ساڭا ئاتاپ قويغان پۇلۇمنىڭ بىر قىسمى.

— شۇنداقتىمۇ ئالالمايمەن.

www.uyghurkitap.com

— پۇلۇڭ پاكىز ئەمەس دېمەكچىمۇ سەن؟

— ياق. بەك كۆپكەن، مېنىڭ ساڭا قەرز بولۇپ قالغۇم يوق. يەنە كېلىپ ئۆيۈمدىكىلەرگىمۇ چۈشەندۈرەلمەيمەن.

— بىزنىڭ ئارىمىزدا قەرز دەيدىغان گەپ يوق، سىڭلىم بولساڭغۇ بولار؟ ئالمىساڭ مەن رەنجىيمەن.

زۆھرەنىڭ بوغۇزىغا قاتتىق بىر نېمە كەپلىشىپ قالغاندەك ئازابلاندى. مەن ئۆزۈمنى تەلەيسىز، بەختسىز ساناپ يۈرۈپتىمەن. ئەمەلىيەتتە جاھاندىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم مەن ئىكەنمەن! ئۆمەر شۇ ۋاقىتتىكى ۋەدىسى، لەۋزى، مۇھەببىتى... ئۈچۈن ھېلىھەم ماڭا ئەقىدە قىلىپ يۈرۈپتۇ. مېنىڭ مۇشۇ نامرات، غېرىب، سەت تۇرقۇمنىمۇ ئۇ ئوخشاشلا ياخشى كۆرىدىكەن، بىزگە شۇنچىۋالا چوڭقۇر مېھرنى سالغان خۇدا نېمىشقا رىزقىمىزنى بۆلەك قىلىپ قويغانسەن؟ نېمىشقا؟! زۆھرەنىڭ تاراملاپ تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرى تېخىچە نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرغان ئۆمەرنىڭ قولىدىكى بولاققا تامماقتا ئىدى. زۆھرە قولىنى ئۇزاتتى، پۇلغا ئەمەس، ئۆمەرنىڭ پۇل تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىغا ئۇزاتتى، كۆز ياشلار قوشۇلۇپ يۈرەكتىكى ھەسرەتلەرنى يۇيماقتا ئىدى.

— سەنمۇ ماڭا ۋەدە بەر، ئەمدى ھەرقانداق يامان ئىشنى قىلماسلىققا، تىنچ-ئامان ياشاشقا ۋەدە بەر، — دېدى زۆھرە ئۆمەرنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— مەن ئۇ ئىشلاردىن قول ئۈزدۈم، ماقۇل، مەن ۋەدە بېرەي، لېكىن سەنمۇ مېنى يات كۆرمەسلىككە، بېشىڭغا ھەرقانداق كۈن كەلسە ماڭا دېيىشكە ۋەدە بەر، ياخشى ياشاشقا ۋەدە بەر، — دېدى ئۆمەرمۇ ئالقانلىرى بىلەن زۆھرەنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

ئۇلار سىرتقا چىققاندا ئەتراپ ئاللىقاچان گۇگۇم قوينىغا چۆككەن ئىدى. زۆھرەنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرغان قاسىماخۇن بىلەن زىۋەرىخان ئانا ئۇنىڭ قىزىرىپ، ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ ھېچنېمە دېمىدى. زۆھرە ئانىسىنىڭ ئالدىدا گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغان كىچىك بالىدەك ئۈندىمەستىن بېرىپ نۇربىگۇلنى ئالدى-دە، قىزىنىڭ يۇمران مەڭزىگە مېھرى بىلەن سۆيدى.

* * *

— ھۇي ئىمانسىز خوتۇن! شۇنداقمۇ قىلامدۇ كىچىك بالىنى، شۇ بالىنىڭ قىساسىنى بېرەر خۇدايىم! — دېگىنىچە سىرتتىن بىرنى قارغاپلا كىرگەن زىۋەرىخان ئانا ئىشتىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن زۆھرەنى كۆرۈپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى، — قاراڭ جېنىم بالام، مېھرىگۇلنىڭ ئاپىسى بولغان تۇزكور خوتۇن مېھرىگۇلنى بىرىگە بېرىۋېتىپتۇ. ئۇ خەقنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشتۇرماسلىقىمۇ ئېنىق ئەمەسمىش، قىزىل قۇرت بالىغىمۇ ئادەم چىدىمايدۇ، چوڭ بولغان بالا تۇرسا ئۇ. قانداقمۇ قىلارمەن، قانداقمۇ قىلارمەن!

— كىم شۇنداق دەيدۇ ئاپا، بىكار گەپتۇ ئۇ؟!

— قوشنىلاردىن بىرى شۇنداق دېۋىدى، ئىشەنمەي بېرىپ كەلدىم. راست شۇنداقكەن. بەرسەم ئۆزۈمنىڭ بالىسىنى بەردىم دەيدا تېخى.

— بېقىۋالغۇچىلارنىڭ ئۆيى نەدىكەن؟ بىلەلىدىڭىزمۇ؟ قەيەرلىك خەقكەن؟

— قوشنا مەھەللىلىك دەيدۇ، ھە راست، قوشنىمىزنىڭ ئېيتىشىچە، ئېرىنىڭ ئىسمىنى ئۆمەر دېدىمۇ، شۇنداقراق بىر گەپنى قىلغان.

— نېمە؟ ئۆمەر؟! — توغرا، ئۇ مۇۋاپىق بولسا بالا بېقىۋالىمىز دېگەندەك قىلغان، شۇ بولمىسۇن يەنە.

زۆھرە ئاخشام ساندۇققا سېلىپ قويغان ئۆمەر بەرگەن ھېلىقى بولاقنى ئالدى-دە، ئۇچقاندەك سىرتقا يۈگۈردى. ئەگەر راستتىنلا ئۆمەر بولسا ئىش ئاسانلىشىدۇ، باشقا ئۆمەر بولسىمۇ، مېھرىگۇلنى قايتۇرۇپ ئەكىلەلەيدۇ. چۈنكى قولىدا پۇلى بار، قانۇن ئورۇنلىرىغا ئىنكاس قىلىسىمۇ بولىدۇ، بەك ئامال قىلالمىسا ئۆمەردىن ياردەم

سورايدۇ. نېمىلا بولمىسۇن مېھرىگۈلنى خەققە بەرگۈزمەيمەن. ئىسىت! ساڭا بەرگەن بالا... ئىلاھىم، ئۆمەر بىلەن ئوسال ئەھۋالدا ئۇچراشتۇرمىغايسەن !... زۆھرە ئاچچىق، ئەلەم ۋە ئەندىشىلىك خىياللار ئىچىدە ئۆمەرنىڭ بۇرۇنقى ئۆيىگە كەلدى. ھويلىدا بىر ياش ئايال ھەدەپ بىر قىز بالىنى گوللاش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتاتتى. زۆھرە قاراپلا بالىنىڭ مېھرىگۈل ئىكەنلىكىنى بىلدى-دە، غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— بالامنى قايتۇرۇپ بەر!

چۆچۈپ كەتكەن ئايال ئۆزىگە نەشتەردەك قادىلىپ تۇرغان زۆھرەنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالدى ۋە نېمە قىلارىنى بىلمىگەندەك ئۆيگە قاراپ توۋلىدى:

— ئاپا، ئۆمەر!

— زۆھرەگۈل قىزىمكەنغۇ، قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى بالام سىلىنى، — دېدى ئۆمەرنىڭ ئانىسى ئۆيدىن چىقىپ مېھرىگۈلنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرغان زۆھرەگە قاراپ، — ئۇزاق بولدى بالام ئۆزلىرىنى كۆرمىگىلى، ئۆمەر كەتكەن شۇ چاغلاردا ھېلىمۇ سىلى بولۇپ قاپتىكەنلا بالام، پات-پاتلا ئەسلەپ قالىمەن.

— مەن، مەن بۇ بالىنى قايتۇرۇپ كېتەي دەپ كەلگەن، — دېدى زۆھرە ئوڭايسىز بىر ھالەتتە.

ئاپىسى بىلەن تەڭلا چىققان ئۆمەر نېمە ئىشلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدى-دە، زۆھرەدىن ئەپۇ سورىدى:

— سېنىڭ قىزىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمىز، كەچۈرگىن. بالا بېقىۋېلىش نىيىتىمىز بولغاچقا ئاپام بىلەن ئايالىم قوشنىلاردىن سۈرۈشتە قىپتىكەن، مېھرىگۈلنىڭ ئاپىسى قىزىم ياخشى كۈن كۆرسە، بېقىۋېلىشقا بەرسەم دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن...

— زۆھرەگۈل ئاپا، مەن سىزگە جاپا سالمايمەن، ئۇكامنى بېقىشىپ بېرىمەن، مېنى بېرىۋەتمەڭلار، ئاپام مېنى ئۇلارغا بەرمىسۇن... — ئەمدىلا يىغىدىن توختىغان مېھرىگۈل يەنە زۆھرەگە ئېسىلىپ قايتىدىن يىغلاشقا باشلىدى.

— قىزىم، سىزنى ئەمدى ھېچكىمگە بەرمەيمەن، ئۆزۈم باقىمەن، — دېدى زۆھرە مېھرىگۈلنى بەزلەپ.

— زۆھرە، مەن سېنىڭ قىزىڭ ئىكەنلىكىنى راستىنلا بىلمەپتىمەن، ساڭا يەنە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىپتىمەن، خاپا بولمىغىن، — دېدى ئۆمەر زۆھرەدىن ئەپۇ سورىغاچ ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، — ئاپامغا كۆپ ياخشىلىق قىپسەن، ئۇنىڭ ساڭا ئېيتىدىغان رەھمىتىمۇ بار تېخى.

— مەن قايتاي، — دېدى زۆھرە كەسكىن بىر خىل تەرزدە، — ئاپام ئۆيدە يىغلىغانچە قالغان، خاتىرجەم قىلىپ قوياي.

ئۆمەر زۆھرەنىڭ كۆزلىرىدىكى ئاچچىق، تەنە، قېيداشتىن ھەممىنى چۈشەندى. ئەگەر شۇ تاپتا ھويلىدا ئاپىسى، ئايالى بولمىغىنىدا، زۆھرە ئاخشام ئۆمەر تۇتقۇزۇپ قويغان بولاقنى ئۇنىڭغا شۇ پېتى تۇتقۇزۇپ قويۇپلا كەتكەن بولاتتى. ئۆمەرگە زۆھرەنىڭ چېھرىدىكى تۇرمۇشنىڭ رىيازەتلىرى ۋاقىتسىز ئىز سالغان قورۇقلارمۇ تولىمۇ سۆيۈملۈك، قەدىرلىك بىلىندى. ئۇ ئاپىسى بىلەن ئايالى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويغان زۆھرەنى كۆزلىرى بىلەن، يۈرىكى بىلەن، سۆيگۈسى بىلەن ئۇزىتىپ قالدى.

زۆھرە ئۆيگە كەلگەندە زىۋەرىخان ئانا تېخىچە مىشىلداپ يىغلاپ ئولتۇراتتى.

— ۋاي جېنىم بالام، ھېلىمۇ زۆھرەگۈل ئاپاڭ بولۇپ قاپتۇ، بولمىسا ئاپاڭ دېگەن باغرى تاش سېنى نەدىكى بىر كىشىلەرگە بېرىۋېتىسە قانداقمۇ قىلاتتۇق بىز، — دېدى موماي مېھرىگۈلنى باغرىغا بېسىپ.

— ئۇلارغۇ ياخشى ئادەملەر ئىدى، — دېدى زۆھرە زىۋەرىخان ئانىنىڭ «نەدىكى بىر كىشىلەر» دېگەن گېپى ياقمىغاندەك.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۆيدە بۇ توغرۇلۇق ئارتۇق گەپمۇ بولۇنمىدى. مېھرىگۈلمۇ ئاپىسى



www.uyghurkitap.com

نىڭ ئۆزىنى خەققە بېرىۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئاستا - ئاستا ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىدى. زۆھرەنىڭ خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، مۇنتىزىم داۋالىتىشى بىلەن نۇربىگۈلمۇ ئاستا - ئاستا ياخشىلىنىشقا قاراپ ماڭدى. لېكىن زۆھرە كۈندىن - كۈنگە غەمكىنلىشىپ قالدى، ئۇ ھەمىشە بىر نېمىسىنى يىتتۇرۇپ قويغاندەك ئەتراپىغا ئۈمىد ۋە تەشۋىش بىلەن قارايتتى.

* * *

ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن زۆھرە ھويلا - ئاراملارنى ئەمدىلا تازىلاپ بولۇپ ئۆيىگە كىرىشىگە ھويلىنىڭ ئىشىكى يەڭگىل قېقىلدى. زۆھرە ئىتتىك بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى ۋە ئېسىل كىيىنگەن ئۆمەرنىڭ ئايالىنى كۆردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! تىنىچ - ئامان تۇرۇپسىز، — دېدى ئۆمەرنىڭ ئايالى زۆھرەنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا، — مەن بەك ئالدىراپ كەلگەن ئىدىم، گېپىمنى دەۋېلىپلا كېتىمەن. مەن ئۆمەرنى تونۇغاندىن تارتىپ ئۇنىڭ سىزنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇپ قالمىغىنىنى بىلىمەن، ھەتتا ئۇ ھايات - ماماتلىق كۈنلەردىمۇ ئەڭ ئاۋۋال سىزنى ياد ئەتتى. مەن ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان، ئەگەر سىزنىڭ ئائىلىڭىز بولمىغىنىدا مەن ھازىرلا ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ سىلەرنى مۇرادىڭلارغا يەتكۈزۈپ قوياتتىم، بۇنداق دېسەم مېنى پەرىشتىمىكىن دەپ قالماڭ، بەزىدە سىزگە شۇنداق ھەسەت قىلىمەن، لېكىن ئامال يوق. ئۇ مېنى بۇ دۇنيادا قايتا ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا خوتۇن ھەم سىرداش دوست بولۇشۇم كېرەك. شۇڭا مېنىمۇ دوستىڭىز، قېرىندىشىڭىز قاتارىدا كۆرۈڭ. بىلەمسىز، ئۆمەرنىڭ ياخشى كۈنلىرىدىن رىيازەتلىك كۈنلىرى كۆپ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ جاپالىرىنى ئۇنتۇپ سىز ئۈچۈن بەك ئازابلاندى. سىز نېمىدېگەن تەلەيلىك ! ئۆمەر بۇ نەرسىنى سىزگە بېرىپ قويۇشۇمنى ئېيتقان. بىز ھازىرلا يولغا چىقماقچى، ئامان بولۇڭ ! ئۆزىڭىز ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۆمەر ئۈچۈن !

زۆھرە ھېچنېمە دېيەلمەي ئۈن - تىنسىز قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا پەقەت «ئۆمەر كېتىدىكەن» دېگەن بىرلا ئۇقۇم جاراڭلايتتى. ئۇ ئېسىنى يىغىپ قارىغاندا ئۆمەرنىڭ ئايالى ئاللىقاچان خېلى يەرلەرگىچە بېرىپ بولغان ئىدى، ئۇ قولىدىكى ئوراقلىق نەرسىنى ئاستا ئاچتى.

بىر مۇنچە كىنىشكا، قەغەز دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ ئۈستىدە بىر پارچە خەت تۇراتتى.

قەدىرلىك زۆھرە:

مەن يەنە كەتمەكچى بولۇۋاتىمەن. يېنىڭدا تۇرۇپ ساڭا گەپ قىلالمىسام، قارىيالمىسام مەن بەك ئازابلىنىدىكەنمەن، مېنى كەچۈر. ساڭا قالدۇرغىنىم بىر ئۆينىڭ خېتى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار ھۆججەتلەر. مەن ساڭا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىدىم. ئۇ ئۆي ساڭا تەۋە. كىنىشكىدا يەنە قىزىڭنى داۋالىتىش ئۈچۈن 30 مىڭ يۈەن قالدۇردۇم. خىراجەت قىلغىن. ئۇلارنى يەنە ئاپامنىڭ قېشىغا كۆتۈرۈپ كەلمە. مەن ئۆيۈمدىكىلەرگىمۇ يېتەرلىك قالدۇردۇم. يەنە يانفونغا كارتا بېجىرىپ سېلىپ قويدۇم، ئىشلەتسەڭلا بولىدۇ. مېنىڭ كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلغىن. تېلېفونغا مېنىڭ بىر نەچچە ئالاقىلىشىش نومۇرۇمنى قالدۇردۇم. ماڭا قاچان ھاجىتىڭ چۈشسە، ماڭا بەرگەن ۋەدەڭنى ئۇنتۇپ قالما.

ئامان بولغىن!

ئۆمەر

زۆھرە قولىدىكىنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە ئۆمەرنىڭ ئايالى كەتكەن تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. يولدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى، ئەتىگەنكى قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى ئەتراپىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

(ئاپتور كۇچا ناھىيەلىك 5-ئوتتۇرا مەكتەپتە)

مۇھەررىر **قاھار نىياز**




## جىمجىت سۆزلەش

ھارغىنلىق ئۆرلەيدۇ روھقا ئىسلىپ،
ئاسماننىڭ ئاۋازى چۈشەر لەپىلدەپ.
مۆڭگۈلانغان قارلاردا ئىزنىڭ سىماسى،
ئىرىدىم باھاردەك زۇلفۇڭنى ئەسلەپ.

زىكىرلەر ياڭرىسا سىھىرلىك تىلدا،
قۇشلارمۇ كىرىشەر جىمجىت تىزىلىپ.
مەستخۇشلۇق ئىلكىدە تالانىڭ يۈزى
كۆك بىلەن مۆڭدىشار تۈنگە قول بېرىپ.

كېتىدۇ ئۇ بىلەن چاقنىغان قەلبىم،
قاراڭغۇ كارىدور ئىچىگە يورۇپ.
ئۇ يەردە بىز ئۇچۇن سۆز تۈزەر ئىگەم،
نۇر پۈتكەن كىتابنى ئالدىغا قويۇپ.

بۇ دەمدە جىمجىتلىق يېيىلار غۇۋا،
يارىمنىڭ چېچىغا سۈرگەن كۆزلىرىم.
ھەممىدىن ۋاز كېچەر پىچىرلاپ تۇرۇپ،
كېچىگە سىڭگەنچە سەنسىز سۆزلىرىم.

## قىزغىن يار

ئەينەكتىن سىرغىغان سىيمالىرىڭدىن
چاچلىرىڭ سەھەردەك يۈزۈمگە چۈشەر.
چۈشلىرىم سەن ئۇچۇن ئوقۇسا شېئىر،
جان قۇشۇم يۇلقۇنۇپ يېنىڭغا كېتەر.
يېنىڭدا ئويغانسام يېتىپسەن كۈلۈپ،
قىزغىنلىق قېنىڭدا نۇردەك دەۋرىگەن.
سۆيگۈدە قوزغىسام بۇلۇتلىرىڭنى،
نەقەدەر تېتىملىق سەندە كۆك دېگەن.

ئاداققى ساباھتىن شەپەققە قەدەر،
ئاقىمىز، يەلپۈنۈپ مۇنبەت قىرغاققا.
دېڭىزدەك خىيالدا تۇرما ئەي سەنەم،
سىڭىپ كەت ئىشقىمنىڭ قات-قاتلىرىغا.
ئۇ قاتتا بالدۇرراق كۆكلىگەن گۈگۈم،
بۇ قاتتا قۇملارنىڭ ئۆركەشلىرى بار.
قىزىيدۇ تېنىمىز سۇنىڭ مەۋجىدە،
بوژغۇندا بىز گويا بىر جۈپ چېكىت يار.

(ئاپتور پەيزاۋات ناھىيە غولتوغراق يېزىلىق ھۆكۈمەتتە)

ئەھمەد يۇسۇپ سەرداھى

# تۈننىڭ قانىتى

## خىيالنىڭ ئىچىدە يەنە خىيال بار

خىيالنىڭ ئىچىدە يەنە خىيال بار،
مەن ئاڭا يۈرەكنى قاقلىدىم ئۇزاق.
تۇرمۇشنىڭ ھارۋىسى غىچىرلايدۇ سۇس،
شېئىرغا جان بەردىم، يارىمغا پىراق!

كۆڭۈلنىڭ شېخىدا ئۇخلايدۇ كەچ كۈز،
ئاھىمدىن سايىدىكى تاشنىڭ باغرى قان.
يالىڭاچ تېنىمنى ئاپتاپقا سالدىم،
بىر كەپتەر چۆللەردىن ئىزلەپ يۈرەر دان.

يارىمنىڭ چېچىدەك تۈننىڭ قانىتى،
بۇ ئاجىز كۆزۈمدە چېچەكلەيدۇ چوغ.
ئۆزۈمنى يەلپۈيمەن ئۆزۈمدىن چىقىپ،
دېرىزەم سىرتىدا يەنىلا جۇت-سوغ.

گۈللەرنىڭ تىنىقى ئوت بولدى چوقۇم،
لېۋىمدە مەي بولدى بىر تال بۆلجۈرگەن.
كىمتى ئۇ ھاياتنىڭ نازاكىتىنى
ۋاقىتنىڭ دارىغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەن!

تۈيغۇمدەك قاراڭغۇ كېچىدىن چىقىپ،
جېنىمنى سايراتقان يارىمنىڭ ئۈنى.
بىر كۈندەك ھېس قىلار ئىدىم مىڭ يىلنى،
ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلسە شۇ كۈنى.

ھاياتنىڭ مېھرىنى يېشىمدا يۇيۇپ،
كەل ساقىي، قەدەھكە قۇيغىن تولدۇرۇپ.
خىيالنىڭ ئىشىكىن ياپتىم جىمىمدە،
يارىمنىڭ چېچىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ.

## بىر قىزچاق كېلىدۇ چېچىنى ئويناپ

ھاياتنىڭ بىر يۈزى چېچىڭدەك قارا،
بىر يۈزى ئىسمىڭدىن نازغىنان چىمەن.
نالەمدىن قانايدۇ كۆڭۈل يارىسى،
سەن كىرگەن يوللاردىن يالغۇز چىقىمەن.

ئەڭ قەدىم كۈيلەرگە ئىسقىرتىپ باقتىم،
يۈرەكنىڭ تارىسى كەتتى ئۈزۈلۈپ.

بۇ سوغۇق باغرىمدا بىر دەريا ياتار،
مەن ئۇندا ئاقىمەن ياشتەك سۈزۈلۈپ.

كىرپىكىم شېخىدا تۈن ياپراقلىرى،
بەك تەستە ئوقۇدۇم بۈگۈن كېچىنى.
ئوغلۇمغا قانداقچە بېرىمەن سۆزلەپ،
يارىمنىڭ قىرىق تال ئۈزۈن چېچىنى؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋاقتىنىڭ يۈزىنى سىيپايدۇ شامال،
ئىچىمدە ئەڭ تاتلىق ئۇخلاپ ياتار قىش.
يۇلتۇزدەك چاراقلاپ جىمجىت كېچىدە،
نەقەدەر گۈزەل ھە يارغا خەت يېزىش.

چۈشۈمگە يېقىلغان دەرەخ تۈۋىدىن
تەردىم مەن كۆڭۈلنىڭ سۇنۇقلىرىنى.

خىيالغا خىيالدەك يۆلىنىپ تۇرۇپ،
ئەسلىدىم يارىمنىڭ قىلىقلىرىنى.

شۇ قەدەر چىرايلىق چېچەكلەيدۇ غەم،
ھايات ئىشىكىدىن ئۆتمەن توختاپ.
شېئىرنىڭ ئاخىرقى مىسراسى ئارا،
بىر قىزچاق كېلىدۇ چېچىنى ئويناپ.

## ئۆيۈڭگە باغرىمنى چۈۋۈپ كىرىمەن

ئىچىمدە ياتمىدى، يەتمەس يا ساڭا،
قىپقىزىل بۇغدايدەك بۇغداي سۆزلىرىم.
لېۋىڭگە يەلپۈنگەن ئاۋازىم يارا،
بۇلۇتلۇق ئاسمىنىڭ چۈشمەيدۇ يېرىم.

جېنىمغا جان بولغان جاندۇر تېۋىشىڭ،
چاچلىرىڭ سۇركىلىپ ئۆتتى مېھرىمگە.
گۈل قىسسىپ ئالدىمغا چىقارسەنمىدىڭ؟!
بىر ئېرىق سۇ باشلاپ كىرسەم تېنىڭگە.

كۆزۈڭدەك قاراڭغۇ ئورمانلىق بۇ دەم،
ئوت كۆيەر مەن قونغان بىر تۈپ دەرەختە.
بىر سەنسىز قەيەردىن ئىزلەيمەن مەلھەم،
نە دەرەخ، ئوت كۆيسە كۆڭگەن يۈرەكتە.

ناخشامدا چۈشۈڭنى قىلىپ پاتپاراق،
بۇ كېچە ئۇيقۇڭنى بۇزۇپ چىقىمەن.
كۆر، دىلبەر! سەبرەمدە تىك تۇردى پىچاق،
ئۆيۈڭگە باغرىمنى چۈۋۈپ كىرىمەن.

(ئاپتور كەلپىن ناھىيە چىلان يېزا مەركىزى مەكتەپتە)

توخسۇن ھۇسىيىن ئەلقۇت

# سىغىنىشنىڭ ئاۋازى

## ئۆرۈم چاچلىق قىز

سەھەر چىقساڭ ھويلاڭغا ئەگىشتۇرۇپ سايەڭنى،
ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي قاياقىدۇ مۆكۈندى.
تاقىر باشلىق تاغلارنىڭ، بوستان چاچلىق باغلارنىڭ
پۇت-قوللىرى سىرقىراپ ئايىغىڭغا يۈكۈندى.

ئاپپاق ساقال يىلتىزلار گىرە سالغان ئانا يەر،
پۈچىلاندى قىل كەبى، قەلبى ئوتتا داغلاندى.

چۈچۈلغان تورغايىنىڭ ساداسىدا مىڭ نىدا،
چاچلىرىڭنىڭ تالىغا ئەقلى-ھوشى باغلاندى.

يوپۇرماقنىڭ يۈرىكى مونچاق-مونچاق ياشلاندى،
قۇياش تۇرۇپ ئورنىدىن جۈپ كۆزۈڭگە تاشلاندى.
ئاشىق سابا ئۇشبۇ دەم گويا يېتىم بوتىلاق،
ئاداققى رەت سەن ئۈچۈن جان بەرمەككە راسلاندى.

## سىغىنىشنىڭ ئاۋازى

خىيالىم كۆزىدە ئۇچىسەن لەپ-لەپ،
شەبنەمدەك غۇبارسىز سۈزۈك قۇش بولۇپ.
سىلىماق بولىمەن قاناتلىرىڭنى،
بىر دەستە كۈلكىگە چۆمۈپ ئولتۇرۇپ.
چېچىڭنى ھىدلىماق بولىمەن يەنە،
ئايلىنىپ مەڭگۈلۈك ئاشىق ساباغا.

قونماقچى بولىمەن كىرپىكلىرىڭگە،
ئايلىنىپ بۇرۇتى خەت تارتقان قارغا.
خىيالىم بەرگىدە تۇتەر سىغىنىش،
ئاۋازى سەندەكلا سۈزۈك مۆقەررەر.
كەل كۆكلە جېنىمدا — كۆكلەيلى بىللە،
نۇر چېچىپ زېمىندىن قۇياشقا قەدەر.

## ھايات ئوخشار ئۈزۈن سەپەرگە

مەن ھاياتنى قىلدىم تەسەۋۋۇر،
دۇپدۇگىلەك چەمبەر شەكلىدە.
تۇغۇم بىلەن ئۆلۈم ئارىسى،
بىر مىنۇتلۇق بىلىسەڭ ئەسلىدە.
سەن يۈرىسەن يۈرىدۇ ھەممە،
ھاياتلىقتا كۈنسېرى ئالغا.

گاھ بەختتىن ئۇچىسەن كۆكتە،
گاھ قورام تاش ياتار يولۇڭدا.
سەن ئۆزۈڭنى تونۇيسەن ئاخىر،
ھايات ئاتلىق ئۈزۈن سەپەردە.
سەن ئۆزۈڭنى بىلگەن چېغىڭدا،
كۆزلىرىڭنى تورار چۈمپەردە.

(ئاپتور گۇما ناھىيە كېلياڭ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە)

**ئايزىت**

# يېشىل يوپۇرماق

## سۆيۈپ كەت نىگار

شامالنىڭ غۇبارسىز قوينىدا ئۇچۇپ،
يۈرىدۇ چارىسىز يېشىل يوپۇرماق.
ساھىلغا قوشۇلۇپ كەتتى مۇڭلىرىم،
بەختلىك شۇ دەمدە پەقەتلا قىرغاق.
يىراقتىن دولقۇنلار كېلىپ ھەر كۈنى،
ئىنتىلىپ سۆيىدۇ قىرغاقنى پەقەت.

يۈرەكنىڭ قېتىغا كۆمۈلگەن بىر ئوت،
كۆيىدۇ ھىجرانغا چاچرىتىپ نەپرەت.
ئۈمىدتە يۈرىمەن ساھىلدا پىنھان،
قىرغاقتەك يولۇڭغا بولۇپ ئىنتىزار.
كۈتكىنىم توختىغان كېمىلەر ئەمەس،
دولقۇن بوپ سەن مېنى سۆيۈپ كەت نىگار.

## خۇلقۇڭ

غەمكىن يامغۇر تامچىلار سۈزۈك،
يوللار جىمجىت ئاڭلار تىۋىشنى.
ئاشىق شامال ئەگىدۇ غېرىب،
سىغىنغاچقا يامغۇر ھىدىنى.
يامغۇر سىڭگەن شامالار بىلەن،
ۋاراقلىدىم كەچمىشلىرىمنى.

ھەر بىر بەتكە لىق تولغان ھەسرەت،
يەتتە رەڭگە چىلايدۇ مېنى.
بۈگۈن ياققان ئاق يامغۇر ئارا،
سىزدىم پەقەت رەڭسىز تۇرقۇڭنى.
شامال سۆيسە چېچىڭنى جىمجىت،
ئۇنۇتمىغىن نازۇك خۇلقۇڭنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۇلتان ھاشىم



# يەر شارىغا مۇھەببەت

(فانتازىيەلىك پوۋېست)

— جانابلار، بىز قۇدرەتلىك ئالەم كېمىلىرىمىز، ھەم كۈرەشچى ئايروپىلانلىرىمىزغا تايىنىپ، ئالەم بوشلۇقىدىكى قولىمىز يەتكەنلىكى يەرنىڭ ھەممىسىگە خوجايىن بولۇپ كېلىۋاتىمىز، — يىراق نامەلۇم سەييارىنىڭ ھۆكۈمرانى سۇرلۇك ھەم غەزەپلىك ئىدى، — ھازىرغىچە بىزگە ھېچكىم تەڭ كېلەلىگەن ئەمەس! ئەمما، بىز بۈگۈنكى كۈندە ئېنېرگىيە مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قېلىشتەك ئېغىر خەتەرگە دۇچ كەلدۇق. ئۇران كانلىرىمىز بىر-بىرلەپ تاقالماقتا، رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك، ئەگەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئېنېرگىيە مەنبەسىگە ئېرىشەلمەسەك، ئۈزۈل-كېسىل بەربات بولۇش قىسمىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايمىز. ئەجدادلىرىمىز مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە قۇدرەت تاپقۇزغان بۈيۈك سەييارىمىزنىڭ خاراب بولۇشىنى

كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا بىزنىڭ ھەققىمىز يوق! مەن چەكسىز كائىناتتا، بىزنىڭ ئايىغىمىز تېخى يېتىپ بارالمىغان يەرلەردە، بىزگە لازىم بولغان خام ئەشياسى مول سەييارىنىڭ تېپىلماسلىقىغا قەتئىي ئىشەنمەيمەن. سىلەر ئالەم كېمىسىنى زاپاس ئېنېرگىيەنىڭ بىر قىسمى بىلەن تولۇقلاپ ئالەم بوشلۇقىنى ئىچكىرىلەپ قىدىرىشقا يۈرۈش قىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسىلەر. جانابلار، بىزدە ئۆزىنى بۈيۈك سەييارىمىزغا بېغىشلايدىغان پىداكارلىق بولۇشى كېرەك. بىز چوقۇم خام ئەشياسى مول سەييارىنى تېپىشىمىز كېرەك!

يېرىم چەمبەر شەكلىدە قويۇلغان پارقىراق، ھەشەمەتلىك ئۈستەللەرنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلار، ئالەم ئۇچقۇچىلىرى ئورۇندۇقلارغا قاتۇرۇپ قويغاندەك مىدىر-سىدىر قىلماي بۇيرۇقنى ئاڭلىماقتا ئىدى. بۇئادەملەر خام ئەشيانىڭ ئۈكسۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىشەتتى. پەن-تېخنىكىنىڭ قۇدرىتى تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان دەرىجىدە تاكامۇللاشقان بۇ بۈيۈك سەييارىدە، ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقان قۇلايلىقلاردىن خالىغىنىچە بەھرىمەن بولۇپ، راھەت-پاراغەتكە بېرىلىپ كەتكەنىدى. ئوزۇقلىنىش، كىيىم كىيگۈزۈش-سالدۇرۇشتەك ئەڭ ئادەتتىكىدەك ئىشلارغىمۇ ماشىنا ئادەملەر قويۇلدى. ماشىنا ئادەملەر سەييارىدىكى ئادەملەرنىڭ سانىدىن ئىككى ھەسسىگە باراۋەر ئېشىپ كەتتى. ھەممىلا نەرسىگە ئېنېرگىيە لازىم ئىدى. ئۇلار ئېنېرگىيە تېجەيدىغان كەشپىياتلارنى ياراتتى، ئەمما ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىدىغان خام ئەشيانى ھاسىل قىلالمىدى.

خام ئەشيا! ئۇ ئوزۇقلۇقتەك مۇھىم ئىدى. ھېچكىمنىڭ راھەت-پاراغەتتىن ۋاز كېچىپ، ھالاكەتنى كۈتۈپ ئولتۇرغۇسى كەلمەيتتى.

* * *

سىرت بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ئاپپارات ئېكرانىنىڭ قىزىل چىرىغى ئۆچۈپ-يېنىپ، سۇس غوڭۇلداپ سىگنال بەردى. يادرو فىزىكىسى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى كۆنۈپكىنى باستى. ئېكراندا 50 ياش چامىسىدىكى كۆزەينەك تاقىغان، تاقىرباش ئادەم نامايان بولدى، چىرايى تەشۋىشلىك كۆرۈنەتتى.

— سالامەتمۇ سىز ياڭ پىروفېسسور، — دېدى ئېكراندىكى ئادەم، — مەن «ئالەمگە ساياھەت» شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بولىمەن. تىنچلىقىڭىزنى بۇزغانلىقىم ئۈچۈن كەچۈرۈڭ... ئەمما شۇنداق قىلمايمۇ بولمىدى... سىزگە مەلۇم قىلىپ قويۇشۇم كېرەك...

پېشقەدەم ياڭ پىروفېسسور ئۆزىنى دىرېكتور دەپ ئاتىغان بۇ ئادەمنى تونۇمايتتى، شۇڭا:

— قۇلىقىم سىزدە، — دېدى ئارتۇق گەپ قىلىشنى راۋا كۆرمەي.

— كەچۈرىسىز پىروفېسسور، مەن كۆڭۈلسىز بىر خەۋەرنى يەتكۈزمەكچىمەن. شىركىتىمىزنىڭ «سامانيولى» ناملىق ئالەم ئايروپىلانى 25 ئادەمنى ئېلىپ ساياھەتكە ماڭغانىدى. ئالەم تەتقىقاتى مەركىزىدىكىلەرنىڭ بىزگە مەلۇم قىلىشىچە، «سامانيولى» نىڭ ئالەم تەتقىقاتى مەركىزىدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى تۇيۇقسىزلا ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ھازىرغىچە ئەسلىگە كەلمەيۋاتىدۇ. دېمەكچىمەنكى... دېمەكچى بولغىنىم، — دىرېكتور دۇدۇقلاندى، — سىلەرنىڭ ... تەتقىقات ئورنىدىكى دوكتور ئېكرام ئەلى ئاشۇ ئايروپىلاندا ئىدى...

پىروفېسسورنىڭ كۆزئالدى غۇۋالاشتى، دىرېكتورنىڭ گەپلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرمىدى. «ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالدى» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىلا، بىر قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتتىن بېشارەت ئىدى. «خاتا ئويلاپتىمەن، — دەپ پىچىرلىدى ئىستىبداتلىق ياردەمچىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ قالغان پىروفېسسور ئەلەم بىلەن، — خاتا قىلىپتىمەن، كۆڭلى ئېچىلىپ قالار دەپتىمەن، رۇخسەت قىلمىسام بوپتىكەن.»

دوكتور ئېكرام ئەلى ئىككى ئاي بۇرۇن توي قىلىشقا ئۈچ كۈن قالغاندا، ياخشى كۆرگەن قى-

www.uyghurkitap.com

زىدىن ئايرىلىپ قالدى. شۇ كۈنگە قەدەر بىرەر قېتىم بېشىم ئاغرىپ قالدى، دەپ باقمىغان ساغلام قىز ئەتىگەندە — كارىۋىتىدا جىم-جىملا جان ئۈزگەندى... دوكتور ئىكرام ئەلى ئەقلىدىن ئازغاندەك بولۇپ قالدى. داۋالاشلار ئۇنى ئوبدانلا ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، تۇيۇقسىز كەلگەن زەربىدىن پۈچىلانغان قەلبىدىكى ئاچچىق ئەلەمنى چىقىرىۋېتەلمىدى. دوختۇرلار ئۇنى بىر مەزگىل دەم ئالسۇن، دېدى. ئەل-ئاغىنە، خىزمەتداشلىرى ئالەمنى ساياھەت قىلىپ كەلسە تېز ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، دېيىشتى. تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى بولغان پېشقەدەم ياڭ پىروفېسسورمۇ شۇ پىكىردە ئىدى...

* * *

نىگارخانىم پولۇنى دۈملەپ بولۇپ ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا، قىزى دىلارا خىزمەتتىن يېنىپ كەلدى. ئۆي ئىچى پولۇنىڭ مەززىلىك پۇرىقى بىلەن تولغانىدى.

— جېنىم ئاپا، ئۆزۈڭنى ئايىساڭ بولمامدۇ، — دېدى دىلارا پەلتوسىنى ئاسقۇغا ئېسىۋېتىپ، — ھېچكىمنىڭ ئۆيدە تاماق ئەتمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسەن، تەييار تاماقلارمۇ شۇنداق تەملىكقۇ. ھېلىمۇ قوشنىلىرىمىز ياخشى، مۇھەتەممەزنى بۇلغىدى، دەپ شىكايەت قىلىشمايدۇ.

نىگارخانىم ئىغىر رېماتىزم كېسىلىنىڭ دەردىنى تارتىپ كېلىۋاتاتتى. تېببىي ئىلىمنىڭ خاسىيىتىدىنلا يەر دەسسەپ، ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى ئاران چىقالايتتى.

— بوۋاق رەھمەتلىك پولۇ، پېتىرمانتا، گۆشنانغا ئوخشاش قۇۋۋەتلىك تاماقلارغا ئامراق ئىدى. داداڭ رەھمەتلىكمۇ تاماق تاللاشتا بوۋاڭدىن قېلىشمايدىغان. ئۇ چاغلاردا ھەممىلا ئادەم دېگۈدەك ئۆيدە تاماق ئېتىپ يېيىشەتتى... ئۆگنىپ قاپتىمەن. بىلىسەنغۇ، ئارىلاپ ئۆيدە ئۆزۈم خالىغان تاماقنى ئېتىپ يەۋالمىسام، بىر يېرىم كەمدەكلا بولۇپ قالىمەن.

بۇ گەپلەر يېڭى گەپ ئەمەس ئىدى. نىگارخانىم ئايدا بىر-ئىككى قېتىم كۆكتات ماگىزىنىدىن كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەكەلدۈرەتتى-دە، پۈتىنىڭ ئاغرىقىغا چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ، خالىغان تامىقىنى ئېتىپ يەيتتى. دىلارا خاپا بولاتتى. نىگارخانىم بولسا ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىسىنى شىپى كەلتۈرۈپ قىزىنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇراتتى.

دىلارا تاماقنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ بېشىنى چايقىدى:

— ھەقاچان قوشنىلارغا تاماق تۇتۇشۇيمەنغۇ دەيمەن، — دېدى كۈلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن لېۋىنى چىشلەپ.

— قوشنىدارچىلىق ئەمەسمۇ، قىزىم، تېتىپ باقسۇن.

— شۇنداق، شۇنداق، ئوخشىغان تاماقلىرىڭنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغان قوشنىلار شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىت ئاسراش ئورۇنلىرىغا ئەرز قىلمايدۇ.

تاماقتىن كېيىن نىگار خانىم چاي ئىچكەچ گەپ تەشتى:

— مېنىڭ مۇشۇنچىلىك ۋاقتىمدا ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇۋالساڭ بولاتتى، قىزىم.

— قانداق قىلىمەن، ئاپا، — دېدى دىلارا ئاپىسىدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ، ئارقىدىن ئۇھ تارتتى، — ھېچ كۆڭلۈم تارتمايدىغۇ تاڭ، بەزىدە ئۆزۈمدىن خاپا بولۇپ كېتىمەن... پۈتۈڭنىڭ ئاغرىقىنى دېمىسە سالامەتلىكىڭ ياخشى، شۇ كۈنلەرنى كۆرۈشكە خۇدايىم نېسىپ قىلىپ قالار...

— بىزنىڭ ۋاقتىمىزدا قىزلار 25 ياشتىن ئېشىپ كەتسە قېرى قىز، دەپ ئاتىلىپ قالىدىغان، ھازىرغۇ ئۇنداق ئەمەس... ۋاقتى-سائىتى توشمىسا ئالدىرىغان بىلەنمۇ بىكار، ئاللانىڭ بۇيرۇغىنى باردۇ...

دىلارا بۇ يىل 30 ياشقا كىرىپ قالغانىدى. توي قىلىپلا كېسەلچان بولۇپ قالغان نىگار خانىم، كۆپ داۋالىنىپ ئاخىر 35 يېشىدا ئاشۇ قىزنى تۇغقان، ئۇنىڭدىن كېيىن تۇغمىغانىدى. قىرىلىق ياماشقان نىگار خانىمنىڭ ئولتۇرسا-

قوپسا ئويلايدىغىنى، قىزنى ياتلىق قىلىپ، تىكەندەك يالغۇز قالىدىغان كېيىنكى ئۆمرىنى نەۋرىسىنى ھەمراھ قىلىپ ئۆتكۈزۈش ئىدى. ئەمما بۈگۈنكى زاماننىڭ ئەرلىرى 40 ياشتىن ئاشقاندا ئۆيلىنىدىغان، قىزلار بولسا 30 نىڭ قارىسىنى كۆرگەندىن كېيىن ياتلىق بولۇشنى ئويلايدىغان بولۇۋالدى...

دىلارا گۈزەل قىز ئىدى، ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە مۇنداق بىر گەپنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە: كېلىۋاتقان بىر يىگىت ئۇنى كۆرۈشى بىلەنلا خۇدىنى يوقىتىپ كۆزىنى ئۈزەلمەي، يا بىر ئادەمگە سوقۇلۇپ كېتەتتى ياكى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ قالاتتى... خېلى-خېلى يىگىتلەرنىڭ يۈرەكنى ئېرىتكۈدەك شېرىن سۆزلىرى، ۋەدىلىرى، خۇشامەتلىرى، ئۇنىڭ قەلبىدە تېخىچە غۇنچە پېتى تۇرۇۋاتقان مۇھەببەتنى ئېچىلدۇرالمىدى، بۇنىڭ سەۋەبىنى دىلارانىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

* * *

بۈيۈك سەييارىنىڭ «چاقماق» ناملىق ئالەم كېمىسى پايدىسىز قىدىرىشىنى توختىتىپ قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ۋاقتىدا قايتمىسا، كېمىنىڭ يېقىلغۇسى تۈگەپ، يول ئۈستىدە بىرەر ھادىسىگە ئۇچرىمايلا ئالەم بوشلۇقىدا ئىز-دېرەكسىز غايىب بولۇپ كېتەتتى. بۇ قۇدرەتلىك كېمە يېڭىدىن بايقىغان بەزى سەييارىلەرگە قونۇپ ۋە بەزىلىرىگە كۈرەشچى ئايروپىلان بىلەن ماشىنا ئادەملەرنى ئەۋەتىپ تەكشۈردى. ئۇلارغا لازىملىق خام ئەشيا تېپىلمىدى، تېپىلغان بولسىمۇ زاپىسى ئاز بولۇپ، قېزىش ۋە توشۇپ كېلىشكە سەرپ قىلىنىدىغان ئېنېرگىيەنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايتتى. سەييارىلەرنى تەكشۈرۈشمۇ دېگەندەك ئوڭۇشلۇق بولمىدى. كۈتۈلمىگەن ھادىسە ۋە ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ-غارايىپ مەخلۇقلارنىڭ يوشۇرۇن زەربىسىدىن «چاقماق» بەش ماشىنا ئادەم ۋە ئىككى كۈرەشچى ئايروپىلاندىن ئايرىلىپ قالدى.

«چاقماق» نىڭ ئۇچقۇچىسى دوگال، ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان قەھرى-غەزەپ ۋە قاتتىق جازانى ئالدىن ھېس قىلىپ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانىدى.

— خوجايىن، قاراڭ، — دېدى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ياردەمچى ئۇچقۇچى لېرىخ ئېكراننى كۆرسىتىپ.

ئۇنىڭغىچە خەتەردىن ئاگاھلاندۇرىدىغان سىگنالمۇ غۇڭۇلدىدى.

قورقۇنچلۇق خىياللارغا پېتىپ كەتكەن دوگال سەسكىنىپ ئۆزىگە كەلدى. ئېكراندا تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان بىر ئۇچقۇ تۇراتتى.

دوگال «چاقماق» نىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، نامەلۇم ئۇچقۇنى نىشانغا ئالدى.

— خوجايىن، — دېدى لېرىخ جۈرئەتسىزلىك بىلەن، — ئۇ ئالەم ئايروپىلانىدەك قىلىدۇ. ئىچىدە ئادەم بار بولغان بولسا، ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىنى سەزگىلى بولاتتى.

دوگال ئىككىلىنىپ قالدى. لېرىخ ئالدىدىكى ئاپارات كۇنۇپكىلىرىنى تاقىلداتتى، بەش سېكۇنتتىن كېيىن، ئالەم ئايروپىلانىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى، ئۇلار خۇددى ئاشۇ ئالەم ئايروپىلانىنىڭ ئىچىنى ئايلىنىپ يۈرگەندەك، ئېكراندا روشەن كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

— بېرىپ تەكشۈرۈپ باق! — دېدى دوگال بۇيرۇق قىلىپ.

لېرىخنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى تېز ئىدى. ئۇ «چاقماق» تىن ئۇچۇپ چىققاندا، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، سەزگۈر رادارلارغىمۇ چۈشمەيدىغان قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى. ئۇ نامەلۇم ئالەم ئايروپىلانىنىڭ ئىچىگە كىرگەندىمۇ قارشىلىققا ئۇچرىمىدى.

ئورۇندۇقلارنىڭ ئۆرۈلگەن ھەم سۇندۇرۇلغانلىقى، مۇھىم ئاپپاراتلارنىڭ بۇزۇۋېتىلگەنلىكى، ئالەم ئايروپىلانىنىڭ باشقا بىر ئۇچقۇنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئادەم ۋە ئۇچقۇچىلارنىڭ بۇلاپ كېتىلگەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. ئەمما، نېمىشقىدۇر ئايروپىلان پارتلىتىۋېتىلمىگەنىدى.

لىبرىخ ئۇچقۇچىلار بۆلۈمىگە كىرىپ، ئۇرۇندۇقنىڭ ئارقىسىدا سۇنايلىنىپ ياتقان بىر ئادەمگە كۆزى چۈشۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئەنسىزلىك بىلەن ئۆپچۆرىسىگە قاراپ قويۇپ، ياتقان ئادەمگە ئېھتىيات بىلەن ئېڭىشتى، ئۇنىڭ ئۆلگىنىگە ئىككى سائەت بولغانىدى. لىبرىخ جەسەتكە چەكسىز ئەجەبلىنىش بىلەن قاراپ قالدى. ئۇ كۆپ سەييارىلەرگە بارغان، هاياتلىق بار دېيىلسە، قۇرت-قوڭغۇزغا ئوخشاپ كېتىدىغان بەتبەشىرە مەخلۇقلارنىلا كۆرگەن. شۇڭا بۇ سەييارىدىكىلەر ئۆز سەييارىسىنى بۈيۈك سەييارە، ئادەملىرىنى كائىناتتىكى ئالىي دەرىجىلىك ئادەملەر، دەپ هەر قانداق جانلىقنى ئۆزلىرىگە تەڭ قىلمايتتى، هەم كۆزگە ئىلمايتتى.

لىبرىخنىڭ كۆرۈۋاتقىنى ئۆزلىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، بەلكى ئۆزلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇكەممەل تەن تۈزۈلۈشىگە ئىگە قاملاشقان بىر ئادەمنىڭ جەستى ئىدى. ئۇ جەسەتنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ بىر خاتىرە دەپتەرنى ئالدى، خاتىرىگە خەت بولسا كېرەك، ئۇششاق بىر نېمىلەر يېزىلغانىدى. خاتىرىنىڭ ئارىسىدىن بىر پارچە قەغەز يەرگە چۈشۈپ كەتتى. لىبرىخ قاتتىقراق كەلگەن بۇ قەغەزنى يەردىن ئېلىپ ئۆرۈپ قارىدى. بۇ، ئۆلگەن ئادەمدىنمۇ قاملاشقان بىرسىنىڭ سۈرىتى بولۇپ، لىبرىخقا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. لىبرىخ چېچى ئۇزۇنراق كەلگەن سۈرەتتىكى ئادەمنى ئايال جىنس، يەردە ياتقىنىنى ئەر جىنس ئوخشايدۇ، دەپ تەخمىن قىلدى. ئۇ ۋاقتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، خاتىرە دەپتەرنى قوينىغا تىقىپ، بۇ يەردە كۆرگەنلىرىنى خوجايىنىغا مەلۇم قىلدى.

— بىز جەسەتنىلا ئەمەس، ئالەم ئايروپىلانىنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىمىز، — دېدى دوگال كەسكىنلىك بىلەن

* * *

قىدىرىشقا ئاتلانغان ئالەم كېمىسى ۋە ئايروپىلانلار بىر-بىرلەپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى، ھەممىسىنىڭ جاۋابى ئوخشاش ئىدى: بىزگە كېرەكلىك خام ئەشياسى بار سەييارىنى تاپالمىدۇق، يېقىلغۇمىزنىڭ يېتىشمەي قېلىشىنى ئويلاپ، قايتىشقا مەجبۇر بولدۇق.

بۈيۈك سەييارىنىڭ هۆكۈمرانى چېچىلاتتى، غەزەپلىنەتتى، ھۆركىرەيتتى، ئەمما ئامالسىز ئىدى. قۇدرەتلىك كېمە «چاقماق» نىڭ كېچىكىشى ئۇنىڭدا زەررىچە ئۈمىد پەيدا قىلدى. «چاقماق» بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قايتىپ كېلەلمىسە، كەلگەن تەقدىردىمۇ جاۋابى باشقىلار بىلەن ئوخشاش بولسا، هالاكەتنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشتىن باشقا چارە يوق ئىدى.

ئاخىر «چاقماق» تىن خەۋەر كەلدى.

— ئۇ تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى ئېيتتىمۇ؟ — سورىدى هۆكۈمران ئالاقىچىدىن.

— دوگال بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىدى، — دېدى ئالاقىچى، — ئۇ باشقا بىر ئالەم ئايروپىلانىنى ئولجا ئالغانلىقىنى، ئۇنىڭدا بىزگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر جەسەتنىڭ بارلىقىنىلا دېدى...

جەسەت ئۇنى كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىنغان ھەربىي ئەمەلدارلار ۋە جەسەت تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ئالىملارنى تاڭ قالدۇردى. بۈيۈك سەييارىنىڭ هۆكۈمرانى جەسەت ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان خاتىرىنىڭ بىرىنچى بېتىدىكى خەرىتىنى ئىنچىكە، ئۇزۇن بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ:

— شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ بىر سەييارىنىڭ خەرىتىسى، — دېدى ئۇنلۇك ئاۋازدا، — خەرىتىگە يېزىلغان خەت ۋە خەرىتىنىڭ سىزىلىشىغا قاراپ، بۇ سەييارىدە ياشايدىغان مەخلۇقلارنىڭ مەدەنىيەت ھەم ئىلىم-پەندە تەرەققىي قىلغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. ئالىملىرىمىز بۇ مەخلۇقلارنىڭ مېڭىسىنىڭ بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ مېڭىسىگە قارىغاندا ئۈچ ھەسسە كىچىكلىكىنى تەكشۈرۈپ بىلدى. ئۇلار شۇنچىلىك

ئاددي مېڭىسى بولۇشىغا قارىماي، كائىناتقا ئىچكىرىلەپ كىرگۈدەك ئالەم ئايروپىلانى ياساپتۇ. ئۇلارنى ئالەم كېمىسى، ئۇنىڭدىنمۇ قۇدرەتلىك ئۇچقۇلارنى ياسىيالمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ!

— خاقان ئالىيلىرى، — دېدى ھەربىي قوماندان، — بۇ يات سەييارە بۈيۈك سەييارىمىزنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن بىر تەھدىت! ئۇلارنىڭ ئالەم كېمىلىرىنىڭ ئالەم بوشلۇقىنى چارلاپ يۈرۈۋاتقانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن. بۈيۈك سەييارىمىز يۇكسەك دەرىجىدە ھوشيار تۇرۇشى كېرەك!

— يات سەييارىنىڭ ئالەم ئايروپىلانىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ چىقتۇق، — دېدى ئالەم ئۇچقۇلىرى مۇتەخەسسىسى، — يات سەييارىنىڭ ئالەم ئايروپىلانىنىڭ قۇرۇلمىسى بىزنىڭ ئالەم ئايروپىلانلىرىمىزغا قارىغاندا كۆپ ئاددىي، تىلغا ئالغۇدەك ئۆزگىچىلىكى يوق. مەن شۇنى خۇشاللىق بىلەن جاكارلايمەنكى، يات سەييارىنىڭ ئالەم ئايروپىلانى بىزنىڭ ئۇچقۇلىرىمىزغا ئوخشاشلا، يادرونى ئېنېرگىيە قىلغان.

بىر نەچچە مىنۇتقا سوزۇلغان چۈشەنچە، ئىزاھاتلاردىن كېيىن، بۈيۈك سەييارىنىڭ ھۆكۈمرانى ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان قارارنى جاكارلىدى:

— ئۇلار ھېچقانچە قىممىتى يوق ئالەم ساياھىتى ئۈچۈنلا يادرو ئېنېرگىيەسىنى سەرپ قىلغان. بۇ ئۇلاردا زۆرۈر خام ئەشيالارنىڭ موللۇقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىككىلىنىشكە ئورۇن يوق. بىز ھەر قانچە بەدەل كەتسىمۇ، بۇ سەييارىنى تېپىشىمىز كېرەك! ئۇنى تېپىش ئۈنچىۋالا باش قاتۇرۇپ كېتىدىغان مەسىلە ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئالەم ئايروپىلانىنىڭ ھالاكەتكە ئۇچرىغىچە بولغان مۇساپىسى خاتىرىلەنگەن. بىز پەقەت ئېھتىيات تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئويلانساق بولىدۇ. «چاقماق» ئاخىرقى ئېنېرگىيە زاپىسى بىلەن تولۇقلىنىپ، يات سەييارىنى ئىزدەپ تېـ
پىشقا ئاتلانسۇن!

«چاقماق»يات سەييارىنىڭ ئالەم ئايروپىلانىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ مېڭىشقا تەييارلاندى.

* * *

دىكتور سۆزلەۋاتاتتى:

— بىز رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ زورلىشى بىلەن ئېيتىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمىزكى، ئالەمگە ساياھەت شىركىتىنىڭ «سامانيولى» ناملىق ئالەم ئايروپىلانى بىزنىڭ يەر يۈزىدىن بېرىلگەن سىگناللىرىمىزغا جاۋاب قايتۇرمىدى، ئۇ چەكسىز ئالەم بوشلۇقىدا ئىز- دېرەكسىز غايىب بولدى. ئۇ پەقەتلا «غايىب» بولدى، بىزنىڭ ياردىمىمىزنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىدەك ئېھتىمالنى ھەرگىز نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ. ئالەم كېمىلىرىمىز، ئايروپىلانلىرىمىز ئىزدەشكە ئاتلاندى. بىز ئۇلارنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز، ئۇلار قايتىپ كېلىدۇ، ئۇلار چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ!...

دىكتور ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزىدىغان پاساھەتلىك گەپلەردىن كېيىن، ئالەم ئايروپىلانىدىكى يىگىرمە بەش ساياھەتچىنى سۈرىتى بىلەن بىللە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياشانغانلار، قىز- يىگىتلەر، 12 ياشلىق ئىككى بالىمۇ بار ئىدى.

نىگار خانىم ھەر بىر ساياھەتچى تونۇشتۇرۇلغاندا، ئاللادىن ئۇلارنى خېيىم - خەتەردىن ساقلاشنى، ئۇرۇق- تۇغقانلىرى بىلەن ساق- سالامەت كۆرۈشتۇرۇشنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى. ئىككى بالىنى تونۇشتۇرغاندا ئۆزىنى باسالماي كۆز يېشى قىلدى.

— تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋېتەي، — دېدى دىلارا ئاپىسىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇۋاتقانلىقىغا چىدىماي.

— ئۆچۈرمە، قىزىم. خۇدايىم ھەممىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي. مۇنۇ ئىككى بالىنى دەيمەن، ئۇلار تېخى بالىغۇ، ئانىلىرىنى ئويلاۋاتىمەن... مەنمۇ بىر ئانىغۇ...

www.uyghurkitap.com

ئېكراندا كېلىشكەن بىر يىگىتنىڭ سۈرىتى نامايان بولدى. دىكتور ئۇنى، ئېكرام ئەلى، 32 ياش، XX تەتقىقات ئورنىنىڭ دوكتورى، دەپ تونۇشتۇردى. نىگار خانىم باشقىلارغا تىلىگەن تىلەكنى تىلەپ، ئەجەبمۇ قاملاشقان يىگىت ئىكەن، تېخى ئۆيلەنمىگەن بولغىيتتى... — دېدى ئىچىنىپ. يىگىتنىڭ ئۆزىمۇ ياكى ئاپىسىنىڭ سۆزى تەسىر قىلدىمۇ، دىلارانىڭ خىيالىدىن، ئەجەب ماڭا مۇشۇنداق يىگىتلەر ئۇچرىمايدۇ، دېگەن گەپلەر لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

* * *

ئالەم ئۇچقۇچىسى دوگال «چاقماق» نى يات سەييارىنىڭ ساياھەت ئايروپىلانىنى ئولجا ئالغان يەردە توختاتتى.

— ئەمدىكى نۆۋەت سىزنىڭ، — دېدى ئۇ ياردەمچى ئۇچقۇچى لېرىخقا، — ئۈچ كۈن ساقلايمەن. ئاۋارىچىلىقتا ئۇچراپ قالغۇدەك بولساڭ ئىككىلىنىپ يۈرمەي دەرھال كەينىڭگە يان!

قىلىنىدىغان ئىشلار، ئېھتىماللىقلار ئالدىن ئويلىنىپ، پۇختا تەييارلىق قىلىنغانىدى. چۈنكى، يات سەييارىنىڭ ئولجا ئېلىنغان ئالەم ئايروپىلانى بۈيۈك سەييارىدىكىلەرنى ئوبدانلا چۆچۈتۈپ قويغانىدى.

— ئالاقىلىشىش دەل ۋاقتىدا بولسۇن، — دەپ ئاگاھلاندۇردى دوگال ئۇچقۇچىلار بۆلمىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان لېرىخقا.

چىراي-شەكلى، كىيگەن كىيىملىرى ساياھەت ئايروپىلانىدىن تېپىلغان جەسەتكە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان لېرىخ، ساياھەت ئايروپىلانىنىڭ ئۇچقۇچىلار بۆلۈمىگە كىرىپ جايلاشتى. بىر مىنۇتتىن كېيىن ئۇچۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ بەلگە بەردى.

ساياھەت ئايروپىلانى «چاقماق» تىن ئايرىلىپ ئۈچ كۈن ئۇچتى. ھەر سائەتتە دوگال بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇۋاتقان لېرىخ، يات سەييارىنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەنسېرى ئۈمىدسىزلەنمەكتە ئىدى.

— خوجايىن، يۈزىنلىشتىن ئاداشمىدىم، ئەمما يات سەييارىنى بايقىغۇدەك بولمىدىم، — دەپ خەۋەر بەردى ئۇ ئىزدەش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئاخىرقى چەككە يەتكەندە.

— قايت! — دەپ كەسكىن بۇيرۇق قىلدى دوگال.

لېرىخ قايتىشقا ھازىرلاندى. مانا شۇ چاغدا يىراقنى كۆزىتىدىغان ئاپپاراتلار غۇڭۇلداپ كەتتى. ئېكراندا ئۈچتىن بىر قىسمى يورۇپ تۇرغان بىر سەييارە كۆرۈندى. لېرىخ نامەلۇم سەييارىنىڭ ھەر بىر بۆلۈكىنى چوڭايتىپ تەكشۈردى. «غەلىبە! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ خۇشاللىقىدا، — بۇ، بىز خەرىتىسىنى كۆرگەن، ئىزدەپ تاپماقچى بولغان سەييارىنىڭ نەق ئۆزى.»

لېرىخ دوگالغا خەۋەر بېرىۋېتىش ئۈچۈن، بىلىكىدىكى سائەتكە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئاپپاراتنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستى، ئالاقە ئۇلانمىدى. ئۇ خەۋەرلىشىش ئاپپاراتىنى بىلىكىدىن ئېلىپ خېلى ئېتىشىپ باقتى، لېكىن ئوڭشىيالمىدى، ئاپپاراتتىن كاشىلا چىققانىدى.

لېرىخ ئويلىنىپ قالدى. ئۇلار يۈز بېرىپ قالىدىغان ئېھتىماللىقلارغا مۇنداق قارار چىقىرىشقانىدى: پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا ياردەمچى ئۇچقۇچى ئۇچۇشنى داۋاملاشتۇرۇشى، نەتىجىسىز ئەھۋالدىلا باش ئۇچقۇچى بىلەن ئالاقىلىشىپ بىللە قايتىپ كېلىشى كېرەك ! لېكىن، ھازىر ئىزدىمەكچى بولغان سەييارە تېپىلدى. ئۇلار بەلگىلىگەن ماددىلاردا «ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالسا...» دېگەن سۆز يوق ئىدى. لېرىخ قارامىلىق، تەۋەككۇلچىلىككە ئۆگىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ نامەلۇم سەييارىنى ھەممىدىن ئاۋۋال بايقىغىنىغا چەكسىز خۇش بولۇپ، بۈيۈك سەييارىگە بېغىشلىغان «پىداكارلىق روھى» بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋەردى.

* * *

ئالەم بوشلۇقى خەۋپسىزلىك تارمىقى بىلەن «ئالەمگە ساياھەت» شىركىتى ئېكرانلىق تېلېفون-

ـدا سۆزلىشىۋاتاتتى:

— بىز بايقىغان ئالەم ئايروپىلانى شىركىتىڭلارنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىگە تۆت كۈن بولغان «سامانيولى» ناملىق ئالەم ئايروپىلانى ئىكەن.

— ئەپەندىم، بۇ راستىمۇ؟ خاتالىشىپ قالمىغانسىلەر؟

— بىزدە خاتالىق يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس.

— رەھمىتىمنى قوبۇل قىلغايسىز، ئەپەندىم. ساياھەتچىلەر ھايات ئىكەن - دە، شۇنداقمۇ؟

— ئەپسۇس، ئۇچقۇچى بۆلۈمىدىكى بىرلا ئادەمدىن باشقىلارنى كۆرگىنىمىز يوق. بىز بۇ ئادەمنى تەكشۈرۈپ كۆردۇق. ئۇ تەتقىقات ئورنىنىڭ ياش دوكتورى ئېكرام ئەلى ئىكەن.

— باشقىلارغا نېمە بولغاندۇ... لېكىن چۈشىنەلمىدىم... ئېكرام ئەلى ئۇچقۇچى ئەمەس دوكتور ئىدى...

— باشقىلارنىڭ نېمە بولغانلىقى، دوكتورنىڭ قانداق قىلىپ ئۇچقۇچى بولۇپ قالغانلىقى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس. لېكىن، ئۇنىڭ ئالەم ئايروپىلانىنى ئاپتوماتىك يېتەكلەش سىستېمىسىنى ئىشلىتىپ ئۇچۇۋاتقانلىقى ئېنىق.

— ئەقىللىق، زېرەك يىگىت ئىكەن.

— ئۇ بىزنىڭ سىگناللىرىمىزنى قوبۇل قىلمىدى. ئۆزىمۇ سىگنال بەرمىدى. قارىغاندا، «سامانيولى» نىڭ ئالاقىلىشىش سىستېمىسىدىن كاشىلا چىققاندەك تۇرىدۇ.

— ئۇ بىخەتەر يېتىپ كېلەلەرمۇ، ئەپەندىم؟

— زۆرۈر تەدبىرلەر ھازىرلاپ قويۇلدى. «سامانيولى» دىن ئايرىلىپ قالساقمۇ، ئۇچقۇچىنىڭ ھايات قېلىشىدا شۈبھە يوق. ھازىرچە «سامانيولى» نىڭ ئۇچۇشى نورمال، دوكتورنىڭ كەيپىياتىمۇ ياخشى.

— ئىلاھىم، ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولۇپ كېتەر...

— ئەپەندى، ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. ئۇ بىزنىڭ دۆلەتلىك ئالەم ئايروپىلانلىرىنى قويۇپ بېرىش مەيدانىغا قونۇش توغرىسىدىكى رەسمىيلىك كۆرسەتمىمىزگە پەرۋا قىلماي يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتتى.

— مەن دېگەن ئىدىمغۇ، ئۇ ئۇچقۇچى ئەمەس دوكتور دەپ...

— ئۇ يەنىلا تەمكىن. شۇنداقتىمۇ بىز ئۇچقۇچىنى قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولىدىغاندەك تۇرىمىز.

— ئۇنىڭ قەيەرنى نىشان قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولماسمۇ؟

— بىر نېمە دېيەلمەيمەن.

— ئەپەندىم، ئەگەر شىركىتىمىزنىڭ بۇ ئالەم ئايروپىلانى ئاپتوماتىك يېتەكلەش سىستېمىسىنى ئىشلەتكەن بولسا، چوقۇم بىزنىڭ ئالەم ئايروپىلانى قويۇپ بېرىش مەيدانىغا قونىدۇ.

— بىزنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەۋەتكەن يىراق مۇساپىلىك رېئاكتىپ ئايروپىلانلىرىمىز بۇنى ئىسپاتلىدى. بىز ئۇلار يوللىغان سىگنالنى ھېلىلا قوبۇل قىلدۇق، «ئۇچقۇچى»ڭىز يەنىلا گەپ-سۆز قىلمىغان. ئۇچقۇچى بۆلۈمىدىكى يۆنىلىش كۆرسەتكۈچى ئېكراندىن «سامانيولى» نىڭ سىلەرگە قاراپ ئۇچۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆردۇق.

— ئەپەندىم، خۇشاللىق بىلەن مەلۇم قىلىمەنكى، «سامانيولى» بىزنىڭمۇ كۆزىتىش ئاپاراتلىرىمىزدا نامايان بولدى.

— ناھايىتى ياخشى، تەييارلىنىڭلار. رېئاكتىپ ئايروپىلانلار «سامانيولى» قونۇش مەيدانىغا يېتىپ بارغۇچە كۆزىتىپ بارىدۇ.

* * *

«ئالەمگە ساياھەت» شىركىتىنىڭ ئىز-دېرەكسىز غايىب بولغان ئالەم ئايروپىلانىنىڭ سىرلىق ھەم چەكسىز ئالەم بوشلۇقىدا مۆجىزىدەك پەيدا بولۇشى، ھەم ئۇنىڭ قايتىپ كېلىۋاتقانلىق خەۋرى يەر شارىدىكى مىليونلىغان ئادەمنى تاڭ قالدۇردى. كىشىلەر ئالەم ئايروپىلانىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ تەقدىرىگە قاتتىق ئېچىنىشقان بولسى-

مۇ، ئادەتتىكى ئايروپىلانلارنىمۇ ھەيدەپ باقمىغان ياش دوكتورنىڭ قانداق قىلىپ ھايات قالغانلىقى ۋە قانداق قىلىپ ئالەم ئايروپىلانىنىڭ ئۇچقۇچىسى بولۇپ قالغانلىقىغا ئادەتتىن تاشقىرى قىزىقاتتى.

كارىۋاتتىن چۈشۈشكە قىينىلىدىغان نىگار خانىم كۆپ ۋاقتىنى تېلېۋىزور كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. قايسىلا تېلېۋىزور قانىلىدا بولسۇن، ساياھەتچىلەر ئولتۇرغان ئالەم ئايروپىلانىنىڭ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقى خەۋەر قىلىنىۋاتاتتى. ئالەم ئايروپىلانىنىڭ كىشىلەر نەزىرىدە قەھرىمانغا ئايلانغان ئۇچقۇچىسى— ياش دوكتور ئېكرام ئەلىنىڭ ئۇچقۇچى بۆلۈمىدە بەخىرامان ئولتۇرغان كۆرۈنۈشى خەۋەرلەر ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ كۆرسىتىلەتتى. دىكتور ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىنى تىترىتىدىغان قايناق ھېسسىياتتا سۆزلەۋاتاتتى:

— ئالەم ئايروپىلانىنى قوغداپ كېلىۋاتقان يىراق مۇساپىلىك رېئاكتىپ ئايروپىلانلار ھازىر ئۆڭىدىن ئايرىلدى. بۇ ئالەم ئايروپىلانىنىڭ قونۇش مەيدانىغا خېيىم - خەتەرسىز قونىدىغانلىقىدىن بېرىلگەن بېشارەت. تاقەتسىز مىنۇتلار قىسقارماقتا. يەنە بىر مىنۇت يىگىرمە سېكۇنتتىن كېيىن، بىز زارىقىپ كۈتكەن قەھرىمان ئۇچقۇچىمىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشەلەيمىز...

— بىر ئادەم بولسىمۇ قايتىپ كەلدى. خۇدايىم باشقىلىرىنىمۇ ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، — دېدى نىگار خانىم شىۋىرلاپ.

دىلارا كارىۋات يېنىدا پۈتۈن دىققىتى بىلەن تېلېۋىزوردىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇراتتى. تۈنۈگۈن كەچتە «سامانيولى» بىلەن بىللە يوقاپ كەتكەن ساياھەتچىلەرنى تونۇشتۇرغاندا، ئاپىسى ئېكرام ئەلىنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ «ئەجەبمۇ قاملاشقان يىگىت ئىكەن. تېخى ئۆيلەنمىگەن بولغىيتتى» دېگەن، ئاپىسىنىڭ گېپىگە ئۇلىنىپلا «ئەجەب ماڭا مۇشۇنداق يىگىتلەر ئۇچرىمايدۇ» دېگەن گەپلەر دىلارانىڭ خىيالىدىن كەچكەن. شۇ گەپ، شۇ خىياللار قىلىنىپ بىر ئاخشام ئۆتكەندە، «سامانيولى»دا بىردىنبىر ھايات قالغان ئاشۇ قاملاشقان يىگىت قايتىپ كېلىۋاتاتتى. شۇ خىيالنى قىلمىغان بولسا، دىلارا كۈندىكىدەك — ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئولتۇرۇۋەرگەن بولاتتى. لېكىن، ھازىر ئۇنداق بولمايۋاتاتتى. «ئۇچقۇچى» يىگىت ئايروپىلاندىن چۈشۈپ ئۇدۇل ئۆيگە كېلىپلا مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغاندەك غەلىتە بىر ھېسسىياتنىڭ تەسىرىدە بىئاراملىق سەزمەكتە ئىدى. بىر نەچچە سېكۇنتتىن كېيىن، دىلارا ئۆزىدىن كايىپ پىسسىڭىدە كۈلۈۋەتتى. بۇ نېمىدېگەن بولمىغۇر خىيال-ھە.

— نېمىگە كۈلۈۋاتىسەن، قىزىم؟

— خۇشاللىقىمدىن، ئاپا. تىنچ-ئامان قايتىپ كەلگەن ئاشۇ ئۇچقۇچى قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەر، باشقا ساياھەتچىلەرنىمۇ قۇتقۇزۇشنىڭ بىر يولى تېپىلىپ قالار.

— ئىلاھىم، دېگىنىڭدەك بولغاي، بالام.

دىكتور ئالەم ئايروپىلانى بىخەتەر قوندى، دەپ تەنتەنە بىلەن جاكارلىغاندا، قونۇش مەيدانىنىڭ يىراقلىقىغا جايلاشقان ئۇزۇن، ھەم ياسىداق لەمپە ئاستىدا، قەھرىمان ئۇچقۇچىنى قارشى ئېلىشقا چىققان ئەربابلار ھەم ھەر ساھەنىڭ ۋەكىللىرى خۇشال-خۇراملىق ئىچىدە چاۋاك چېلىشىپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىشتى. خانىملار چۇۋۇلدىشىپ ياغلىقلىرىنى سىلكىپ يەلپۈتۈشتى. ھەرقانداق پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيدىغان تىنىمسىز مۇخبىرلارنىڭ ئاپپاراتلىرىنىڭ كۆزلىرى قۇياش نۇرىدا ۋال-ۋۇل چاقناپ كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. تەرتىپ ساقلىغۇچى ساقچىلار مېڭىش چەكلەنگەن قىزىل لېنتىنى بويلاپ قېتىپ تۇرۇشاتتى.

«تۇلپار»ماركىلىق ھەشەمەتلىك بەش پىكاپ ئالەم ئايروپىلانىدىن ئوتتۇز مېتىر نېرىدا توختىدى. كۈتۈۋېلىشقا چىققان ئالاھىدە خادىملار ۋە



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يۇقىرى دەرىجىلىك ئەربابلار ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئالەم ئايروپىلانىنىڭ شوتا قويۇپ تەق قىلىپ قويۇلغان ئىشىكى ئالدىدا قاتار بولۇپ تۇرۇشتى. مەيدانغا كىرىشكە ئىجازەت قىلىنغان مۇخبىرلار ئۇلارنىڭ ئارقا ۋە يانلىرىدا ئەپلىك جاي تالىشىپ يۈرۈشەتتى.

ئالەم ئايروپىلانىنىڭ ئېچىلغان ئىشىكىدە قەھرىمان ئۇچقۇچى كۆرۈنگەندە، قارشى ئېلىش سادالىرى ئەۋجىگە چىقتى. ياش دوكتور ساياھەتكە ماڭغاندا قانداق كىيىنگەن بولسا، ھېلىمۇ شۇ كىيىمدە ئىدى. تۇرقىدىن تولىمۇ تەمكىن كۆرۈنەتتى. تەنتەنىلىك قارشى ئېلىشنى كۆرگەندە، ئايرىلىپ قالغان ھەمراھلىرى ئېسىگە كەلدىمۇ، چىرايىدا كۈلكە، قىزغىنلىق يوق ئىدى. ئۇ ئىشىك تۈۋىدە بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن، قولىنى پۇلاڭلىتىپمۇ قويماي، شوتا پەلەمپەيلىرىنى ئاۋايلاپ دەسسەپ چۈشۈشكە باشلىدى.

نىگار خانىم بىلەن دىلارا ھاياجاندىن بىر-بىرىگە گەپمۇ قىلماي، كەمدىن - كەم كۆرۈلىدىغان بۇ ئاجايىپ ئۇچرىشىشنى بېرىلىپ كۆرمەكتە ئىدى. تېلېۋىزوردا دوكتورنىڭ چىراي-شەكلى، ھەر بىر ھەرىكىتى يېقىنلاشتۇرۇلۇپ ئوچۇق كۆرسىتىلىۋاتاتتى. دۆلەتلىك ئالەم تەتقىقاتى مەركىزىنىڭ ئەمەلدارى بىرىنچى بولۇپ قىزغىن كەيپىياتتا كۆرۈشۈشكە قول ئۇزاتتى. دوكتور توختاپ، ئىپادىسىز كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا بىر دەم تىكىلىپ قاراپ تۇردى-دە، ئالىقىنىنى ئېچىپ ئەمەلدارنىڭ قولىغا تەگكۈزۈپ قويدى. شۇنداقتىمۇ ئەمەلدار ئۇنىڭ ئالىقىنىنى ئىككى قوللاپ قىسىپ يېنىك سىلكىگەچ بىر نېمىلەرنى — ئېھتىمال ئۇنىڭ ساق-سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىگە خۇشال بولغانلىقىنى ئىزھار قىلغان بولسا كېرەك، دېدى. دوكتور كېيىنكىلەر بىلەنمۇ شۇنداق كۆرۈشتى. كۆرۈشكۈچىلەر ۋە مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا بىر ئېغىزمۇ جاۋاب قايتۇرمىدى.

— ۋاي بىچارە، تېخىچىلا ئۆزىگە كېلەلمىگەندەك تۇرىدۇ، — دېدى نىگار خانىم ئىچ ئاغرىتىپ، ئاندىن قولياغلىقى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ خورسىندى.

— ئالەم ئايروپىلانىنى ئۆزى يالغۇز ھەيدەپ، يەرگە بىخەتەر قوندۇرۇش ئاسان ئەمەستە، ئاپا، — دېدى دىلارا. دوكتورنىڭ خامۇشلۇقى، پەرۋاسىزلىقى ئۇنىڭدىمۇ ئېچىنىش تۇيغۇسىنى قوزغىغانىدى.

دىكتور بۇ ھاياجانلىق كۆرۈنۈش ۋە ئارىلىقتا بولۇۋاتقان گەپ-سۆزلەرنى، تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەرنىڭ دىققىتىنى چېچىۋەتمەسلىك ئۈچۈن جىم-جىم ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ چۇقان-سۈرەن يېتەرلىك ئىدى. قەھرىمان ئۇچقۇچى بىلەن كۆرۈشۈش ئاخىرلاشتى. قامەتلىك كەلگەن بىر خادىم تەكەللۇپ بىلەن دوكتورنى ماشىنىغا چىقىشقا تەكلىپ قىلدى. ئەمما دوكتور ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك ماشىنا تەرەپكە ئەمەس، لەمپە ئاستىدا تۇرغان قارشى ئالغۇچىلار تەرەپكە قاراپ قوزغالدى. ئالاھىدە خانىم ۋە ئەربابلار ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن تېڭىرقاپ قالدى. لېكىن شۇ ھامان پىچىرلىشىۋېلىپ، دوكتورغا ئەگىشىپ ماڭدى. دىكتور جانلىنىپ كەتتى:

— خانىملار، ئەپەندىلەر، بىزنىڭ قەھرىمان ئۇچقۇچىمىز قارشى ئېلىشقا چىققانلار بىلەن كۆرۈشمەكچى، ئۇ ھەممىمىزگە ئېھتىرام بىلدۈرمەكچى...

ماشىنىلار ئاستا قوزغالدى. ھەر ئېھتىمالغا تەييار تۇرغان ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىلىرى بىلەن مۇھاپىزەتچى قىسىمنىڭ بەش-ئالتە ماشىنىسىمۇ ئالەم ئايروپىلانىدىن يىراقلاشتى. مانا شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن، ھەممىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغان، ھەم قاتتىق چۆچۈتكەن ۋەقە يۈز بەردى: ئالەم ئايروپىلانى پارتلاپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلگەن يالقۇن، ئىس-تۈتەك، چاڭ-توزان ئاسماندا يېيىلىپ، كۈن-نۇرىنى توسىدى.

* * *

ئالەم ئۇچقۇچلىرى مۇتەخەسسىسلىرى «سا-

www.uyghurkitap.com

مانىيولى»نىڭ پارتلاپ كېتىش سەۋەبىنى ئېنىقلاپ چىقالمىدى. نامەلۇم كۈچنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ كونتروللۇقنى يوقاتقان بۇ ئايروپىلاندىن ئەينى چاغدا ياكى كېلىۋاتقاندا كاشىلا چىقمىغان، دەپ ئېيتقىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ بىردىنبىر ھايات قالغۇچىنى يەر يۈزىگە يەتكۈزۈپ كەلگىچە بەرداشلىق بېرەلىگەنلىكىنىڭ ئۆزى بىر ئامەت ئىدى.

دوكتور ئېكرام ئەلى پەقەتلا گەپ قىلمايتتى. سوئال سورىغۇچىغا مەنىسىز تىكىلىش بىلەن يەنە بىر ئادەم گەپ قىلمىغۇچە قاراپ تۇرۇۋېرەتتى. تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى يېقىنلاشقان ھامان كەينىگە داجىيتتى، بۇ ئۇنىڭ تەكشۈرۈشنى رەت قىلغانلىقى ئىدى. پىسخولوگلار ئۇ ئېسىنى يوقاتقان، بىر مەزگىل ئارام ئالسا ئەسلىگە كېلىدۇ، دېيىشتى. كىچىككىنە بىر ئىش پىسخولوگلارنىڭ دىياگنوزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

دوكتورنى كەڭ، ئازادە بىر ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇشتى. ئەلۋەتتە، بىخەتەرلىك تارماقلىرىنىڭ بىر نەچچە خادىمى، دوختۇر ۋە پىسخولوگلار ئۇنىڭغا كۆرۈنمەي سىرتتىن يوشۇرۇنچە كۆزىتەتتى. ئۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا قىمىرلىماي بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، ئاستا، ئېھتىيات بىلەن مېڭىپ ئۈستەلنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، ئۈستەل يۈزىنى سىلىدى، ئۇ يەر-بۇ يېرىنى بېسىپ باقتى. دىققىتىنى ئويما نەقىش چىقىرىلىپ ياسالغان ياغاچ ئورۇندۇق تارتتىمۇ، سۆيەنچۈكىدىن تۇتۇپ ئۇياق-بۇياققا تاراقشىتىپ باقتى، ئاندىن قورققاندەك ئاستا-ئاستا چۆكۈپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ھەممە ھەرىكىتى ھەقىقەتەنمۇ ئېسىنى يوقاتقان ئادەمنىڭ ئۆزى ئىدى.

ئۇدۇلدىكى تامغا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان سىرىق چاچلىق چىرايلىق بىر قىزنىڭ رەسىمى نەپىس ئىشلەنگەن رامكىغا ئېلىنىپ ئېسىپ قويۇلغانىدى. دوكتور بۇ قەدىمي ماي بوياق رەسىمگە كۆزىنى مىت قىلىپ قويماي ئۇزاق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، قويىندىن ئالقانچىلىك چوڭلۇقتىكى بىر سۈرەتنى ئالدى. بۇ ئالەم ئايروپىلانىدىكى جەسەتنىڭ يېنىدىن تېپىلغان سۈرەت ئىدى. ئۇ خاتىرە دەپتەرنى خوجايىنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئەمما ئۆزىگە غەلىتە بىلىنگەن ھەم قىزىقتۇرغان بۇ سۈرەتنى بىر ئامال قىلىپ ساقلاپ قالغانىدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. سۈرەتنى يوشۇرغانلىقى سېزىلىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ يەر شارىغا كېلىپ، بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

سۈرەت يوشۇرۇن كۆزىتىپ تۇرغانلارنىڭ ئالدىدىكى ئېكراندا نامايان بولدى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى سۈرەتتىكى بۇ گۈزەل قىزنى تونۇمايتتى. پىسخولوگلار يادرو فىزىكىسى تەتقىقات ئورنىدىكى ياڭ پىروفېسسورنى ئەسكە ئېلىشتى. ئالاقە باغلىنىپ، سۈرەت يوللاپ بېرىلدى. پىروفېسسور ئەجەبلەندى:

— بۇ بىزنىڭ دوكتور، قەھرىمان ئۇچقۇچىمىز ئېكرام ئەلىنىڭ سۆيگىنىنىڭ سۈرىتىغۇ.

— بۇنىڭغا ئىشىنەمسىز؟

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ، ئەپەندى. بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى، بۇ قىز توي قىلىشقا ئۈچ كۈن قالغاندا تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتكەن. بۇ پاجىئە دوكتور ئېكرامغا بەكمۇ ئېغىر كەلگەنىدى. بىز ئۇنىڭغا تەسەللى بولۇپ قالار، دەپ ئويلاپ، دوكتورنى ئالەم ساياھىتى قىلىپ كېلىشكە ئاران كۆندۈرگەنىدۇق.

— مۇشۇنداق سۈرەتتىن يەنە كۆرگەن يېرىڭىز بارمۇ؟

— دوكتور ئېكرامنىڭ ئۆيىدە مۇشۇ سۈرەتنىڭ تامغا ئېسىپ قويۇلغان نۇسخىسىنى كۆرگەنمەن.

— پىروفېسسور، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق. ئالدىڭىزغا ئادەم ئەۋەتىمىز، دەرھال كەلگەن بولسىڭىز.

— مەن ئەسلىدىمۇ سىلەر بىلەن بىللە بولۇ-

شۇم كېرەك ئىدى، ــ پىروفېسسور نارازىلىق بىلەن غودۇڭشىدى، ــ لېكىن سىلەر... دوكتور ئېكرام مېنىڭ ئىقتىدارلىق ياردەمچىم ئىدى...

ــ كەچۈرىسىز پىروفېسسور، دوكتور ئېكرامنى ھازىرچە ئالاھىدە كۈتۈۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ھە-راست، دوكتورنىڭ ئۆيىدىكى ھېلىقى چوڭايتىلغان سۈرەتنى ئالغاچ كەلگەن بولسىڭىز.

ــ ئىشىك...

ــ ئەۋەتكەن ئادىمىمىز ئېچىپ كىرەلەيدۇ. كەچۈرىسىز پىروفېسسور، خىزمىتىمىزنىڭ ئېھتىياجى شۇنداق قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىن ياڭ پىروفېسسور چوڭايتىلغان سۈرەتنى ئېلىپ كەلدى. ئىككى پارچە سۈرەت سېلىشتۇرۇلدى. گۇمانلانغۇدەك يېرى يوق ئىدى.

ــ مەن مۇنداق تەكلىپ بەرمەكچىمەن، ــ دېدى پسىخىكا دوختۇرى، ــ دوكتور ئېكرام ئەلىنى بۇ يەردە تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارايمەن. ئۇنىڭ يېنىدىن سۈرەتنى ئېلىپ قارىشى ئەس-ھوشىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنىڭ باشلىنىشى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ــ مەھبۇبى ھايات بولغان بولسا، مەڭگۈلۈك قوشۇلۇپ، بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ھازىرلانغان ئۆيگە بارسۇن. ياڭ پىروفېسسورنىڭ يالغۇز ئۆزى ئېلىپ بارغىنى ئۇنىڭغا روھىي ئازادلىق ھېس قىلدۇرىدۇ. كۆزىتىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنداق قىلىشىنىڭ زىيىنى يوق. لېكىن يېقىندىن ئەمەس ــ ئۇ ئۆزىنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى بىلمەسلىكى كېرەك ــ يىراقتىن تۇرۇپ بىر نەچچە كۆز كۆزىتىلىشىگە قارشى ئەمەسمەن.

* * *

ياڭ پىروفېسسور ئېكرام ئەلىنى تەكەللۇپ بىلەن مېڭىشقا تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ ياۋاشلىق بىلەن ئەگەشتى. بۇ ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى ئىدى، پىروفېسسور بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، پىروفېسسور ساياھەت يېتەكچىسىدەك ئېكرامنى ئەگەشتۈرۈپ، تۇجۇپىلەپ بېزەلگەن تۆت ئېغىز ئۆي، ئاشخانا، كۇتۇپخانىلارنى ئايلاندۇرۇپ چىقتى. مۇشۇنداق قىلسام تونۇش نەرسىلەرنى كۆرۈپ ئەس-يادى ئېچىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلىغان پىروفېسسور، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بايقىمىغاندىن كېيىن قايتماقچى بولدى. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، يەنە:

ــ ئەتە ئەتىگەندە تېلېفونىڭىزنى كۈتىمەن، ــ دېدى سىناش نەزىرىدە.

ئېكرامدىن سادا چىقمىدى.

پىروفېسسور كەتكەندىن كېيىن، ئۇ بايا پىروفېسسور ئۆي ئىچىنى كۆرسىتىشكە قەيەردىن باشلاپ يېتەكلەپ ماڭغان بولسا شۇ يەرگە كېلىپ توختىدى. بېشىنى سىڭايان قىلىپ بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئاستا، ئېھتىيات بىلەن مېھمانخانىغا قاراپ قوزغالدى. ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي، ھەم قىزىقماي ئۇدۇل كېلىپ، تامدىكى نەپىس ئىشلەنگەن رامكىغا ئېلىنغان، كۈلۈپ تۇرغان قىزنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى ئالدىدا توختىدى (ئالاھىدە خادىملار بۇ سۈرەتنى ئۇلار كېلىشتىن ئاۋۋال ئەكىلىپ جايىغا تاقاپ قويغاندى).

ئۇ قويندىكى سۈرەتنى ئېلىپ، رامكىدىكى سۈرەتكە سېلىشتۇردى، ئاندىن بېشىنى بىردەم ئوڭغا، بىردەم سولغا قىيسايتىپ رامكىدىكى سۈرەتكە ئۇزاقىچە قاراپ تۇردى. شەك-شۈبھىسىزكى، قىزنىڭ گۈزەللىكى ئۇنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغانىدى.

ئۇ دىققىتىنى قىزنىڭ سۈرىتىگە يانداپ تاقالغان ئوخشاش چوڭلۇقتىكى يەنە بىر سۈرەتكە ئاغدۇردى. سۈرەتتىكى يىگىت ئالەم ئايروپىلانىدىن تېپىلغان ئەسلىدىكى ياش دوكتور ئېكرام ئەلى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سۈرەتتىكى يىگىتكە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەندى.

ئۇ كۆزى قىيمىغاندەك ئاستا-ئاستا كەينىگە

داجىپ بۇرۇلدى-دە، پولدىن تورۇسقىچە تاقاپ ياسىلىپ، ئىچى قېلىن-قېلىن كىتابلار بىلەن لىق تولغان كىتاب جاھازىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى، ئۇنى باشقا كىتابلارغا قارىغاندا قېلىنراق كۆرۈنگەن بىر نەچچە «كىتاب» جەلپ قىلدى. ئۇ ئۈستىدىكى كىتابنى ئېلىپ ئاۋايلاپ ۋاراقلىدى. ئىچى چوڭ-كىچىك سۈرەتلەر چاپلانغان بەش پارچە «كىتاب»نىڭ ھەممە بېتىدىكى سۈرەتلەر ئېكرام بىلەن ھېلىقى چىرايلىق قىزنىڭ دېڭىز بويىدا، دەريا قىرىدا، مېۋىلىك باغلاردا، تاغدا، گۈلزارلىقلاردا ئۆزى يالغۇز، كۆپىنچىسىدە قىز بىلەن بىللە، يەنە بەزىلىرىدە دوستلىرى بىلەن ئارىلىشىپ چۈشكەن سۈرەتلەر ئىدى. سۈرەتلەردىكى تاللانغان كۆرۈنۈشلەر شۇنچە گۈزەل، قىز بىلەن يىگىت شۇنچە شادىمان ئىدى، ئۇ ھېچقاچان، ھېچقانداق يەردە كۆزىنى ئۈزەلمەي قاراپ تۇرغىدەك بۇنداق ئاجايىپ نەرسىنى كۆرمىگەندى.

ئۇ كىتاب جاھازىسىدىن باشقا بىر قېلىن كىتابنى سۇغۇرۇپ ئالدى. بۇ «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە-ئىنگلىزچە سېلىشتۇرما لۇغەت» ئىدى. لۇغەتنىڭ قېلىن مۇقاۋىسىنى ئەمدىلا ئېچىشىغا، تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئەر كىشىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ، كىتاب قولىدىن چۈشۈپ كېتىشكە قىل قالدى. ئاۋاز مۇقاۋىدىن چىقىۋاتاتتى، ئۇ سىنچىلاپ قاراپ مۇقاۋا ئىچىگە بىر مىكرو قۇرۇلما ئورنىتىلغانلىقىنى بىلدى. مۇقاۋا ئۇيغۇرچە، ئىنگلىزچە، خەنزۇچە ھەرپلەرنىڭ قانداق تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى سۆزلەيتتى. ئۇ بۇ گەپلەرنى چۈشەنمەيتتى، ئەمما يەر شارىغا دەسسەپ، ئادەملەر بىلەن ئۇچراشقاندىن تارتىپ شۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ كېلىۋاتاتتى، لۇغەتتىكى ھەرپلەرمۇ ئۇنىڭغا تونۇشتەك بىلىندى. جەسەتنىڭ يېنىدىن تېپىلغان خاتىرە دەپتەردە، قىزنىڭ سۈرىتىنىڭ ئارقا تەرىپىگە يېزىلغان خەتتە، يول بويىدىكى بىنالارنىڭ كۆرۈنەرلىك يېرىگە ئېسىلغان ۋىۋىسكىلاردا، ھەتتا ئۇ ھەيدەپ كەلگەن ئالەم ئايروپىلان گەۋدىسىنىڭ يان تەرىپىدە ئەنە شۇنداق ھەرپلەر بار ئىدى، ئۇ بىر نېمىنى سېزىپ قالدى، ئۇ ئادەملەر بىلەن سۆزلىشەلەيدىغان «تىل»نى تېپىۋالغاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭغا كېرىكىمۇ شۇ ئىدى.

كېچە سائەت 11 بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنى يوشۇرۇنچە كۆزىتىۋاتقانلارنىڭ گۇمانىنى قوزغىماسلىق ئۈچۈن، ئۆيدىكى ھەممە چىراغلارنى ئۆچۈرۈپ كارىۋىتىغا چىقىپ ياتتى، ئون مىنۇتتىن كېيىن كارىۋىتىدا بىر ئادەمنىڭ ئۇخلاۋاتقان شەكلىنى قالدۇرۇپ، كۆزگە كۆرۈنمەس قىياپەتكە كىرىۋالدى. ئۇنىڭغا چىراغ ياندۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. لۇغەتتىكى خەتلەرنى كۈندۈزدىكىدەك ئېنىق كۆرەتتى، ئۇ ئۆرە تۇرغىنىچە لۇغەتنىڭ «A» ھەرپىدىن باشلاپ كۆرۈشكە باشلىدى. لۇغەت ۋاراقلىرى ئۆزلۈكىدىن ئېچىلاتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېچىلغان بەت ئۈستىدە ئىككى-ئۈچ سېكۇنت قادىلىپ تۇراتتى-دە، كېيىن يېڭى بەتلەر ئۈستىدە يۈگۈرەتتى، ئۇ شۇ تەرىقىدە كىتاب جاھازىسىدىكى ھەممە لۇغەتلەرنى، ئاتوم، يادرو ھەققىدىكى كىتابلارنى، ئاخىرىدا بىر نەچچە رومانىنى كۆرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ مىسلىسىز تەرەققىي قىلغان «مېڭە»سى قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك قوبۇل قىلاتتى ھەم لازىم بولغاندا نېمىنى خالىسا شۇنى دەرھال «چىقىرىپ» بېرەتتى.

تاڭ يورۇدى، ئۇ كارىۋىتىغا كېلىپ، ئۆزى قالدۇرغان شەكىلنىڭ ئورنىنى ئېلىپ يېرىم سائەت ياتتى. كېيىن ئورنىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن تۇردى-دە، سىرتقا قارىغان دېرىزە ئالدىغا كېلىپ توختىدى. قىنىدىن ئەمدىلا ئۈزۈلۈپ چىققان قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى شەھەرگە يېقىن تاغنىڭ چوققىلىرىنى، تاغ باغرىدىن باشلىنىپ شەھەر چېتىگىچە يېيىلىپ كەتكەن قويۇق باغباراڭلارنىڭ ئۈستىنى، شەھەردىكى ئىمارەتلەرنىڭ رەڭدار ئۆگزىلىرىنى ھەل بەرگەندەك قىزارتىۋەتكەنىدى، ئۇ بۇنداق گۈزەل مەنزى-





www.uyghurkitap.com

رىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى، كائىناتتىكى سان-ساناقسىز سەييارىلەرنىڭ بىرىدە، ئەنە شۇنداق كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگىدەك ئاجايىپ مەنزىرىنىڭ بارلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر سىرتتىن كۆزىنى ئۈزەلمىدى.

تېلېفون جىرىڭلىدى، ئۇ تېلېفون كۇنۇپكىسىنى بېسىش-باسماسلىقنى ئويلاپ ئىككىلىنىپ قالدى، ئەمما قايسى تىلدا سۆزلىشىش كېرەكلىكىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن بولسىمۇ تۇرۇپكىنى ئېلىشى كېرەك ئىدى.

— ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، — دېدى قارشى تەرەپ ئىنگلىز تىلىدا، ئاۋازى بوغۇقراق چىقتى.

ئۇ بۇ ئاۋازنى تونۇدى، بۇ تونۇگۈندىن بېرى ئاڭلاپ، قۇلىقىغا سىڭىپ قالغان پېشقەدەم ياڭ پروفېسسورنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— سىزگىمۇ خەيرلىك سەھەر، ھۆرمەتلىك پروفېسسور، — دېدى ئۇ جاۋابەن.

— سىز... — قارشى تەرەپ بۇنداق تېز جاۋابقا ئېرىشىشنى ئويلىمىغان چېغى دۇدۇقلاپ قالدى، — سىز... بۇ... ھە، ئېكراممۇسىز؟

— كىم دەپ ئويلىغانىدىڭىز، ھۆرمەتلىك پروفېسسور؟

— قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەيۋاتىمەن، ئېكرام...

— مەن بۇنداق تېز... ناھايىتى خۇشالمەن... سىز بىلەن تونجى بولۇپ سۆزلەشكىنىمدىن مەنمۇ خۇشالمەن، ھۆرمەتلىك پروفېسسور، سىزنى ئەسلەپ تۇرغانىدىم.

— رەھمەت... رەھمەت... — پروفېسسور خۇش بولۇپ كەتكەنىدى، — سىزنى كۆرۈشكە ئالدىراۋاتىمەن، ئېكرام... باشقا ئىش... ئالدىڭىزغا بارماقچىمەن.

— بۇ نىمە دېگىنىڭىز ھۆرمەتلىك پروفېسسور، ئاۋارە بولماڭ، ئالدىڭىزغا مەن بېرىشىم كېرەك.

— ئۇنداق دېمەڭ، مېنىڭ بارغىنىم يوللۇق، 15 مىنۇتقا قالماي يېتىپ بارىمەن.

ئەمدى ئۇ ھەقىقىي دوكتور ئېكرام ئەلى بولۇشى، بۇ يەردىكى ئىشلىرىنى تاماملىغىچە شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى.

پروفېسسورنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئىككى-ئۈچ مىنۇت قالغاندا، ئۇ دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ پەسكە قارىدى. ئېگىز بىنانىڭ 36-قەۋىتىدىنمۇ ئۇ ھەممىنى تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغاندىكىدەك ئېنىق كۆرەتتى. كوچىلاردا ئادەم ۋە ماشىنا كۆپىيىپ، ئەتىگەنكى ئازادىلىك تۈگىگەنىدى، تۆت كوچا ئېغىزىدىن 100 مېتىر يىراقتىكى قەھۋەخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ماشىنا قويۇش مەيدانىدا، كېچىدىن بېرى ئىككى ئادەم ئۇنى كۆزىتىپ چىققانىدى. ھازىر ئادەم ئالمىشىپتۇ، ئۇ ئۆرە تۇرغىنىچە ژۇرنال كۆرۈپ تۇرغان ئادەمنى تونۇدى، ئۇ تونۇگۈن كۆرگەن ئالاھىدە خادىملارنىڭ بىرسى ئىدى، يەنە بىرى ماشىنا تۈۋىدە قەھۋە ئىچكەچ، پات-پات يۇقىرىغا قاراپ قوياتتى.

ناۋاترەڭ ماشىنا كېلىپ ئالاھىدە خادىملارنىڭ ماشىنىسىنى يانداپ توختىدى. ماشىنىدىن چۈشكەن ياڭ پروفېسسور ئالدىغا كەلگەن ئالاھىدە خادىملارغا قولىنى شىلتىپ بىر نېمىلەرنى دېدى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قاتتىق خاپىلىقىنى بىلگىلى بولاتتى، ئەلۋەتتە پروفېسسورنىڭ نېمىدىن خاپا بولغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولاتتى، ئالاھىدە خادىملار دوكتور ئېكرامغا تېلېفون ئۇرالمايتتى، ئۇرغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن جاۋاب ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتەتتى. شۇڭا ئۇلار ئەتىگەندە ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن پروفېسسورغا تېلېفون ئۇرغان. ئويلىمىغان يەردىن ياڭ پروفېسسور دوكتور ئېكرام بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەرگەن. ئالاھىدە خادىملار پروفېسسور بىلەن ئۆيگە بىللە كىرمەكچى بولغان، پروفېسسور قوشۇلمىغان.

ئالاھىدە خادىملار ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ «ئالاھـ

www.uyghurkitap.com



دە»لىكنى كۆرسەتتى، پىروفېسسور ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. ئالدىدا ياڭ پىروفېسسور، ئارقىدىن ئىككى ئالاھىدە خادىم كىرىپ كېلىشتى، پىروفېسسور قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەنگە قانائەت قىلماي، دوكتورنى قۇچاقلاپ مۈرىسىدىن قاقتى:

— يارايسىز ئېكرام، يارايسىز. سىز دوكتورلا ئەمەس، ھەقىقىي قەھرىمان ئۇچقۇچى ئىكەنسىز، — دېدى ھاياجان بىلەن، — بىز سىزدىن پەخىرلىنىمىز، پۈتۈن دۇنيا سىزدىن پەخىرلىنىدۇ.

ئۇ ئىككى ئالاھىدە خادىمنى تونۇشتۇردى. ئۇلار ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىۋاتاتتى. ئالاھىدە خادىملاردىن بىرسى تاسادىپىي ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەندەك:

— ناشتا قىلمىغاندەك تۇرىسىز، قەھۋەخانىغا كىرىپ ناشتا قىلىۋالساق قانداق دەيسىز؟ — دېدى ئۇيغۇر تىلىدا.

— رەھمەت ئەپەندى، مەن ناشتا قىلىپ بولدۇم، — دېدى دوكتورمۇ ئۇيغۇر تىلىدا، — خىزمىتىمگە ماڭاي دەپ تۇرغاندىم، ھېلىمۇ كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.

— مەن دوكتورنى ئالغىلى كەلگەن، بۇ يەردە قىلىدىغان باشقا ئىشىمىزمۇ يوق.

— كەچۈرسىلەر ئەپەندىلەر، سىلەر بىلەن ئىشىك تۈۋىدىلا خوشلىشىدىغان بولدۇم.

بۇنداق سالقىن مۇئامىلىلەرگە كۆپ ئۇچراپ پىشىپ كەتكەن ئالاھىدە خادىملار، مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇشۇپلا خوشلاشتى، ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا ئۇلاردىن بىرسى ئەسكەرتىپ قويدى:

— دوكتور ئەپەندى، مىليونلىغان ئادەم سىزنىڭ بۈگۈن ۋە ئەتىڭىزنىڭ قانداق بولغان، ھەم بولىدىغانلىقىغا ئىنتايىن قىزىقىدۇ، سىزنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئېھتىمال سىزنى جامائەت سورۇنلىرىدا ئۇلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلەر. يۇقىرى قاتلامدىكى ئەرباپلارمۇ سىز بىلەن تېزرەك كۆرۈشۈشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا بىز نەچچە قېتىم كېلىپ سىزنى ئاۋارە قىلىدىغاندەك تۇرىمىز.

— تېخى تامامەن ئەسلىمگە كەلگىنىم يوق، ماڭا ئىككى-ئۈچ كۈنلا ۋاقىت كېرەك، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق چاغدا خىزمىتىڭلارغا تەييارمەن.

ئالاھىدە خادىملار كەتكەندىن كېيىن، پىروفېسسور بىلەن دوكتور بىردەم پاراڭلىشىپ، ئاندىن تەتقىقات ئورنىغا مېڭىشتى.

* * *

تەتقىقات ئورنىدىكى خادىملار دوكتور ئېكرامنى ئادەتتىن تاشقىرى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالدى. ئۇلارنىڭ شاد-خۇراملىقتىن ئېچىلىپ كەتكەن چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى، ئېكرامنىڭ قوللىرىنى مەھكەم قىسىپ، ئۇنىڭ ساق-سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىگە بەكمۇ خۇشال بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىشتى. ئاياللار ئوتتەك يېنىپ تۇرغان سىلىق مەڭزىلىرىنى ياقاتتى، سۆيەتتى. ئەگەر ئۇ كېچىدە ئىنگلىزچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىلغان بىر قانچە روماننى ئوقۇمىغان بولسا، بۇنداق قىزغىن قارشى ئېلىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالغان بولاتتى. چەكسىز تىل بايلىقى، ھەم ئۇ ھاسىل قىلغان تەپەككۇرغا تولغان ئۆتكۈر «مېڭە»سى ئۇنىڭغا قانداق قىلىش، ھەم نېمىنى دېيىش كېرەكلىكىنى قارشى تەرەپنىڭ سۆز-ھەرىكىتى ئاخىرلاشقىچە يەتكۈزۈپ بېرەتتى. ھېچكىم ئۇنىڭدىن گۇمانلانمايتتى، كۆزلىرىنىڭ ھېچ مەنە بىلدۈرمەي پارقىراپ تۇرۇشىنى، كۆپچىلىك ئۇنىڭ قاتتىق چۆچۈپ كەتكەنلىكى، تېخى تولۇق ئەسلىگە كېلەلمىگەنلىكىدىن، دەپ چۈشىنەتتى.

پىروفېسسور شۇنچىلىك خۇشال ئىدىكى، ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، گەرچە دوكتورنىڭ ئالەم ئايروپىلانىدا ھادىسىگە ئۇچراپ قايتىپ

كـەلگـىچە تـەتقىقات ئـورنـىدا زادىلا ئـۆزگـىرىش
بولمىغان بولسىمۇ، ئۇنى ئىشخانا، تەجرىبىخا-
نىلارنى ئايلاندۇرۇپ چىقتى، بۇ ئايلاندۇرۇشتىن
دوكتورمۇ خۇرسەن بولدى. چۈنكى ئۇ يەر شارى-
غا «ئاتوم»، «يادرو»نىڭ مەنبەسىنى ئىزدەپ كەلگە-
نىدى، تەتقىقات ئورنى بولسا ئۇنى بۇ قۇدرەتلىك
ئېنېرگىيەگە قانداق ئىگە بولۇشنىڭ نەزەرىيەۋى
ئاساسى بىلەن تەمىنلەيتتى، ئۇ بۇ يەرگە يوشۇ-
رۇنچە كىرىپ، «ئاتوم»، «يادرو» تەتقىقاتىغا دائىر
ماتېرىياللارنى «مېڭە»سىگە قاچىلىۋېلىشنىڭ
زۆرۈرلۈكىنى «كۆڭلى»گە پۈكۈپ قويدى.

پىروفېسسور ئاخىر ئۇنى كەچتە رېستوران-
غا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ ئۇزىتىپ قويدى.
شەھەر مەركىزىگە كەلگەندە، دوكتور پىيادە ماڭ-
غۇسى بارلىقىنى ئېيتىپ، پىروفېسسورنىڭ ما-
شىنىسىنى قايتۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ پى-
يادە ماڭغۇسى كېلىپ قالغانىدى، ئۇ شەھەرنىڭ
كۆركەملىكى، ئادەملەرنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىدى-
كى ئالاھىدە بىر ئۆزگىچىلىكنى كۆرۈپ يەتكە-
نىدى، كۆزىگە چېلىققانلىكى نەرسە ئۇنى قى-
زىقتۇراتتى، جەلپ قىلاتتى. ئادەملەر ئۇنىڭغا بە-
زىلىرى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، بەزىلىرى
باش كىيىمىنى كۆتۈرۈپ سالام بېرەتتى. دوقمۇ-
رۇشۇپ قالسا ئەپۇ سوراپ ئۆزىنى چەتكە
ئېلىپ تۇراتتى، ھەتتا ماشىنىلارمۇ توختاپ، ئۇ
ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ماڭاتتى. ھېچكىم
ھېچكىمگە چېقىلمايتتى، ھەممىلا ئادەم خۇش
چىراي، ئەدەپ-قائىدىلىك ئىدى، قارىماققا كائى-
ناتنىڭ تىنچلىق-خاتىرجەملىكى يەر شارىغا يى-
غىلىپ قالغاندەك بىلىنەتتى، بۇ يەردىكى ھايات
قايسىلا تەرىپىدىن بولسۇن ئۇ كەلگەن يىراق
سەييارىدىكى ھاياتتىن ئۈستۈن ئىدى.

ئۇ رېستوراندىن قايتىپ كەلگەندە كەچ
سائەت توققۇز بولۇپ قالغانىدى. كېچە بىلەن
كۈندۈز ئوخشاشلا بىلىنىدىغان بۇ ئادەم قىلماق-
چى بولغان ئىشنى سائەت 12 دىن كېيىن
قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ چاغدا ھەممىلا ياقنى
جىمجىتلىق باسىدۇ، ئادەملەر ئۇيقۇغا كېتىدۇ.
يەر شارىنىڭ سىرىنى بىلمەكچىكە، ئېھتىيات
قىلمايمۇ بولمايدۇ. ئۇ ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇ-
رۇپ قويماسلىقنى بۈگۈن تەتقىقات ئورنىدىن
قايتىپ، پىيادە كوچا ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندا
سېزىپ قالدى. ئۇنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى سەگەك
«مېڭە» سى باشقىلارنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىۋاتقانلى-
قىنى، ھەم يۈنىلىشنى مەلۇم قىلدى. دېمەك،
ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمى نازارەت ئاستىدا ئىكەن.
ئۇ خەلقئالەمگە «قەھرىمان ئۇچقۇچى» بولۇپ
تونۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئالاھىدە ئورگانلار
ئۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماپتۇ. ئەتىگەن ھېلى-
قى ئىككى ئالاھىدە خادىم ئۇنىڭ سۆزلەش ئىقتى-
دارىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى بىلدى. ئۇلار
بىر-ئىككى كۈن سەۋر قىلار، ئۇنىڭدىن كېيىن
تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن زىيارەت قىلىش باشلى-
نىپ كېتىدۇ. ئالەم تەتقىقات ئورۇنلىرى، ھەم
خەۋپسىزلىك تارماقلىرىنى ئۇ دۇچ كەلگەن
ئىشلار: «سامانيولى»نىڭ ئالەم بوشلۇقىدا قانداق
ھادىسىگە يولۇققانلىقى، ئۇنىڭ كونترولسىز
قالغان «سامانيولى»نى قانداق ھەيدەپ كەلگەنلى-
كى، يەرگە قونغان «سامانيولى»نىڭ پارتلاپ كې-
تىشتىكى سەۋەبىنى بىلىش-بىلمەسلىكى قاتار-
لىق مەسىلىلەر قىزىقتۇراتتى. بۇ مەسىلىلەرگە
دائىر سۆھبەت ئالەم تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇ-
رۇشقىلا ئەمەس، ئالەمدىن كېلىدىغان كۈتۈلمى-
گەن خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىمۇ
مۇھىم قىممەتكە ئىگە ئىدى... ئۇ بۇنداق ئىش-
لارغا قىزىقمايتتى، بۇنداق ئىشلار ئۇنىڭ نەزىرى-
دە ۋاقىتنى زايە قىلىۋېتىش دېگەنلىك ئىدى.
ئالەم بوشلۇقىنىڭ ئۇنىڭغا مەلۇم بولغان بىر يې-
رىدە خوجايىنى دوگال ساقلاپ تۇراتتى. ئالاقىلى-
شىپ تۇرىدىغان ئاپپاراتتىن كاشىلا چىققان. ھەر-
قانچە قىلىپمۇ ئۇنى تۈزىيەلمىدى. كېلىشكەن
ۋاقىتىغا ئۈلگۈرۈپ بارالمىسا، دوگال كېتىپ
قالاتتى.

قىلماقچى بولغان ئىشنى باشلاشقا يەنە

www.uygurkitap.com

ئىككى يېرىم سائەت بار ئىدى. ئۇ ئۆي ئىچىنى
ئاستا ئايلانغاچ، كۆرۈپ- كۆرۈپ قانمىغان سۇ-
رەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ نېمىدېگەن
گۈزەل قىز، دولقۇنلۇق چاچلىرى نېمىدېگەن يا-
راشقان. ئۇ يەر شارىغا كېلىپ، ئادەملەر بىلەن
ئۇچراشقاندىن تارتىپ، بۇنداق چىرايلىق قىزنى
كۆرۈپ باقمىدى. لېكىن بۇ قىز ئۆلۈپ كېتىپ-
تۇ، دوكتور ئېكرام بۇ دەردكە چىدىماي ساراڭ
بولاي دەپ قاپتۇ. ئاخىر دوستلىرىنىڭ مەسلىھە-
تى بىلەن ئالەمنى ساياھەت قىلماقچى بوپتۇ،
شۇم ئەجەل ئۇنى ئالەم بوشلۇقىدا ئىزدەپ تېپىپ
جېنىنى ئاپتۇ. بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق! ئۇ
نېمە ئۈچۈن بىر قىزنى دەپ ساراڭ بولاي دەپ قا-
لىدۇ؟ ئۇنى ئۇنتۇپ، باشقا بىر قىزنى تاپسا بولۇ-
ۋېرەتتىغۇ؟ ئۇلارنى بىر- بىرىگە باغلاپ تۇرغان
نەرسە نېمە؟

ئۇ كوچا ئايلانغاندا، مەيلى ياش، مەيلى قېرى
بولسۇن، ئەر- ئاياللارنىڭ قولتۇقلىشىپ كېتىۋات-
قانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇن-
چىلىك يېقىنچىلىق بار ئىدىكى، بىرەرسىگە دو-
قۇرۇشۇپ قالمىسا، يول بېرىشكە توغرا كەلمى-
سىلا بىر- بىرىدىن ئايرىلمايتتى. ياشلار
روھلۇق، تېتىك ئىدى، ئوتلۇق بېقىشلىرىدىن
ئۇلارنىڭ مەڭگۈ بىر- بىرىگە قانمايدىغانلىقىنى
بىلگىلى بولاتتى.

ئۇ كەلگەن يىراق سەييارىدىكى ئادەملەرچۇ؟
ئەر- ئايال ئوخشاش كىيىنەتتى، ئەرلەر نېمە ئىش
قىلسا، ئاياللارمۇ شۇ ئىشنى قىلاتتى. بىللە
مېڭىش، بىللە سەيلە قىلىشتىن ئېغىز ئاچقىلى
بولمايتتى. پەقەت جىنسىي ئىستەكلىرى قوزغال-
غاندىلا يېقىنچىلىق قىلىشاتتى، باشقا ۋاقىتلاردا
ئىزدەشمەيتتى. يۇرۇش- تۇرۇشىدىكى يېگانىلىك
ئۇلاردا باشقىلارنى پەس كۆرۈش تەبئىتىنى شە-
كىللەندۈرگەنىدى.

يەر شارىدا ئۆتكەن 32 سائەتلىك ۋاقىت،
ئۇنىڭ «مېڭە»سىدە كۆپلىگەن سىلىشتۇرۇش
ۋە سوئاللارنى پەيدا قىلدى. ئۇ كۆپ سەييارىلەر-
گە بارغان، ھەرخىل جانلىقلار بىلەن ئۇچراشقان،
ئەمما ئۇلار ئۇنىڭدا بۇنچە كۆپ سېلىشتۇرما ۋە
سوئاللارنى پەيدا قىلمىغان، خوجايىنلىرى نېمى-
گە بۇيرۇغان بولسا، شۇ ئىشنى ئۇلارنىڭ دېگى-
نىدىن ئارتۇقراق ئورۇنداپ كەلگەنىدى.

ئۇ يەنە سۈرەتكە قارىدى. بۇ قاراش ئۇنىڭ
«مېڭە» سىدە يېڭى بىر سوئالنى پەيدا قىلدى. ئۇ
نېمانچە بۇ سۈرەتكە مەپتۇن بولۇپ قالدى؟ نېمە
ئۈچۈن قارىسا- قارىغۇسى كېلىدۇ؟ ئۇ
ئاخشام دوكتور ئېكرامنىڭ كىتاب جازىسىدىكى
رومانلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ چىقتى، ئوقۇ-
غاندىمۇ بېرىلىپ، خۇددى باشقىچە بىر دۇنيا-
نىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك قىزىقىپ ئوقۇپ
چىققانىدى. رومانلاردا كۆپرەك قىز- يىگىتلەر-
نىڭ بىر- بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قالغانلىقى
ھېكايە قىلىناتتى. ئىنسانلار ئەنە شۇ ياخشى
كۆرۈپ قېلىشنى «مۇھەببەت» دەپ ئاتىشىدى-
كەن. مۇھەببەت! ئىنسانلاردىكى ئەنە شۇ مۇھەب-
بەت ئۇلارنى كۆيدۈرىدىكەن، كۆيۈندۈرىدىكەن.
ئەنە شۇ مۇھەببەت ئۇلارغا بېشىغا كەلگەن قايغۇ-
ھەسرەتنى بېسىپ چۈشكۈدەك شىجائەت، كۈچ-
غەيرەت ئاتا قىلىپ، بىر- بىرىگە بولغان مېھرى-
بانلىق، كۆيۈمچانلىقنى، ۋاپادارلىقنى، سادىقلىق-
نى مەڭگۈ ھەمراھ قىلىدىكەن. مۇھەببەت
ئۇلارغا ئۈمىدۋار ياشاشقا مەدەت بېرىدىكەن.

ئۇ مۇھەببەتنى شۇنچىلىك چۈشەندى، سۇ-
رەتتىكى قىز ئۇنىڭ ئىنسانلاردا بولىدىغان مۇ-
ھەببەتنى چۈشىنىشىگە خۇددى غايىبتىن كەل-
گەندەك تۈيغۇ ئاتا قىلدى. «بۇ نېمىدېگەن مەنى-
لىك سۆز» دېدى ئۇ ئىختىيارسىز شىۋىرلاپ.

*　　*　　*

ئۇنىڭ باشقا پىلانېتتا ئادىمى ئىكەنلىكىگە
گۇمان قىلغۇچىلار ھازىرچە يوق. ئەتىكى
كۈنىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەي-
دۇ. «دۈشمەننى سەل چاغلىما» دېگەن گەپ بار.
ئۇ باشقىلاردا گۇمان تۇغدۇرۇپ قويغىچە، قىلى-
دىغان ئىشنى تۈگىتىپ، يەر شارىدىن يوقىلىشى

كېرەك. يەر شارىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەھۋالىنى
ئىگىلەش، ھەربىي نىشانلارنىڭ ئورنىنى بىلىۋې-
لىش ـــ ئۇنى بويسۇندۇرۇشتىكى ئەقەللىي چۈ-
شەنچە. ئۇ ئۆزىگە ئىشىنەتتى، خوجايىنلىرى
ئۇنى ئۆزلىرىدىنمۇ ئارتۇق ئەقىل-پاراسەتلىك
قىلىپ ياراتقانىدى. ئۇ كۆزگە كۆرۈنمەس ھالەت-
كە كىرىۋالسا، يەتتە قەۋەت يەر ئاستىدىكى مۇس-
تەھكەم، مەخپىي ئورۇنلارغىمۇ شەپە چىقارماي،
ئىز قالدۇرماي كىرىپ چىقالايتتى. ۋاقىت بىلەن
ھېسابلىشىپ ئىش قىلىدىغان بۇ تەڭداشسىز
قۇدرەتكە ئىگە «ئادەم » سائەت نەق 12 بولغاندا،
ئوچۇق دېرىزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ شەھەر ئۈستىدە ئىككى قېتىم ئايلاندى.
كېچە جىمىلىقىغا چۆككەن شەھەر، ئاسماندىكى
يۇلتۇزلار يەرگە چۈشۈپ جىمىرلاۋاتقاندەك، سان-
سىزلىغان رەڭدار چىراغلارنىڭ نۇرىدا كۈندۈز-
دىكىدەك يورۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئې-
كىنزارلىقلار باشلاندى. ئۇ پەسلەپ، بەزىدە مۇ-
ئەللەقتە توختاپ، بولۇق ئۆسكەن بۇغداي، قوناق-
لارغا قىزىقىپ قاراپ كېتەتتى، ئۇلارنىڭ مەيىن
شامالدا شىلدىرلىشىنى يېقىملىق مۇزىكىنى
ئاڭلىغاندەك تىڭشايتتى. ھەرقانداق بىرئېكىنزار-
لىقنىڭ چېتىدە دەرەخلەر بىلەن قورشالغان
ئىككى-ئۈچ قەۋەتلىك بىنا بولاتتى. بۇ چوقۇم ئې-
كىنزار خوجايىنلىرىنىڭ ئۆيى. ھازىر بۇ ئۆيلەر-
نىڭ ئىشىك لەمپىسى ئاستىدىكى چىرىغىلا
يېنىق، قالغىنى ئۆچكەن، ئېكىنزار ئىگىلىرى
تاتلىق ئۇيقۇدا. بۇ نېمىدېگەن خاتىرجەم، تىنىچ
ھايات !

ئېكىنزارلىقلارنىڭ نېرىقى ئۇچى ئورمانلىق
ياكى چەكسىز دالالارغا تۇتىشىپ كېتەتتى. ئۇنى
ئورمانلىقلاردىكى دەرەخلەر، دەرەخلەرنىڭ قويۇق-
لۇقى ھەيران قالدۇردى. ئۇ بىر ئورمانلىققا
چۈشۈپ ماڭدى. ئاياغ تىۋىشى، شاخ-شۇمبىلار-
نىڭ شىتىرلىشىدىن ئۈركۈگەن قۇشلارنىڭ
پالاقشىپ، ئەنسىز چۇرۇقلاپ كېتىشى ئۇنىڭغا
بەكمۇ قىزىق ھەم كۆڭۈللۈك بىلىنىپ كەتتى.

ئۇ ئورماندىن چىقىپ، نېرىدا گۈرۈلدەپ ئېقىۋات-
قان دەرياغا قاراپ ماڭدى.

بۇ نېمىدېگەن ئاجايىپ كۆرۈنۈش ! قىنىغا
پاتماي سۇر-ھەيۋە بىلەن لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان
سۇ ئۇنى شۇنچىلىك جەلپ قىلدىكى، دەريانىڭ
باش-ئاخىر ۋە ئۇ قىرغىقىغا بىر ھازاغىچە قاراپ
تۇرۇپ كەتتى. كېيىن سۇغا كىردى. چۆكتى،
ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە بارغاندا، قوللىرىنى ئالدىغا
سوزۇپ ماتورلۇق قولۋاقتەك ھەم ئېقىنغا قارشى،
ھەم ئېقىن بويلاپ غۇيۇلداپ ئۈزدى. ئارامى بۇ-
زۇلغان بېلىقلارنى كىچىك باللاردەك قوغلاپ
ئويىندى ۋە بۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىپ، قوغلاشماق
ئويۇنىنى خېلى داۋام قىلدى.

يەر شارىنىڭ ئىككىنچى يېرىمى يورۇق
ئىدى. ئاسمانغا ئېسىپ قويغاندەك چاراقلاپ
تۇرغان قۇياش ئۇنىڭغا پۈتۈن ئالەمگە كۈلۈپ قا-
راۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇنى شەھەرلەرگە قارىغاندا
دالا-ئېدىرلار، ئورمانلار، قارىغايلىق تاغلار،
قارلىق چوققىلار، دېڭىز-ئوكيان، دەريا - كۆللەر
كۆپرەك ئۆزىگە تارتتى. نىئاگۇرا شارقىراتمىسى،
نىل دەرياسى، شىرتەنلىك ئادەم ھەيكىلى، جۇما-
لاڭما چوققىسى، سەددىچىن سېپىلى، سىبىرىيە
ئورمانلىقلىرىنى ئايلىنىپ چىقتى. ئافرىقا چۆل-
لۈكلىرىدىكى قۇم بارخانلىرىمۇ ئۇنىڭ زوقىنى
ئاشۇردى...

ئۇ قۇياش ئۇپۇق يېرىپ چىقىۋاتقاندا قايتىپ
كەلدى. بەش سائەت داۋاملاشقان ـــ يەر شارىنى ئاي-
لىنىپ قىلغان ساياھىتى ۋاقتىنى، نېمە قىلماق-
چى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇلدۇرغانىدى. ئۇنىڭ
«مېڭە» سىگە يەر شارىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەھۋا-
لى ھەم ھەربىي نىشانلارغا قارىغاندا، گۈزەللىك-
كە تويۇنغان بۇ ئاجايىپ سەييارىنىڭ كۆرۈپ قان-
مايدىغان مەنزىرىلىرى كۆپرەك خاتىرىلەنگەنى-
دى، بۇنىڭدىن ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. ئۇ ئىشنى
تۈگىتىپ دەرھال قايتىشى كېرەك ئىدى، ئەمما
يەر شارىنى ئايلىنىپ قانغۇچە تاماشا قىلدى،
شۇنىڭ بىلەن ۋاقتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇ

خوجايىنلىرىنىڭ پەرمانلىرىغا سۆزسىز بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما بىلىپ تۇرۇپ بىپەرۋالىق قىلدى. ئۇنى ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىشقا نېمە مەجبۇر قىلىۋاتىدىكىن؟!

*　　*　　*

ئاپتوماتىك تېلېفوندىن كەلگەن ئاۋاز ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتتى:

— ئەپەندى، سۆزلىشەمسىز ياكى سۆز قالدۇرۇپ قويسۇنمۇ؟

ئۇ كېلىپ كۇنۇپكىنى باستى.

— خەيرلىك سەھەر، ياش دوستۇم. مەن سىزنىڭ ئارامىڭىزنى بۇزۇپ قويمىغاندىمەن، — بۇ ياڭ پىروفېسسور ئىدى.

— خىجىل قىلماڭ، هۆرمەتلىك پىروفېسسور، مەن سىزنى خىيال قىلىپ تۇرغاندىم.

— رەھمەت. ئۇلار سىزنى ئاۋارە قىلمىغاندۇ؟

— كۆن ئەمدى باشلاندى، كېيىنرەكىگە بىر نېمە دېيەلمەيمەن.

— بىر-ئىككى كۈن ئوبدان ئارام ئېلىۋېلىشىڭىز كېرەك، دوكتور. هازىر پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتى سىزدە. خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشكەندە روھلۇق، تېتىك بولمىسىڭىز بولمايدۇ.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، پىروفېسسور. ئالاھىدە خادىملارمۇ ئالدىرىتىپ كەتمەس، دەپ ئويلايمەن.

— مېنىڭچىمۇ شۇنداق، ئالدىرىتىپ كەتمەس. مەن سىزگە بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزمەكچىمەن.

— خۇش خەۋەر؟ مېنى تەقەززا قىلماڭ، قۇلىقىم سىزدە.

— ئانىڭىزدىن تېلېفون كەلدى. ئەسلىدە سىزگە ئۇرماقچىكەن، تۈنۈگۈندىن بېرى تېلېفون قىلىپ ئالالمىغاچقا ماڭا ئۇرۇپتۇ.

— ئانامدىن! — ئۇ شۇنچىلىك تەئەججۇپلەندىكى، ئۆتكۈر «مېڭە» سىمۇ دەررۇ جاۋاب يەتكۈزۈپ بېرەلمىدى. ئۇ ئوقۇغان كىتابلىرىدىن ئانىنىڭ نېمىلىكىنى بىلگەندى، ئەمما ئۆزىنىڭ ئانىسى بارلىقىنى زىنھار كۈتمىگەندى. ياڭ پىروفېسسور ئۇنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى كۈتكەنمۇ، تۈنۈگۈن ئەتىگەنكى ئۇچرىشىش، رېستوراندىكى كەچلىك زىياپەتتىمۇ ئۇنىڭ ئانىسى توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىغاندى. ھېلىمۇ ياخشى تېلېفون ئېكرانىنى ئېچىپ قويماپتۇ. بولمىسا پىروفېسسور ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ بىر قىسما بولۇپ قالاتتى.

— ئانىڭىز ئالەم ئايروپىلانىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ غايىب بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ، يىغلاپ - قاقشاپتۇ. — دېدى پىروفېسسور ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ گەپلىرىنى يەتكۈزۈپ، — كېيىن سىزنىڭ ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزنى تېلېۋىزوردا كۆرۈپ ئېيتقۇسىز خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. لېكىن ئىككى كۈندىن بېرى خەۋىرىڭىزنى ئالالماي، يەنە ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ قاپتۇ. مەن ئانىڭىزغا، سىزنىڭ ئالاھىدە بىر ئورۇندا ئىككى - ئۈچ كۈن كۈتۈدىغانلىقىڭىزنى، چوقۇم تېلېفون قىلىدىغانلىقىڭىز ياكى ئۆزىڭىزنىڭ بېرىپ كۆرۈشىدىغانلىقىڭىز دەپ خاتىرجەم قىلدىم. ئانىڭىز ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگىچە كۆڭلۈم ئەمىن تاپمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى.

— سىز نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭىز، پىروفېسسور؟

— سىز بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەنلىكىمنى ئېيتىمغا ئېيتاي، مېنىڭچە ئۇ چوقۇم تېلېفون قايتۇرىدۇ، بۈگۈن-ئەتىنىڭ ئىچىدىلا، — دېدىم.

— ناھايىتى توغرا قىپسىز، هۆرمەتلىك پىروفېسسور. مەن بۈگۈن كەچكىچە تۇزۇلۇپ قالىدىغاندەك تۇرىمەن. ئانام بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشەي.

ئۇ كۇنۇپكىنى بېسىۋېتىپ، بىر قولىدا ئۇستەلگە تايانغىنىچە تۇرۇپ كەتتى. بۇ يېڭى خەۋەر دوكتور ئېكرام قىياپىتىدە يۈرگەن بۇ «ئادەم» گە ئوبدانلا تەسىر قىلغانىدى. ئۇ كەلگەن يىراق سەي-

ياردە باللار تۇغۇلۇپلا ئايرىم بېقىلاتتى. ئانىسىنى بىلمەيتتى. ئانا دېگەن ئۇقۇممۇ يوق ئىدى. ئانا! ئىنسانلار ئۈچۈن ئانا چەكسىز كۆيۈمچانلىق ۋە مېھرىبانلىقنىڭ سىمۋولى ئىدى. ئۇلار ئانىنى ئۇلۇغلاپ، ئۇ كېچىدىن سەھەرگىچە ئايلىنىپ كەلگەن گۈزەل زېمىن-يەر شارىنى «ئانا زېمىن»، «ئانا تۇپراق» دەپ تەرىپلەيتتى، ئۇنىڭغا ھېچنېمىنى تەڭ قىلمايتتى.

دوكتور ئېكرامنىڭ ئانىسى بار ئىكەن. بالىسىنىڭ ئوتىدا كۆيۈۋاتقان بۇ ئۇلۇغ ئانا، ئۇ يەر شارىدىن ئايرىلغۇچە ئۆزىنىڭمۇ ئانىسى بولۇپ قالاتتى. بۈيۈك سەييارىدە ھېچكىم بىلمەيدىغان، ھېچكىمدە يوق قىممەتلىك نەرسىگە ئۇ يەرشارىغا كېلىپ ئىككى كۈن ئىچىدىلا ئىگە بولۇپ قالدى. مەيلى ئۇ يەر شارىدا قانچە سائەت تۇرۇپ قالسۇن، بۇ ئۇلۇغ ئانا ئۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋانە ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قان بىلەن گۆشتىن ئەسەر يوق جىسمىغا، «ئانا» دەيدىغان تەسىرچان بىر ئۇقۇمنىڭ تارقىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. بۇ ئۇقۇم شۇنچىلىك تېز تارقالدىكى، جىسمىغا سىغماي ئاخىر ئېغىزىدىن «ئانا» دەپ چاقىرغان ئۈنلۈك خىتاب بىلەن چىقىپ كەتتى.

* * *

خوجايىنلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئاق - قارىغا ئايرىماي ئورۇنداشقا ئۆگىنىپ كەتكەن بۇ «ئادەم» ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن يەر شارىغا كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. يەر شارىنى ئايلانغان سەپىرىدە، ئۇ ئالەم ئايروپىلانلىرىنى قويۇپ بېرىش مەيدانلىرىنى، دېڭىز - ئوكيانلاردا ئۈزۈپ يۈرگەن ئۇرۇش پاراخوتلىرى، ئاۋئاماتكىلارنى، سۇ ئاستى يادرو پاراخوتلىرىنى، رېئاكتىپ ئايروپىلانلارنى كۆردى، يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنى بايقىدى. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەر شارىنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى بىلەن بىللە «مېڭە» سىگە خاتىرىلەندى. ئۇ ھازىر شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، يەر شارىنىڭ قورال - ياراغ، ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى تەمىنلەپ كېلىۋاتقان يادرو ئېنېرگىيەسى، بۈيۈك سەييارىنىڭ ئاجىزلىشىپ، قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان ھەربىي ئەسلىھەلىرىگە جان كىرگۈزەلەيتتى. يەر شارى بويسۇندۇرۇلسا، بۈيۈك سەييارە ھالاكەتتىن قۇتۇلاتتى. ئۇنىڭ شۇنچىلىك كۆرگىنىمۇ كۇپايە قىلاتتى. ئۇ ئەمدى دوگالنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتسە بولاتتى. ئۇچرىشىشقا بەلگىلەنگەن ۋاقىتقىمۇ ئاز قالغانىدى.

ئەتىگەن سائەت 10دىن چارەك ئۆتكەنىدى. ئۇ دېرىزىنىڭ يېنىدا قىمىر قىلماي تۇراتتى. ئۇنى خىيال بېسىۋالغانىدى. نەچچە قېتىم ئۇچۇشقا تەمشەلدى. لېكىن يەر شارى ئادەملىرىدىكى قىزغىنلىق، ئۇنى قارشى ئالغان چاغدىكى تەنتەنە، پېشقەدەم پروفېسسوردىكى كۆيۈمچانلىق، دۇنيا مىقياسىدىكى ئادەملەرنىڭ ئۇنى تېلېۋىزور ئېكرانىدا بولسىمۇ بىر كۆرۈشكە بولغان ئارزۇسى، يەر شارىنىڭ مىسلىي كۆركەملىكى «مېڭە» سىگە كىرىۋېلىپ ئۇنى بوشاشتۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. ئۇ ئۈن- تىنسىز يەر شارىدىن يوقىلىپ كەتسە، ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن كۆڭلى كىچىككىنە تىنغان باغرى يۇمشاق يەر شارى ئادەملىرى، ئۇنىڭ ئۇشتۇمتۇت «غايىب» بولۇپ كەتكەنلىكىدىكى سىرنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، قايتىدىن غەم- غۇسسىگە چۆمەتتى.

ئۇنىڭ «ئانىسى» نېمە بولۇپ كېتەر؟! ئانىسى ئوغلىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدىيۇ، يۈز كۆرۈشۈشكە ئۈلگۈرمىدى. ئەگەر ئۇ يەنە تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كەتسە، بۇ يۈرىكى يارىلانغان ئانىنى ئۆلۈم گىردابىغا سۆرەپ كىرگەنلىك بولمامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆزى زادى كىم؟ ئۇ يىراق بىر سەييارىدە چەكسىز ئىقتىدارغا ئىگە قىلىنىپ، ياسالغان بىر «ئادەم»! يەر شارىدا تىنچ، خاتىرجەم ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزۇپ، خانىۋەيران قىلىۋېتىشتىن ئۇ قانچىلىك بەھرىلىنەر؟ ئۇ دوگالنىڭ قېشىغا قايتىپ بارمىسا، دوگال ئۇچرىشىدىغان ۋاقىت توشۇشى بىلەنلا ئۇنى بىرەر ھادىسىگە ئۇچراپتۇ، دەپ ئويـ

لايدۇ - دە، ئۇنىڭ غېمىنى ئەمەس ئۆزىنى ئويلاپ، چاپسانراق كېتىۋېلىشىنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يىراق سەييارىنىڭ باغرى تاش ئادەملىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ كىرىپ، پىداكارلىق بىلەن خىزمەت قىلغان لېرىخ ئىسىملىك، كېيىن دوكتور ئېكرامنىڭ تۇسىگە كىرگۈزۈلگەن بىر «ئادەم»نى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدۇ.

ئۇ ئىككىلىنىپ قالغانىدى.

ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاستا كېلىپ تېلېۋىزورنى ئاچتى. ھەممىلا قانالدا دېگۈدەك دوكتور ئېكرام ئەلىنىڭ پات ئارىدا خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشىدىغانلىقى مۇھىم خەۋەر قىلىنىپ ئاڭلىتىلىۋاتاتتى. پەقەت بىر قانالدىلا كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئىشلار سۆزلىنىۋاتاتتى.

— ئەتىگەن سائەت 10 دىن سەككىز مىنۇت ئۆتكەندە «بوستان» كوچىسىدا ئادەم بۇلاپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بەردى. نىقابلانغان ئۈچ بۇلاڭچى، پىيادىلەر يولىدا كېتىۋاتقان بىر قىزنى ماشىنىغا سۆرەپ كىرگۈزۈۋېلىپ قېچىپ كەتكەن. ۋەقە بىر مىنۇت ئىچىدە ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەچكە، ساقچىلار قىزنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن. بۇلاڭچىلار پۇل - مال ئۈچۈن ئەمەس، قىزنى ئېلىپ قېچىشنىلا كۆزلىگەن. 30 ياشلىق دىلارا ئىسىملىك بۇ قىز باي ئائىلىدىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئانىسى 65 ياشقا كىرگەن ئاغرىقچان بىر موماي...

دىكتور كوچا سىنئالغۇسىدا تارتىۋېلىنغان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرسەتكەچ ۋەقەنىڭ داۋامىنى سۆزلىمەكتە ئىدى:

— ئىستانسىمىز مۇخبىرى بۇلاپ كېتىلگەن دىلارا خانىقىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئانىسى — ئاق چاچلىق نىگارخانىمدىن ھال سورىدى.

چاچلىرى چۇۋۇلغان نىگار خانىم بوقۇلداپ يىغلاپ ياش تۆكمەكتە ئىدى. كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدە تۇرغان ئىككى ھەمشىرە مومايىنىڭ چاچلىرىنى تۈزەپ، مۇرىسىدىن سىلاپ تەسەللى بېرەتتى، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئاق خالاتلىق بىر ئەر دوختۇرمۇ بار ئىدى.

— ئانا، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، — دېدى ساقچى فورمىسى كىيگەن ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئادەم سەل ئېڭىشىپ، — ھازىر بۇ ۋەقەدىن شەھەر ئىچى - سىرتىدىكى ساقچىخانىلار خەۋەر تېپىپ جىددىي ھەرىكەتكە كەلدى. بىز چوقۇم بۇگۈندىن قالدۇرماي قىزىڭىزنى تېپىپ كېلىمىز.

— سېنى ھايات كۆرەلەرمەنمۇ جېنىم قىزىم، سەن تېپىلغىچە ھالىڭ نىچۇك بولار جىگەر پارەم، ۋاي مېنىڭ يورۇق يۇلتۇزۇم، ۋاي مېنىڭ كۆز نۇرۇم...

موماي ئېسىدىن كەتكەندەك بولدى. دوختۇر - ھەمشىرەلەر بىردەم پايپېتەك بولۇپ ئۇنى سەگىتتى. چاچلىرىغا ئاق سانجىلغان دوختۇر:

— ھەممە ئادەم ئۇ نا ئەھلىلەرگە لەنەت ئوقۇماقتا، خانىم، — دېدى تەسەللى بېرىپ، — ئۇ ئىپلاسلار ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قىزىڭىز چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ. بىز سىزنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتەيلى. قىزىڭىز قايتىپ كېلىپ سىزنى ساق - سالامەت كۆرسە خۇش بولىدۇ.

— ياق ... ياق !... — نىدا قىلدى نىگارخانىم، — مەن ھېچيەرگە بارمايمەن ... قىزىمنى ئۆز ئۆيۈمىدە كۈتىمەن... مېنى زورلىماڭلار... بۇ يەردىن ھېچيەرگە قوزغالمايمەن...

ئۆزىنى تۇتالماي ئېسەدەپ كەتكەن ياش مۇخبىر قىز مومايىنىڭ قولىغا يۈزىنى يېقىپ، تىترەك، بوغۇق ئاۋازدا سورىدى:

— ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىز بارمۇ؟ چاقىرىپ كېلىڭلار دېسىڭىز، ھەممىسىگە خەۋەر قىلىۋېتەي، بەلكىم بۇ چاغقىچە ئۇلارمۇ ئاڭلىغاندۇ.

— يوق... بىز ئانا-بالا ئىككىيلەنلا... مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ مەن ئۈچۈن ياشاپ كېلىۋاتىمىز... — نىگار خانىمنىڭ ئاۋازى غايىبتىن

www.uyghurkitap.com

مەدەت ئالغاندەك بىردىنلا جاراڭلاپ كەتتى، —
ياق، قىزىم، بىز يالغۇز ئەمەس، دۇنيادىكى بارلىق
ئالىيجاناب كىشىلەر بىزنىڭ تۇغقىنىمىز،
بىزنىڭ يۆلەنچۈكىمىز! مەن ئۇلارغا مۇراجىئەت
قىلىمەن، ئۇلار بالا دەردىدە يۈرىكى پارە-پارە
بولۇپ كېتىۋاتقان مەندەك ئاق چاچلىق مومايىنىڭ
ھالىغا يېتىدۇ. خەۋەر قىلىسىڭىز مانا شۇنى
خەۋەر قىلىڭ، قىزىم. ئاق كۆڭۈل كىشىلەر،
مېنىڭ ئۈمىدىم سىلەردە!

بۇ خەۋەر ئۇنىڭ سەزگۈر كاللىسىنى سارىل-
سىمىگە سېلىۋەتتى. ئۇ ئانىنىڭ قانداق بولىدى-
غانلىقىنى، ئانا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى،
كىشىلەردىكى مېھىر-شەپقەتنى كۆردى. ئۇ يەنە
يەر شارى ئادەملىرىدىمۇ رەزىللىك، قارا نىيەت-
لىك، شەپقەتسىزلىكنىڭ بارلىقىنى كۆردى.
لېكىن، ئىنسانلار بۇنىڭدىن قاتتىق نەپرەتلىنىدى-
كەن، ھەققانىيەت، ئادىللىقنى ياقلايدىكەن! ئاق
باش ئانىنىڭ مۇراجىئىتى ئۇنىڭغا ئۆزىنى يەر
شارى ئادىمىدەك ھېس قىلدۇردى.

— ئەپەندى، سىزگە تېلېفون، سۆز قالدۇرۇپ
قويامسىز ياكى ...

ئۇ ئىتتىك كېلىپ تۇرۇپكىنى ئالدى.

— سالامەتمۇسىز، دوكتور، سىزدىن ياخشى
خەۋەر ئالالمىدۇق. ئارام ئېلىشىڭىز كۆڭۈلدىكى-
دەك بولۇۋاتامدۇ؟

بۇ ھېلىقى ئالاھىدە خادىملار ئىدى.

— ئەپەندىلەر، — دېدى ئۇ خېلىلا ئاچچىق
بىلەن، — مېنى بۈگۈن-ئەتە ئىككى كۈن ئاۋارە
قىلماسلىقىڭلارنى سورايمەن.

ئۇ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى زەردە بىلەن بېسى-
ۋەتتى.

* * *

ئۇ ئۈچىنچىسىغا ھېلىمۇ مودا بولۇپ كېلىۋات-
قان پادىچى شىم-چاپىنىنى كىيگەن، ئارقىسىغا
رەتلىك قايرىلىپ تۇرىدىغان چېچىنى سول چې-
كىسىدىن ئايرىپ ئوڭ تەرەپكە تارىمايلا قالايمى-
قان ياتقۇزۇۋالغان، كۆزىگە قارا كۆزەينەك تاقىۋال-
غانىدى. مۇرىسىگە چاققانغىنە ساياھەتچىلەر
سومكىسىنى ئېسىۋالغان بۇ ئادەمنى ھېچكىم
«سامانيولى» ناملىق ئالەم ئايروپىلانىنى ئۆزى
يالغۇز ھەيدەپ كەلگەن قەھرىمان ئۇچقۇچى
دوكتور ئېكرام ئەلى دەپ ئويلىمايتتى.

ئۇ ۋەقە سادىر بولغان يەرگە كېلىپ توختى-
دى. ۋەقە يۈز بېرىپ يېرىم سائەت ئۆتكەن، جىد-
دىيچىلىكمۇ پەسىيىپ، بۇ يەر ھېچ ئىش بولمى-
غاندەك ئەسلىدىكى تىنچ ھالىتىگە كەلگەنىدى.
ئۇ قوللىرىنى مەيدىسىگە گىرەلەشتۇرۇپ، بىر-
سىنى ساقلاپ تۇرغاندەك ئۇياق-بۇيېقىغا پەرۋاز-
سىز قاراپ قوياتتى. لېكىن ئۇنىڭ قارا كۆزەينەك
ئارقىسىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرى ئادەم ئايىغى، ما-
شىنا ئىزلىرى ئۈستىدە يۈگۈرەتتى. ئۈستى-ئۈس-
تىلەپ چۈشۈپ قالايمىقانلىشىپ، ھەتتا ئۆچۈپ
كېتەي دەپ قالغان چاق ئىزلىرىدىن بىرەر نىمى-
نى پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى. ئەمما ئۇ پەرقلەن-
دۈرەلەيتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالمىسى بىر-بىرىگە
ئوخشاشمايدىغان چاق ئىزلىرى ئۈستىدىن بىر-
بىرلەپ ئۆتۈپ، ئاخىر بىر ئىز ئۈستىدە تەڭشى-
لىپ توختىدى. ماشىنا ئىتتىك قوزغالغاندا،
چاقنىڭ سۈركىلىشتىن قالدۇرغان ئىزى قارى-
يىپ تۇراتتى. ئۇ مۇشۇ ئىزنى قوغلاپ ماڭسا
بولاتتى.

ئۇ ئىزنى بويلاپ پىيادىلەر يولىدا 15 مىنۇت
ماڭغاندىن كېيىن ئويلىنىپ قالدى. بۇلاڭچىلار-
نىڭ ماشىنىسى ناھايىتى تېز ماڭغان. ئەگەر ئۇ
پىيادە ماڭسا قىزنى ئىزدەپ تاپقىچە بىر نەچچە
سائەت ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغىچە بۇلاڭچىلار
قىزنى ھەر نېمە قىلىۋېتىشى مۇمكىن. ئۇ خالىي-
راق بىر يەرنى تېپىپ كۆزگە كۆرۈنمەس ھالەتكە
كىردى-دە، كوچا ئۈستىدىكى بوشلۇققا كۆتۈ-
رۈلدى.

شەھەردىن يىراقلاشقانسېرى چاق ئىزى تې-
خىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ماشىنا بىر
يەردە توختىغاندەك قىلمايتتى. ئۇ 115 كىلومې-
تىر ئۇچقاندىن كېيىن، ماشىنىنىڭ تېز سۈرئەت-

لىك يولدىن سەھرا يولىغا ئەگىلگەنلىكىنى كۆردى. يەنە 40 كىلومېتىر ئۇچتى. ئۇ ماشىنىنىڭ يول ياقىسىدا توختاپ، كېيىن يەنە مېڭىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. ماشىنا نېمە ئۈچۈن توختىغاندۇ؟ ئۇ پەسلەپ يەرگە دەسسىدى-دە، سىنچىلاپ قارىدى. يەردىكى قالايمىقان ئىزلار ئۇنىڭغا ھەممە نېمىنى سۈرەتتەك كۆرسىتىپ بەردى: شوپۇر يەرگە چۈشمىگەن. ئىككى ئەركەك قىزنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ سۆرەپ ماڭغان، ئىنچىكە پاشنىنىڭ يەرنى سىزىپ قالدۇرغان ئىزى بۇنى ئىسپاتلايتتى. لېكىن ئۇلار قىزنى ئۆي توگۇل بىر تۇپ دەرىخى يوق، ئۇ يەر-بۇ يەردە ئەمەن، شىۋاق كۆرۈنۈپ قالىدىغان بۇ قۇم ئارىلاش شېغىللىق دالانىڭ نەرىگە ئېلىپ ماڭغاندۇ؟

ئۇ ئىزنى ئەگىشىپ ماڭدى. ئىنچىكە پاشنىنىڭ ئۈزۈلمەي سىزىپ ماڭغىنىغا قارىغاندا، قىزنىڭ ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. ئىزلار 150 مېتىرچە داۋاملىشىپ، كىچىككىنە بىر تاقىرلىقتا ئۈزۈلدى. ئۇ تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ يەرگە يېتىپ قالدۇرغان ئىنچىكە، ئۇزۇنراق تاپان ئىزىنى بىر قاراپلا پەرق قىلالىدى. دېمەك، ئۇلار قىزنى تىك ئۇچار ئايروپىلانغا يۆتكەپ ئېلىپ قاچقان. خۇداغا شۈكۈر، ھاۋا ئوچۇق ھەم تىنچىق ئىدى. ئەگەر، چاچ يەلپۈنگۈدەك شامال چىقىپ تۇرغان بولسا، تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ يېقىلغۇسى قالدۇرغان پۇراقنى ئۇچۇرۇپ كەتكەن، ئىزدەپ تاپقىچە خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى.

توپىلىق دۆڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر ئېرىق سۇ ئېقىپ تۇرغان دەرەخزارلىق كۆرۈندى. بىر نەچچە ئات-كالا ئوتلاپ يۈرەتتى. ئېرىقنى بويلىتىپ سېلىنغان ئۇزۇن ھەم كەڭ، ئۇستىدىن قارىغاندا ئەگرى-بۈگرى ياغاچلار بىلەن يېپىلغان، تاملىرى ئاقارتىلمىغان ئىككى كۆرۈمسىز ئۆي بۇ يەرنىڭ يېڭى ئېچىلغان دېھقانچىلىق مەيدانى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا، ئۆي ئەتراپىدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى.

ئۇ ئىككىلىنىپ تۇرمايلا ئادەم ئاۋازى كېلىۋاتقان ئۆيگە قاراپ قوزغالدى. ئىشىك قىيا ئوچۇق ئىدى. خۇددى ئەتىلا كۆچۈپ كېتىدىغاندەك ئۇستەل، ئورۇندۇقتىن باشقا نەرسە كۆزگە چېلىقمايدىغان ئۇلۇغ تەرەپتىكى ئۆي ئىچكىرى-تاشقىرى بولۇپ، ئىچكىرىكى ئۆيدە ئۈچ ئەر، ئۈچ ئايال چۈشلۈك تاماق يېيىشىۋاتاتتى. ئەرلەر بىر-بىرىگە گەپ بەرمەي قىزىشىپ سۆزلىشەتتى، ئىچىشەتتى، ئاياللار قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. ئۇلار ئۇنى كۆرمىدى، كۆرۈشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— خوجايىنىغا تاماق ئەكىرىپ بەردىڭلارمۇ؟ — سورىدى ئەرلەردىن بىرى.

— ئالدىدا يېگەنسېرى يېگۈسى كەلگۈدەك تاماق تۇرسا، بۇ تاماقلار گېلىدىن ئۆتەمدۇ-ھە.

كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— باشلىقنىڭ كۆزىمۇ، ئېپىمۇ بار-دە، بىر ئاي پېيىغا چۈشۈپ، ئاخىر بۈگۈن قولغا چۈشۈردى.

— بەئەينى سۈرەت، بۇنداق چىرايلىق قىزنى ئۆمرۈمدە كۆرمىگەنمەن.

سول تەرەپتىكى ئۆيمۇ ئىچكىرى-تاشقىرى ئىككى ئېغىز ئىدى. ئۇ دالاندىن ئۆتۈپ ئىچكىرى ئۆينىڭ ئىشىكىگە قۇلىقىنى ياقتى، بىرسى سۆزلەۋاتاتتى:

— مەن سىزنى زورلۇق بىلەن ئەكىلىشكە مەجبۇر بولدۇم. نېمىشقا دەمسىز! تاقىتىم چېكىگە يەتتى. ھېلىمۇ سىزنى ئۇچرىتىپ قالغان ئۈچ ئايدىن بۇيان سەۋر-تاقەت قىلىپ كەلگىنىمگە ئۆزۈممۇ ھەيران قالىمەن. ماقۇل دەڭ، بۇرۇنقى زامانىنىڭ خانىشلىرىدەك تۇققۇزىڭىز تەل ياشايسىز، كېيىنچە ئۆيىڭىزگە كېتىشىنىمۇ خالىماي قالىسىز، ئاپىڭىزدىن ئەنسىرەشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئەكىلىۋالىمىز. بۇ يەردىكى بىساتلارغا قاراپ مېنى كەمبەغەل چاغلاپ قالماڭ، بۇ بىر

نقاب. بۇ يەر بىزنىڭ ئامبىرىمىز.

— تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان زەھەر ئەتكەسچىسىغۇ سەن!

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ، مېنى تۇتۇش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس. زەھەر ئەتكەسچىسى دېدىڭىز، ئاڭلاپ قويۇڭ، كەڭ-كۇشادە، باياشات ياشاش ئۈچۈن نېمە قىلىشقا توغرا كەلسە، شۇنى قىلىش كېرەك.

— مىڭلىغان ياشنى زەھەرلەپ، خەقنىڭ قارغىش - لەنىتىگە قالغان سەندەك بىر مەلئۇنغا ئىتمۇ يېقىن يولىمايدۇ.

— پۇل ھەممىنى كەلتۈرىدۇ، خانقىز.

— پۇل ھەممىگە قادىر ئەمەس، ئىپلاس. قېنى كەل، قولۇڭغا ئۆلۈكۈم چۈشسە چۈشىدۇكى، تىرىكمگە ئىگە بولالمايسەن.

ئەرنىڭ قاقاقلاپ كۈلگىنى ئاڭلاندى.

— ئۆلۈشكە ئالدىرىماڭ، ماڭا تىرىكىڭىز كېرەك، بولمىدى دېگەندە، مەن پۇخادىن چىققۇالغۇچە...

ئورۇندۇق تاراقلىدى.

ئىشىك ئىچىدىن قۇلۇپلانغانىدى، ئۇ بارمىقىنىڭ ئۈچىنى تۇتقۇچقا تەگكۈزۈشى بىلەنلا ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ كۆزگە كۆرۈنىدىغان قىياپەتكە كىرىپ، ئۈستەلدىن ئەگىپ ئۆتۈۋاتقان ئادەمگە قاراپ ئۇدۇل ماڭدى. پاينەكباش، قىرىق ياشلار چامىسىدىكى تەمبەل كەلگەن زەھەر ئەتكەسچىسى ھەيران قالغۇدەك چاققانلىق بىلەن قولىنى ئۈستەلگە قويۇپ قويغان تاپانچىغا ئۇزاتتى. ئۇ ئوقتەك كېلىپ ئەتكەسچىنىڭ تاپانچىغا سۇنغان قولىغا ئۇردى. ئەتكەسچىنىڭ تاپانچا تەپكىسىگە ئىلىنىپ قالغان بارمىقى تارتىشىپ تەپكە بېسىلىپ كەتتى. ئۇ ئەتكەسچىنىڭ تاقىر بېشىغا مۇشتۇمى بىلەن ئۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋەتتى-دە، قىيا ئېچىلىپ قالغان ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرۇۋالدى.

ئوق ئاۋازى قارشى تەرىپتىكى ئۆيدە ئولتۇرغانلارنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇلار نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، خوجايىنى پەيزى سۈرمەكچى بولۇۋاتقان ئۆيگە قاراپ قوزغىلىشتى. ئۇلارنىڭ خىيالىدا، خوجايىن ئۆزىگە بويسۇنمىغان قىزنى ئېتىۋەتكەنىدى. ئۇلار خاپا ئىدى، قىز جاھىللىق قىلمىغان بولسا، خوجايىنىدىن تۇتاملاپ پۇل ئالغان بولاتتى.

دەسلەپتە كەلگىنى ئېھتىيات بىلەن ئىشىكتىن بويىنىنى سوزدى، لېكىن بويىنىدىن تارتىلىپ قارشى تەرەپتىكى تامغا زەرب بىلەن ئۇرۇلدى. نېمىلىكىنى بىلمەي ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا كىرىپ كەلگەن ئىككىنچىسى، يەردىن دەس كۆتۈرۈلگىنىچە تورۇسقا ئۇرۇلۇپ «گۈپ» قىلىپ يىقىلدى. ئۈچىنچىسى قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. غايىبتىن سوزۇلۇپ كەلگەن قول ئۇنى جايىدا قۇيۇندەك پىرقىراتتى، ئاندىن چوققىسىغا تەگكەن مۇشتتىن دۈم يىقىلدى.

ئۇ خۇددى يوقىتىپ، پارقىراپ تۇرۇپلا قالغان قىزنىڭ قولىدىن تارتىپ سۆرىگەندەك ئېلىپ ماڭدى. قارشى تەرەپتىكى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىققان قىزلارنىڭ قىيا-چىياسىغا پەرۋا قىلماي ھويلىغا چىقتى. ئۇ ئۈستىدىن قارىغاندا لاپاستەك كۆرۈنىدىغان ئۆينىڭ دەرۋازىدەك چوڭ ئىشىكىنى كۆچىمەيلا يوغان ئېچىۋەتتى. ئۆيدە ئېسىل پىكاپتىن ئىككىسى ياندىشىپ تۇراتتى. ئۇ مۇشتۇمى بىلەن بىر پىكاپنىڭ ماتور قاپقىقىنى ئۇرۇپ ماكچايتىۋەتتى، ئىككىنچى پىكاپنى ئوت ئالدۇرۇپ ھويلىغا ھەيدەپ چىقتى.

— دىلارا خانقىز، چىقىڭ، چاپسان! — دەپ ئالدىراتتى تۇرغان جايىدا ھاڭۋاقتىدەك چەكچىيىپ تۇرغان قىزنى.

قىز ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى. ئاڭلىغان بولسىمۇ قىمىر قىلماي تۇرۇۋەردى. ئۇ قىزنى سۆرەپ كېلىپ ماشىنىغا چىقاردى. بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن ئۆيگە قايتىدىن كىرىپ، ئەتكەسچىلەرنىڭ خوجايىنىنى ياقىسىدىن بوغۇپ سۆرەپ چىقتى-دە، ماشىنىنىڭ ئارقا ساندۇقىغا پۈكلەپ تىقتى.

ماشىنا قوزغالدى. قاتتىق قورقۇپ كەتكەن دىلارا سەھرا يولىدا ماشىنىنىڭ چايقىلىشىدىن ئېسىنى تاپتى.

— سىز كىم؟ — سورىيالىدى قىز ئارانلا ئاڭلانغۇدەك تىترەك ئاۋازدا.

ئالدىغا تۆشۈكتەك قادىلىپ ئولتۇرغان ئادەم ماشىنىنى تېز سۈرئەتلىك يولغا بۇراپ چىقارغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— خالىس بىر ئادەم.

— مېنى نېمە قىلماقچىسىز؟

— ھېچنېمە.

— نەگە ئاپارماقچى؟

— ئۆيىڭىزگە، ئاپىڭىزنىڭ قېشىغا، — ئۇنىڭ قارا كۆزەينىكى ئەتكەسچىلەر بىلەن ئېلىشقاندا چۈشۈپ قالغانىدى. چىرايىنى كۆرسەتكۈسى كەلمىدىمۇ، دىلاراغا قاراپمۇ قويمىدى، — قورقماڭ، — دېدى قىزنى خاتىرجەم قىلغۇسى كەلگەندەك، — ھازىر پۈتۈن شەھەر سىزنىڭ غېمىڭىزنى قىلىشىۋاتىدۇ. خۇداغا شۈكۈر، مەن ۋاقتىدا بىرىپتىمەن. ئالدىنئالا ئېيتىپ قوياي، سىزنى ئۆيىڭىزگە ئىككى يۈز مېتىر قالغاندا چۈشۈرۈپ قويىمەن. نېمىشقا، نېمە ئۈچۈن دەپ سوراپ ئاۋارە بولماڭ.

دىلارانىڭ بۇ ناتونۇش، سىرلىق ئادەمدىن سورىماقچى بولغانلىرىغا چەك قويۇلغانىدى. يىراقتىن ئېگىز ئىمارەتلەرنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندىلا قىز خاتىرجەملىك ھېس قىلدى.

ماشىنا تېز سۈرئەتلىك يولدىن چەتكە چىقىشقا بولىدىغان ئېغىزدا تۇيۇقسىز توختىدى. ناتونۇش ئادەم ماشىنىدىن چۈشۈپ يولنىڭ ئۇياق-بۇيىقىغا بىردەم قاراپ تۇردى. ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلار بىر ئاز سېيرەككەن چاغدا، ئۇ ئارقا ساندۇقتىن ئەتكەسچىلەر خوجايىنىنى يۆلۈپ ئېلىپ، يولدىن بەش-ئالتە مېتىر نېرىدىكى قېرى تېرەكنىڭ غولىغا يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ يېنىپ كەلدى.

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ، ئۇنى ساقچىخانىغا تاپشۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك، — دېدى دىلارا ئەتكەسچىلەر خوجايىنىنى كۆرۈشى بىلەنلا غەزەپتىن تىترەپ.

— مېنىڭ بۇنداق ئادىمىي ھايۋاننى شەھەر كوچىلىرىدا ئايلاندۇرۇپ يۈرگۈم يوق، — دېدى ناتونۇش ئادەم كەسكىنلىك بىلەن، — سىز ئۆيىڭىزگە بارغىچە، ئۇنى بىرەر ساقچى كۆرۈپ قالىدۇ ياكى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرسى كۆرۈپ قېلىپ ساقچىخانىغا مەلۇم قىلىدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ بەش سائەتكىچە ھوشىغا كېلەلمەيدۇ.

ئون مىنۇتتىن كېيىن ماشىنا شەھەر كوچىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ كىردى.

* * *

بۇ كاتتا شەھەرنىڭ پۇقرالىرى دوكتور ئېكرام ئەلىنىڭ ئالەم ئايروپىلانىنى ئۆزى يالغۇز ھەيدەپ كەلگەنلىكىنىڭ تەنتەنىسىنى سۈرۈۋاتقان چاغدا، بىر خىسلەتلىك ئادەمنىڭ زەھەر ئەتكەسچىلىرى بۇلاپ كەتكەن دىلارا خانقىزنى ئىككى سائەت ئىچىدە قۇتۇلدۇرۇپ چىققانلىقى، ئەتكەسچىلەر ئۇۋىسىنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ قىن-قىنىغا پاتماي قېلىشتى. خۇش خەۋەر تېلېۋىزور قاناللىرىدا قايتا-قايتا ئاڭلىتىلدى. تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرى دىلارا خانقىزنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇنىڭدىن «سىزنى قۇتۇلدۇرغان مەردانە يىگىت بىلەن بۇرۇن تونۇش ئىدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىغاندا، دىلارا «ياق» دەپ جاۋاب بەردى. «ئۇ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئېيتتىمۇ؟»، «ئېيتمىدى»، «ئۇچراپ قالسا تونۇيالامسىز؟»، «تونۇشۇم مۇمكىن، لېكىن كېسىپ ئېيتالمايمەن». نىگار خانىم سورىغان سوئاللارغا خۇشاللىق ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ، ئوخشاش مەزمۇندىكى گەپلەرنى تەكرارلايتتى:

— شۇنداق قەيسەر يىگىتنى چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىسىغا مىڭ رەھمەت، خۇدايىم بۇ ئەزىمەت يىگىتنى كۆڭلىگە پۈككەن ھەممە مۇراد-مەقسەتلىرىگە يەتكۈزگەي.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئۆزىگە ئوقۇلغان مەدھىيەلەرنى ئاڭلاپ خۇش بولدى، ياخشىلىق، ياخشى ئىشنىڭ ھەممە ئادەمنى خۇش قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندى، يەنە ھەممىنى شادلىققا چۆمدۈرگەن شۇنداق بىر ئىشنى ئىككىلەنمەي قىلغانلىقىدىن مەمنۇن بولدى. ئۇ دىلارا خانىقىزنى چاچلىرى چۇۋۇلغان، چىرايى قورقۇنچ، ۋەھىمىدىن تاتارغان، تارتىشتۇرۇشتىن ئۇستىبېشى يىرتىلغان ھالەتتە كۆرگەنىدى. تېلېۋىزور ئېكرانىدا باشقا بىر قىزنى ــ كۆرگەن ئادەمنى لال قىلىدىغان تەڭداشسىز گۈزەل بىر قىزنى كۆرۈپ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۇنىڭ گۈزەللىككە تەلپۈنىدىغان كۆڭلى دىلارا بىلەن يېنىدا ئارزۇلاپ ساقلاپ كەلگەن سۈرەتتىكى قىزنىڭ چېھرىنى سېلىشتۇرما قىلاتتى. قانداقلا بولسۇن دىلارادىكى گۈزەللىك ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇراتتى. «ئاھ، بۇ نېمىدېگەن گۈزەللىككە تولغان دۇنيا!..» دەپ شىۋىرلىدى ئۇ شائىرانە تۇيغۇدا.

ئۇنىڭ دىلارا خانىقىزنى يوقلاپ بارغۇسى، ئاغرىقچان ئانىسىدىن ئەھۋال سورىغۇسى كېلەتتى. ئەمما، ھازىر بولمايتتى، ئۇلارنىڭ دوست-يارەنلىرىنىڭ ، زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەنىدى. يەنە ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆتسۇن، دەپ ئۆزىدىكى چىدامسىزلىقنى يەڭدى ئۇ. تۇرۇپلا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان دوگال خىيالىدىن كەچتى. ئۇنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشۇشى بىلەنلا، ھېچنېمىگە قارىماي كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۈيۈك سەييارىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى دوگالدىن ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى ئەسلەپمۇ قويمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قايتىپ كەتمەسلىك قارارىغا كەلگەنلىكىگە قىلچە ئەپسۇسلانمىدى. تەقدىرىم شۇنداق ئوخشايدۇ، ــ دېدى ئىچىدە، ــ مەن بۇ يەردە ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيمەن.

* * *

دوكتور ئېكرام سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى، خالىغان چاغدا كۆرۈشسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئالاھىدە خادىملارغا ئۆزى تېلېفون ئۇردى. يەر شارى ئادىمىدەك ئازادە يۈرۈشۈم ئۈچۈن، ھېچكىم مەندىن گۇمانلانماسلىقى كېرەك، دەپ ئويلىدى. باشقىلارنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن ئازراق يالغان ئېيتمايمۇ بولمايتتى.

ئالەم قاتنىشى بىخەتەرلىك تارمىقىدىكى خادىملار تەكەللۇپ بىلەن سۆزلەشتى. ئۆزلىرى بىلىشنى ئويلىغان ئىشلار ئۈستىدە كۆپرەك توختالدى، سۆھبەت ۋاقتى قىسقا بولدى.

ــ «سامانيولى» ناملىق ساياھەت ئالەم ئايروپىلانىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن ئادەملەرنى ــ ئەگەر ئۇلارنى ئادەم دەپ پەرەز قىلىشقا توغرا كەلسە-كۆردىڭىزمۇ؟

ــ كۆرمىدىم. ئايروپىلان قاتتىق سىلكىنىپ كونتروللۇقىنى يوقاتقانىدى. بېشىم ئورۇندۇققا قاتتىق ئۇرۇلۇپ ئايلىنىپ كەتكەنلىكىمنى غۇۋا ئەسلىيەلەيمەن. ھوشۇمغا كەلسەم ساياھەتچىلەردىن بىرسىمۇ يوق. سىلەردىن يوشۇرمايمەن. شۇ چاغدا مېنى سۈر بېسىپ، قاتتىق قورقۇپ كەتتىم.

ــ قانداق ھايات قالغانلىقىڭىزنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

ــ قايتىپ كەلگىنىمدىن كېيىن ئويلاندىم. ھۇجۇم قىلغۇچىلار تىرىك ئادەملەرنى ئېلىپ كەتكەن. ئالدىراپ تۇرغاچقا، مېنى ئۆلگەنگە چىقىرىپ تاشلاپ قويغان، يەنى كارى بولمىغان، دەپ پەرەز قىلدىم.

ــ نېمە ئۈچۈن باشقىلارنى تىرىك، دەپ پەرەز قىلدىڭىز؟

ــ كەچۈرىسىز، ئەپەندى، مەن پەقەت پەرەزلا قىلالايمەن، باشقىلارنىڭ ئۆلگەن ياكى ھايات ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

ــ ئۆزىڭىز يالغۇز بىر ئالەم ئايروپىلانىنى ھەيدەپ كەلگەنلىكىڭىز ئەلۋەتتە ياخشى ئىش، بۇنى كەم كۆرۈلىدىغان مۆجىزە دېسەكمۇ بولىدۇ. باشقىچە ئويلاپ قالماڭ، مەن پەقەت قىزىقىش يۈزىسىدىنلا سوراۋاتىمەن. بېشىڭىز ئايلـ

نىپ، قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ئەھۋالدا، قانداق
قىلىپ ئۈچ ئۈچقۇچى باشقۇرىدىغان مۇرەككەپ
ئالەم ئايروپىلانىنى كونترول قىلالىدىڭىز؟ ئارـ
لىقتا سوراپ باقاي، سىز بۇرۇن، مەيلى قانداق
تىپتىكى ئايروپىلان بولسۇن ھەيدەپ باققانمۇ؟
— ياق، ئەپەندى.
— بايىقى سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭ.
— دېڭىزدا قالغان ئادەم ھاياتلىق ئۈچۈن
ئۈچراپ قالغان بىر غېرىچ تاياقىمۇ ئېسىلىپ
باقىدۇ. مەنمۇ ھاياتلىق ئۈچۈن كۆپ ئۇرۇندۇم،
ئاخىر ئاپتوماتىك يېتەكلەش سىستېمىسىنى
ئىشلىتىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم، ئېھتىمال، بۇمۇ
بىر مۆجىزە ياكى تاسادىپىيلىقتۇر.
— ئايروپىلانىڭ يەرگە قونۇپ ئون ئىككى
مىنۇتتىن كېيىن پارتلاپ كەتكەنلىكىگە قارىتا
قانداق ئويدا بولدىڭىز؟
— بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ھەيرانمەن، بۇ سوئالنى
سىلەردىن سورىغۇم بار.
— دوكتور، مېنى سوراق قىلدى، دەپ چۈشىـ
نىپ قالماڭ، ئالەم بوشلۇقىدا يۈز بېرىۋاتقان
ياكى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارغا
ھەممىمىزنىڭ كۆڭۈل بۆلۈش مەجبۇرىيىتىمىز
بار. يەر شارى بىخەتەر بولسا ھەممىمىز خاتىرـ
جەم بولىمىز. شۇنداق ئەمەسمۇ؟
— مەجبۇرىيىتىمنى چۈشىنىمەن،ئەپەندى.
— سىزنى يەنە ئاۋارە قىلىشىمىز مۇمكىن.
— مەن بۇنى ئاۋارىچىلىك دەپ چۈشەنمەيـ
مەن، ئەپەندى.قانداق ۋاقىتتا بولسۇن خىزمىتىڭـ
لارغا تەييارمەن.
بۈيۈك سەييارىدىن يولغا چىقىش ئالدىدا،
ئۇلار دۇچ كېلىدىغان تۈرلۈك ئېھتىماللىقلارنى،
بۇ ئېھتىماللىقلارغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى
ئالدىن ئويلاشقانىدى. «سامانيولى»نىڭ يەرگە قونـ
غاندىن كېيىن پارتلاپ كېتىشى دوگالىنىڭ
پىلانى بولۇپ، ئىز قالدۇرماسلىق كۆزدە تۇتۇلغاـ
نىدى.
دوكتور مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە جاماـ
ئەت سورۇنلىرىدا بولدى، ئادەملەر بىلەن كۆپ
ئۇچراشتى. ياشانغان بوۋاي-مومايلار ئۇنىڭ باش-
كۆزىنى سىلاپ ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىسە، ئۆسمۈر-
لەر «ئىكرام تاغا»، «قەھرىمان ئاكا» دەپ چۇرقىرى-
شىپ قارشى ئېلىشاتتى. قىزلار ئۇنى ئۆزىگە
جەلپ قىلىش، يېنىدا ئۇزاقراق تۇرۇۋېلىش كويىـ
دا تەلمۈرۈپ قارىشاتتى، ھەتتا بىر-بىرىدىن قىز-
غىناتتى. ئەمدى ئۇ كوچىلاردا بىمالال يۈرەلەيدىـ
غان بولدى. ئالاھىدە خادىملارنىڭ يوشۇرۇنچە
كۆزىتىشىمۇ بىكار قىلىندى. ئۇ ئۆزىنى يەر
شارى ئادىمىدەك چاغلايدىغان بولدى.

*　　*　　*

ئىشىكنى دىلارانىڭ ئۆزى ئاچتى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خانقىز، — دېدى
دوكتور ئەدەپ بىلەن قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ.
زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ قولىدىن زىيان-
زەخمەتسىز قۇتۇلۇپ چىققان دىلارا كۇندە دېگۈ-
دەك يوقلاپ كەلگەن تونۇش-بىلىشلىرىنى
كۇتۇپ ئۆگىنىپ قالغانىدى. ئىشىك ئالدىدا چىـ
رايىدا كۇلۇمسىرەشتىن ئەسەر يوق، قادىلىپ قاـ
رىشىدىن بىرەر مەنىنى بىلگىلى بولمايدىغان
بىر ئادەمنى كۆرۈپ، داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.
بۇ سوغۇق چىراي ئادەم ئۇنىڭغا ناتونۇش ئەمەس
ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇۋېلىشنى ئارزۇ
قىلغان بارلىق قىزلارغا ئوخشاش، دىلارادىمۇ
ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇۋېلىش ئىستىكى قوزغالـ
غان، ئەمما بۇنى يەتكىلى بولمايدىغان ئارمان دەپ
ئويلاپ، بۇنداق قۇرۇق خىيالنى ئۆزىدىن نېرى
قىلغانىدى. ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيتتى.
— خانقىز، — دېدى يىگىت، — پۈتۈن شەھەر
خەلقى سىزنىڭ زوراۋانلارنىڭ قولىدىن سالامەت
قۇتۇلۇپ چىققانلىقىڭىزغا ئىنتايىن خۇشال،
مەنمۇ شۇ ئادەملەرنىڭ بىرسى. سىزدىن ئەھۋال
سورىماي يۈرۈۋېرىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى.
ئاغزى گەپكە كەلمىگەن دىلارا قاراپ تۇرۇ
ۋەردى.
— ئىسىم - شەرىپىم ئېكرام ئەلى، — دەپ

ئۆزىنى تونۇشتۇردى يىگىت، قىزنىڭ ئۈنچىقماي قاراپ تۇرغىنىنى ھار ئالماي، — كىرسەم بولامدۇ؟

— قېنى... مەرھەمەت... — دېدى شۇندىلا ھوشىنى يىغقان دىلارا تىترەك ئاۋازدا، — ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت.

دوكتور ئىشىكتىن ئەمدىلا كىرىشىگە، ياندىكى ئىشىكى ئېچىقلىق ئۆيدىن ئاجىز بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— بالام، مېھمان كەلدىمۇ نېمە؟

— شۇنداق، ئاپا، بىزنى يوقلاپ كەپتۇ.

— ئاۋۋال ئانىڭىزغا سالام بېرىپ قويسام بولاتتى، — دېدى دوكتور ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا.

— ئاپام بەك خۇش بولۇپ كېتىدۇ، قېنى، بۇ ئۆيگە.

دوكتور بوسۇغىدا توختىدى. خېلىلا كەڭ، قۇياش نۇرى جىلۋىلىنىپ تۇرغان ئۆي، سەرەمجانلارنىڭ ئېددىتلىق جايلاشتۇرۇلۇشىدىن كىشىگە ئازادىلىك ھېس قىلدۇراتتى. دېرىزىگە يېقىن، ئاپپاق كىرلىك سېلىنغان كارىۋاتتا ئاپپاق چاچلىق بىر موماي ئېگىز قىلىپ قويۇلغان ياستۇققا يۆلىنىپ ياتاتتى. يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان موماي دوكتورغا پەرىشتىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئانا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئوغلۇم، قېنى كىرىڭ. دىلارا، كۆزەينىكىمنى ئېلىۋەتكىنە.

نىگار خانىم ئولتۇرماقچى بولۇپ جەينەكلەندى. دىلارا ئانىسىنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئارقىسىغا ياستۇق يۆلەپ قويدى.

— بالام، مەن سىزنى تونۇغاندەك قىلىمەنغۇ، — دېدى كۆزەينىكىنى تاقىغان نىگار خانىم مېھمانغا سىنچىلاپ قاراپ، — بىر يەردە كۆرگەندەكلا... يېقىندىلا...

دوكتور ئېغىز ئاچقىچە دىلارا تونۇشتۇرۇۋەتتى:

— ئاپا، بۇ كىشى بىز كۈندە تېلېۋىزوردا كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان دوكتور ئېكرام ئەلى...

— شۇ... شۇنداق... يۈرىكىم تۇيغاندى... بۇ ئەزىمەت ئوغلۇمنى پۈتۈن جاھان تونۇيدۇ. كېلىڭ بالام، يېقىنراق كېلىڭ، ئانىڭىز بويىڭىزدىن ئۆرگىلىسۇن، — نىگار خانىم ئىككى قولىنى ئېچىپ ئالدىغا سوزدى. ئانىنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن دوكتور، ئىتتىك كېلىپ ئانىغا ئېڭىشتى. نىگار خانىم دوكتورنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ، باش-كۆزىنى سىلىدى، — باتۇر ئوغلۇم... قەھرىمان ئوغلۇم... توۋا، ئالالدىن نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇ ئىجابەت بولىدىكەن. بىر كۆرۈشنى ئويلايتتىم. قانىتىم بولسا ئۇچۇپ بارغۇم كېلەتتى، يېقىنراق كېلىڭ، بالام، يېنىمدا ئولتۇرۇڭ.

دىلارا ئورۇندۇقنى كارىۋاتقا يانداپ قويۇپ بەردى. دوكتور ئورۇندۇققا جايلىشىپ، نىگار خانىمنىڭ ئورۇق قولىنى مېھرىبان ئوغۇلدەك سىلاپ، ئارقىدىن سۆيۈپ قويدى.

ئادەتتىن تاشقىرى خۇش بولۇپ كەتكەن ئانا كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— سىزنىڭ قاراڭغۇ ئالەمنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن ساق-سالامەت يېنىپ كەلگەنلىكىڭىز، جىگەر-پارىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلارغا چوڭ تەسەللى بولدى ئوغلۇم، — دېدى كۆڭلى بۇزۇلۇپ، — خۇدايىم نېسىپ قىلسا باشقىلارمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىزدەك تۇيۇقسىزلا كېلىپ قالار.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، ئانا.

نىگار خانىم بىلەن دوكتور ئون مىنۇتچە پاراڭلاشتى. دىلارانىڭ بۇلاپ كېتىلگەنلىكى توغرىسىدا ئەمدىلا گەپ ئېچىلەي دېگەندە، نىگار خانىمنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇشقا باشلىدى.

— توۋا، ئەجەب بىر شېرىن مۈگدەك بېسىۋالدىدۇ مېنى... بۇنداق ئەمەس ئىدى... ئەجەبمۇ شېرىن... — دېدى نىگار خانىم شىۋىرلاپ، دىلارا مېنى ياتقۇزۇپ قوي... ئىختىيارىم ئەمەس... كەچۈرۈڭ بالام...

www.uyghurkitap.com

دوكتور چەتكە ئۆتۈپ توردى. ئۆيقۇسى كەم نىگار خانىم كۆندۈزى ھەرگىز ئۇخلىمايتتى. دىلارا ئانىسىنى ياتقۇزۇۋېتىپ، ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆيقۇ ئارىلاش كۆلۈمسىرەشنى كۆرگەندىلا كۆڭلى جايىغا چۈشتى. كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان نىگار خانىم پىچىرلىدى:

— مېھماننى قۇرۇق ئۇزىتىپ قويما...

ئىككىسى پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دالانغا چىقتى. دىلارا ئۆي ئىشىكىنى ئاستا يېپىپ قويدى.

— ئوچۇق-يورۇق قارشى ئالغىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت، خانقىز. ئاۋارە قىلدىم، كېيىنچە يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز، — دېدى دوكتور ئىشىك تەرەپكە قاراپ قوزغىلىپ.

— ئاپامنىڭ مېھماننى قۇرۇق ئۇزىتىپ قويما، دېگىنىنى ئاڭلىدىڭىز. يالغان گەپ قىلالمايمەن، ئاڭلىسا خاپا بولىدۇ.

— تەڭقىسلىقتا قويدىڭىز، — دوكتور ئىككىلەندى. دىلارانىڭ ئۈنچىقماي كۆلۈمسىرەپ قولى بىلەن مېھمانخانىغا تەكلىپ قىلىشلىقىنى كۆرۈپ، بېشىنى يىنىك چايقىغىنىچە ماڭدى.

ئۈستەل راسلىنىپ، پىيالىلەرگە چاي قۇيۇلدى.

— ئادرېسىڭىزنى سورىۋالمىغانلىقىمغا ئۆكۈنۈپ يۈرەتتىم، — دېدى دىلارا، — ئۆزىڭىز كېلىپ ياخشى قىلدىڭىز، سىزگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيمەن.

— رەھمەت ئېيتىش... نېمىگە رەھمەت ئېيتماقچى ئىدىڭىز، — دېدى دوكتور خۇپىسەنلىك قىلىپ.

— كۆزەينىكىڭىز چۈشۈپ قالمىغان بولسا باشقا گەپ ئىدى.

— شۇنداقتىمۇ... راست، كۆزەينىكىم چۈشۈپ قاپتۇ، مەن ئۇنى كېيىنرەك بىلىپ قالدىم، — دوكتور چايدىن ئوتلىدى، — راستىنى ئېيتسام مەن ئۇ ئىشنى سىزنىڭمۇ، باشقىلارنىڭمۇ بىلىپ قېلىشىنى خالىمايتتىم.

— بەلكىم، بۇ سىزنىڭ كەمتەرلىكىڭىزدۇر. لېكىن، ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، — دىلارا ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى، — سىز مېنى ئار-نومۇستىن، خورلۇقتىن ساقلاپ قالدىڭىز. سىز ئۆلگۈرۈپ كەلمىگەن بولمىسىڭىز، ھايات بىلەن خوشلاشقان بولاتتىم.

— ئۆلگۈرۈپ بارالىغانلىقىمنى ئويلىسام، ھازىرمۇ ئۆزۈمدىن خۇشال بولىمەن.

دىلارا دوكتوردىن نېمە ئۈچۈن خېيىم-خەتەرگە قارىماي تونۇمىغان بىر قىزنى قۇتۇلدۇرماقچى بولغانلىقىنى، قانداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۇۋۇسىنى تېپىۋالغانلىقىنى سورىمىدى.

— كۈچتۈڭگۈر ئىكەنسىز، — دېدى كۈلۈپ، — مەن ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنى ئاجىزراق چاغلايتتىم.

— ئادەم غەزەپلەنسە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىكەن.

نىگار خانىمنىڭ چۈشەكىگەندەك «دىلارا... دىلارا» دەپ چاقىرغىنى ئاڭلاندى. دىلارا ئاپىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ بىردەمدىلا يېنىپ چىقتى.

— توۋا، — دېدى مەيدىسىنى تۇتۇپ، — ئاپام ئۇزاقتىن بېرى مۇنداق ئۇخلاپ باقمىغان، ھەيران قېلىۋاتىمەن، نېمە ئىشتۇ بۇ.

— قاچقان ئۇيقۇلىرى يىغىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دەپ قويدى دوكتور پەرۋاسىزغىنە.

ئىككىسى يەنە بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. يېڭى تونۇشقاچقا تارتىنىش، قورۇنۇشتىن گەپلىرى تازا قولىشىپ كەتمىدى.

— مېھمان قىلغىنىڭىزغا رەھمەت خانقىز، — دېدى دوكتور قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — لېكىن بىر ئىلتىماسىم بار.

— قولۇمدىن كەلسىلا، دوكتور.

— تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرىغا، ئەھۋال سوراپ كەلگۈچىلەرگە مېنى تونۇمايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتمىغانىدىڭىز. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇ گېپىڭىزدە چىڭ تۇرغان بولسىڭىز.

— نېمە ئۈچۈن ئۇنداق دەيسىز دوكتور، كىشى-

لەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشمەك ئاسان ئەمەس.

— ئالەم ئايروپىلانىنى ھەيدەپ كېلىپ ئېرىشكەن شان-شۆھرەتمۇ يېتەرلىك. سىزنى ئەتكەسچىلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئادىمىيلىككە ياتىدۇ، بۇ ھەرقانداق ۋىجدانى بار ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. مەن سوئال-جاۋابلاردىن زېرىكتىم. ئوچۇقراقى چارچىدىم. بۇ ئىش تۇپەيلى يەنە شۇنداق باردى-كەلدىلەر باشلىنىپ كېتىدۇ. بىلەمسىز، مېنىڭ تەتقىقات تېمامنى قولۇمغا ئالمىغىنىمغا ئۇزاق بولدى، كۆپ ۋاقتىم زايا كەتتى. تىنچقىنا ئولتۇرۇپ ئىشىمنى قىلماقچىمەن.

— سىز خالىمىسىڭىز مەن نېمە دېيەلەيمەن.

— ۋەدە بېرەلەمسىز؟

— ۋەدە بېرەي.

— ئانىڭىزغىمۇ تاپىلاپ قويسىڭىز، ناۋادا بىلىپ قالغۇدەك بولسا...

— خاتىرجەم بولۇڭ، مېنىڭمۇ بىر ئىلتىماسىم بار، دوكتور.

— قېنى، ئېيتىڭ، قولۇمدىن كېلىشىچە...

— مېنى خانقىز دېمەي، دىلارا دەپ ئاتىغان بولسىڭىز.

ئۇلار خوشلاشتى. بۇ ئۇچرىشىشنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇچرىشىپ تۇرۇشقا ۋەدىلەر بېرىلدى.

* * *

ئادەم ئەقلىگە سىغدۇرالمايدىغان يەنە بىر مۆجىزە يۈز بەردى: نىگار خانىم كارىۋاتتىن چۈشۈپلا ساغلام ئادەملەردەك مېڭىپ كەتتى. ماڭغىنىنى ئاۋۋال ھېس قىلالمىدى. ھېس قىلغاندىن كېيىن، قوللىرىنى ئىككى ياققا كېرىپ پۇلاڭلىتىپ، «دىلارا دىلارا!» دەپ قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتى. ئىككى كۈندە بىر كېلىپ تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان ساناتورىيەنىڭ دوختۇر-ھەمشىرەلىرى تاڭ قېلىشتى. نىگار خانىمنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى تېتىك، روھلۇق ئىدى. دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرۈۋېدى، بىرمۇ ئەزايىدىن كېسەللىك ئالامىتى بايقالمىدى.

دىلارا تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندىلا بۇ ئاجايىپ خۇش خەۋەرنى دوكتور ئېكرامغا يەتكۈزدى:

— ھاجىتىدىن مىڭ تەستە چىقىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇخلاپ قوپۇپلا مېڭىپ كەتسە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىكەن قاراڭ، — دېدى ھاياجانلىنىپ، — پەقەتلا كېسەل ئازابىنى تارتىپ باقمىغاندەك. ئۆزى شۇنچىلىك تىمەن. ياشىرىپ قالغاندەك قىلىمەن، دەپ كۈلىدۇ. ئاشۇ قەيسەر ئوغلۇمنىڭ قەدىمى ياراشتى، دەپ سىزدىنمۇ مىننەتدار.

— سىزدىنمۇ ئارتۇق خۇشال بولۇۋاتىمەن، دىلارا، — دېدى دوكتور، ئۇنىڭ كۈلكىسىز چىرايىدىن خۇشال بولغان-بولمىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، — راستىنىلا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىكەن، بىر يوقلاپ بارايچۇ. ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي.

ئۇچرىشىدىغانغا سەۋەبلەر تېپىلىپ تۇراتتى، گەپ-سۆزلەر تۈگىمەي، داۋامى كېيىنكى ئۇچرىشىشقا قالدۇرۇلاتتى. نىگار خانىم قىزىنىڭ دوكتور بىلەن يېقىن ئارىلىشىپ ئۆتۈۋاتقىنىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە دوكتور ئېكرام قىزىغا ھەممە جەھەتتىن ماس كېلىدىغان، كۈيئوغۇل بولۇشقا لايىق يىگىت ئىدى. شۇڭا، ئىككىسى پاراڭلىشىپ قالسىلا، دوكتورنى گەپكە ئارىلاشتۇرماي قويمايتتى. ئۇنى ماختايتتى. شۇ ئارقىلىق قىزىغا ئىككىلەنمىگىن، ئۇنىڭدىن ئارتۇق يىگىتنى تاپالمايسەن، دېگەننى بىلدۈرەتتى.

دوكتور كۈندە دېگۈدەك دىلاراغا تېلېفون ئۇراتتى. تېلېفون ئۇرۇلىدىغان ۋاقىتتىن سەل كېچىكسە، بىرەر كۈن ئۇرۇلماي قالسا، دىلارا تاقەتسىزلىنەتتى، ياخشى كۆرگەن نەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان ئادەمدەك قويغان-تۇتقىنىنى بىلمەيتتى. بۇنداق تىنچسىز تۇيغۇلار قىزغا «سەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالمىغانسەك، دىلارا؟» دېگەن سوئالنى قوياتتى. مەلىكىلەردەك ئارزۇلاپ

كۆتىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان يىگىتلەر، خالىسا ئاسماندىكى يۇلتۇزنى ئۈزۈپ چېكىسىگە تاقاپ قويۇشقا قۇربى يېتىدىغان مىلياردېرلارنىڭ باللىرى... مۇھەببەت ئويغانمىسا، تەبىقە، بايلىق ۋە ئالىلقانداق ۋەدىلەرمۇ يۇقۇشماي ئۆتۈپ كېتىدىكەن. دىلارا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چىرايلىق رەت قىلدى. ئەمما، تۇرمۇشىغا تۇنجى قەدىمدىلا قوپال، قاراملىقى بىلەن بۇسۇپ كىرگەن دوكتورنى رەت قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ قېلىۋاتاتتى.

ئۇ دوكتورنى سىرتىدىن — يېقىن-يىرۇقلىرى ئارقىلىق بەكمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن سۈرۈشتۈرۈپ باقتى. دوكتورنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەر دىلارادا ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسىنى قوزغىدى. ئۇ قىزلاردا بولىدىغان ھېسسىيات بىلەن، مۇرادىغا يېتەلمىگەن قىزغا چىن كۆڭلىدىن ئېچىندى. ئەگەر ئۇلار توي قىلىپ كەتكەن بولسا، دىلارا دوكتور بىلەن ئۇچراشمىغان، ھەم «مۇھەببەت» دەيدىغان تۇۋگە يەتكۈسىز قايناامغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتى. تەقدىر! تەقدىر ئۇلارنى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئىنچىكە يىپ بىلەن باغلىماقچى.

دوكتور تاغ-دالا، ئورمانلىقلاردا، دەريا-كۆللەردە ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. «نېمە قىلىمىز شەھەردە، — دەيتتى ئۇ دىلاراغا، — ئەشكەتتىن چىقىسىڭىزلا مىغ-مىغ ئادەم، ماشىنا، ئېگىز بىنا، ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلىپ كېتىدۇ. ھەپتىنىڭ تۆت كۈنىدە ئىشخانىغا سولىنىپ. ئولتۇرغىنىمىزمۇ يېتەر. تەبىئەت — بۇ باشقا گەپ، ھەممە گۈزەللىك ئەنە شۇ يەردە. ئېرىقتىكى سۇنىڭ شىلدىرلىشىنى ئاڭلىسىڭىزمۇ كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ، ھاردۇقىڭىز چىقىپ قالىدۇ.»

ئۇلار پات-پاتلا نىگار خانىمنى، پېشقەدەم ياك پىروفېسسور بىلەن خانىمنى ساياھەتكە بىللە ئېلىپ چىقاتتى. دوكتور شۇنداق مەنزىرىلىك جايلارنى تاللايتتىكى، ئۇ يەردە ئاپتاپقا قاقلانغىلى، چىدىردا سايداپ ھاردۇق ئالغىلى، سۇغا چۆمۈلگىلى، بېلىق تۇتقىلى بولاتتى. ئەڭ مۇھىمى، پۈتى سەللىمازا ساقىيىپ، ياشلاردىن قېلىشماي مېڭىپ يۈرگەن نىگار خانىمغا كىچىككىرەك قازاننى ئېسىپ، شەھەردە كۆرسىتەلمىگەن ھۈنىرىنى كۆز-كۆز قىلىۋېلىشىغىمۇ ئىمكانىيەت يارىتىلاتتى.

دوكتور ھېرىپ-چارچاشنى بىلمەيتتى، سائەتلەپ يول يۈرسىمۇ بىردەم ئولتۇرۇۋالاي دېمەيتتى. ئۇنى تەبىئەتنىڭ ھەممىلا نىمىسى: دەريانىڭ دولقۇن سۈرۈپ گۈرۈلدەپ ئېقىشى؛ تاشتىن-تاشقا ئۇرۇلۇپ، مارجاندەك سۇ تامچىلىرىنى چاچرىتىپ چۈشۈۋاتقان شارقىراتما؛ قۇشلارنىڭ سايرىشى، قۇرت-قوڭغۇزلارنىڭ چىرىلدىشى؛ قۇياشنىڭ ئاسماننى شەپەققە بوياپ ئولتۇرۇشى... ھەممىسى قىزىقتۇراتتى. ئۇنىڭ تەبىئەتكە بۇنچە ھېرىسمەنلىكى دىلارانى ھەم خۇشال قىلاتتى، ھەم ھەيران قالدۇراتتى.

دالا ساياھىتىدە دىلارانى ئەجەبلەندۈرگەن ئىشلارمۇ يۈز بەردى: بىر قېتىم دوكتور ئۇنى چىقالمايمەن، سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويىمەن، دېگىنىگە قارىماي، كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنگەن تاغ چوققىسىغا ئېلىپ چىقتى. دىلارە ئۆزىنىڭ چوققىغا قانداق چىقىپ قالغىنىنى بىلمەي قالدى. بۇ يەردە تۇرۇپ چوڭقۇر جىلغىغا، تاغ سۈيىنى بويلاپ يىلاندەك تولغىنىپ تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن يولغا، قوڭغۇزدەك ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارغا قاراش بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى.

قارىغايلار ئىرغاڭلىغاندەك بولدى. سۇس تەۋرەشنى پەقەت دوكتورلا سەزدى. قارشى تەرەپتىكى چوققىدىن داش قازاندەك قورام تاش قوزغىلىپ دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ جايىنى تېپىپ توختىغىچە ئۆزىدەك چوڭ-كىچىك تاشلارغا سوقۇلۇپ، قارىغايلارنى سۇندۇرۇپ، يولنى، يولدا كېتىۋاتقان ماشىنىلارنى كۆمۈۋېتەتتى. تاشلارنىڭ سوقۇلۇشى، قارىغايلارنىڭ غاراس





www.uyghurkitap.com

لاپ سۇنۇشى جىلغىدا ئەكس سادا قوزغىدى. دىلارا نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي چەكچىيىپ قاراپلا قالدى. ئۇ يېنىغا قارىمىدى، دوكتور يېنىدا باردەكلا قىلاتتى. ئۇ دومىلاۋاتقان تاشلار ئارىسىدا پەيدا بولغان ئادەمنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. بۇ ئادەمدە سېھرىي كۈچ بارمۇ-قانداق، تاشلار دومىلاشتىن، قارىغايلار سۇنۇشتىن توختىدى. كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزان شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك غايىب بولدى.

— سەزدىڭىزمۇ، يەر تەۋرىدى، — دېدى دوكتور خاتىرجەم هالدا.

— تاشلارنىڭ دومىلاپ چۈشۈۋاتقىنىغا قاراپ مەنمۇ شۇنداق ئويلىدىم، — دېدى دىلارا، — تاشلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرگەندەك قىلدىم، شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە نېمە جىمىدى.

— ئادەم دېدىڭىزمۇ، ئۇ يەرگە ئادەم قانداق بارالايدۇ. خاتا كۆرۈپ قالغام ئوخشايسىز ياكى بۇ سىزدىكى تۇيغۇ.

— مەن راستتىنلا بىر ئادەمنى كۆردۈم، ئېكرام. شۇ ئادەم پەيدا بولۇشى بىلەنلا تاشلارمۇ دومىلاشتىن توختاپ قالدى.

— قىزىق، ئۇ ئادەم سېھىرگەر ئوخشىمامدۇ.

— سىز ئىشەنمەيۋاتىسىز، ئېكرام، مەن راستتىنلا...

— بولدى، تالاشمايلى دىلارا. نېمىلا بولسا بولسۇن، ماشىنىلار، ئادەملەر زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىمىدى. يۈرۈڭ، تاماشىمىزنى قىلىۋېرەيلى.

دىلارا گېپىنى زادىلا يىرمايدىغان دوكتورنى ئىشەندۈرەلمىگەنلىكىگە رەنجىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ كۆڭلىدە كىچىككىنە بىر چىگىش پەيدا قىلىپ قويدى.

يەنە بىر قېتىمدا، دوكتور ئىككىسى پويىزدا كېتىۋاتاتتى. دوكتورنىڭ ئېيتىشىچە، شەھەردىن خېلى يىراقتا، تاغ ئۈستىدە «پەرىشتە كۆلى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كۆل بار ئىكەن. رىۋايەتلەردىن كۆرە، پەرىشتىلەر ئاسماندىن چۈشۈپ ئاشۇ كۆلدە يۇيۇنارمىش. دوكتور دىلاراغا شۇ كۆلنى كۆرسەتمەكچى ئىدى.

پايانسىز ئېدىرلىقنى كېسىپ ئۆتۈۋاتقان پويىزنىڭ سۈرئىتى تېزلىشىپ كەتتى. ئاۋۋال بۇنى ھېچكىم سەزمىدى. يولۇچىلار پويىز خادىملىرىنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك، يۈرۈش-تۇرۇشىدىكى ئالدىراشلىقنى كۆرگەندىن كېيىنلا، پويىزدىن كاشىلا چىققانلىقىنى بىلىپ قېلىشتى. ئۇنىڭغىچە پويىز باشلىقىنىڭ مىكروفوندا: «خانىملار، ئەپەندىلەر، پويىزنىڭ تورمۇز قۇرۇلمىسىدىن كىچىككىنە كاشىلا چىقتى، بىز زۆرۈر تەدبىرلەرنى ئىشلىتىۋاتىمىز. جىددىيلىشىپ كەتمەسلىكىڭلارنى، بىخەتەرلىك بەلبېغىنى باغلىۋېلىشىڭلارنى سورايمەن» دەپ، يولۇچىلارنى تىنچلىنىشقا ئۈندىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. يولۇچىلار ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ قالغانىدى. پويىزنىڭ سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلىشىپ، دېرىزىدىن كۆرۈنگەن سىرتتىكى نەرسىلەر تۇز سىزىققا ئايلىنىپ كەتتى.

قورقۇپ دوكتورنىڭ قولىدىن مەھكەم تۇتۇۋالغان دىلارا پويىز سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ سىرتتىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. پويىز ئۇ دېرىزىدىن قاراپ تۇرغان تەرەپكە قاراپ ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ بىر ئادەمنىڭ پويىزنىڭ باش تەرىپىدە پويىز بىلەن تەڭ سۆرۈلۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدى. ئارىلىق يىراق بولمىغاچقا، ئۇ ئادەم دىلاراغا تونۇشتەكمۇ بىلىنىپ كەتتى. پويىزنىڭ سۈرئىتى ئاستىلاۋاتتى.

— ئېكرام، قاراڭە، — دېدى دىلارا دوكتورنىڭ مەھكەم تۇتۇۋالغان قولىنى سىلكىپ، — مەن پويىزنىڭ بېشىدا بىر ئادەمنىڭ سۆرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇ پويىز ئاستىغا كىرىپ كەتمەيدىغاندۇ-ھە.

دوكتور دېرىزىدىن قارىدى. بۇ چاغدا پويىز تۈز يولغا توغرىلىنىپ، بىر خىل سۈرئەتتە كېتىۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

— ئۇ يەردە ئادەم باردەك قىلمايدىغۇ، — دوكتور دېرىزىدىن ئۆزىنى تارتىپ ئولتۇردى.

دىلارا خاپا بولدى.

— ئىشەنمىدىڭىز، بەلكىم ئۇ پويىزنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈۋالغاندۇ. ھەتتا ئۇ ئادەم ماڭا تونۇشتەكمۇ تويۇلۇپ كەتتى.

— خاپا بولماڭ، دىلارا، كۆرمىگەننى كۆردۈم دېسەم، سىزنى ئالدىغان بولىمەن. تونۇشتەك دېدىڭىز، كىمگە ئوخشاتتىڭىز؟

دىلارا «سىزگە» دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، ھېلىمۇ دوكتورنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ گەپنى يۇتۇۋەتتى. ئۇ راستتىنلا بىر ئادەمنى كۆرگەن، شۇ ئادەم پەيدا بولۇشى بىلەنلا پويىزنىڭ سۈرئىتى ئاستىلىغان. دېرىزىدىن قاراپ تۇرغان يالغۇز دىلارالا ئەمەس، ھېچكىم پويىز بېشىدا ئادەم كۆردۇق، دەپ باقمىدى. لېكىن، نېمىلا بولسۇن، بۇ ئىش دىلارانىڭ كۆڭلىدىن چىقماي تۈگۈن بولۇپ قالدى.

بۇنداق باشلىنىشى قورقۇنچلۇق، بىر ئادەمنىڭ غىل-پال قارىسى پەيدا بولۇشى بىلەنلا، ئاخىرى كىشىنى خۇشاللىققا چۆمدۈرىدىغان ئىشلاردىن بىر قانچىسى يۈز بەردى. دىلارا غىل-پال كۆرۈنگەن ئادەم قارىسىنى بىرسىگە ئوخشىتاتتى، لېكىن ئېغىزىدىن چىقىرالمايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى «تۈگۈن»، «چىگىش» لەرمۇ يېشىلمەي تۇرۇۋەردى. ئەمما، مۇشۇ يېقىندىلا، كۆز ئالدىدىلا يۈز بەرگەن ئىش ئۇنى ئوبدانلا ئويلاندۇرۇپ قويدى.

دوكتور كۆز باغلىناي دېگەندە دىلارانى ئېلىپ شەھەر سىرتىدىكى بىر دۆڭگە چىقىپ ئولتۇراتتى-دە، قۇياشنىڭ ئولتۇرۇشىنى تاماشا قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ، قۇياش پېتىپ، شەپەق تارقىلىپ قاراڭغۇلۇق باسقىچە، كۆزىنى «مىت» قىلىپ قويماي تىكىلىپ ئولتۇرۇۋېرەتتى. دىلارا چاقچاق قىلىپ، «ئەمدى قۇياشنى بار ئاۋازىڭىز بىلەن ۋارقىرىسىڭىزمۇ چىقمايدۇ»، دېگەندىلا: «بۇنداق مەنزىرىنى كائىناتتا ئىزدەپمۇ تاپالمايسىز»، دەپ ئورنىدىن قوزغىلاتتى.

ئىككىسى ئالىيېشىل يورۇپ كەتكەن شەھەر كوچىلىرىنىڭ بىرىدە كېلىشىۋېتىپ، شەھەر مەركىزىنىڭ ئۈستىدە ئاسمان-پەلەككە كۆتۈرۈلگەن يانغىننى كۆردى. دوكتور ماشىنىنى تېزلەتتى. ئۇلار يېتىپ كەلگەندە، ئون ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنا كۆيۈۋاتاتتى. سەككىز-ئوندەك ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى بىنانى چۆرىدەپ سۇ چېچىۋاتاتتى. ساقچىلار ئادەملەرنى ئوتتىن نېرى سۈرۈپ توسۇپ تۇراتتى.

— بالام! بالام قالغان... بالامنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار!

ياش بىر ئايال ۋارقىراپ، چىرقىراپ، گىرەلدىشىپ تۇرغان ساقچىلارنى ئىتتىرىپ، بۆسۈپ ئۆتۈۋېلىشقا جېنىنىڭ بارىچە ئۇرۇناتتى، ساقچىلار ئۆتكۈزمەيتتى. ئوت ئۆچۈرگۈچىلەرمۇ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتقان بىناغا ئۇ ئايالنىڭ كىرىپ بالىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— بالىڭىز نەچچىنچى قەۋەتتە؟ — سورىدى دوكتور كۆز ياشلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان ئايالغا يېقىن كېلىپ.

— توققۇزىنچى قەۋەتتە... ئۆيۈم تېخى كۆيمىدى... بالام ھايات... ئۇ ئەمدىلا بىر ياشتىن ئاشقان...

دىلارا بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئاچقىچە، دوكتور ساقچىلارنىڭ توسۇقىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قانداقلارچە ئۆتۈپ كەتكىنىنى دىلارامۇ، قاراپ تۇرغانلارمۇ، ساقچىلارمۇ بىلمىدى. دوكتور يالقۇن ۋە ئىس-تۈتەكتىن كۆرۈنمەي قالغان ئىشىككە قاراپ يۈگۈردى. ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر ئۇنى توسۇۋالماقچى بولاتتى، دوكتور چاقچاقانلىق قىلىپ ئۇلارغا تۇتۇق بەرمەيتتى. ئاخىر ئۇ ئوتلۇق ئىشىكتىن ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى. خالايىق «ئا...» دەپ گۈركىرەپ، ئارقىدىنلا جىمىپ كەتتى.

ئادەملەر قاپ يۈرەك بىر ئادەم ھېلىلا كىرىپ

كەتكەن ئىشىكتىن كۆز ئۈزمەيتتى، ئۇلارغا بەش مىنۇت بەش سائەتتەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىر، ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر سۇ چېچىۋېرىپ ئوتنى ئۆچەي دەپ قالغان ئىشىكتىن ئەدىيالغا ئورالغان بالىنى قۇچاقلاپ ھېلىقى ئادەم چىقىپ كەلدى. ياش ئايال ئۆزىنى ئاتتى. بالا ھايات ئىكەن. ياش ئايال بالىسىنى سۆيەتتى، سارائىلاردەك قاقاقلاپ كۈلەتتى. مەيداننى خالايىقنىڭ خۇشال ۋارقىراشلىرى بىر ئالغانىدى.

— يۈرۈڭ، — دېدى دوكتور ھوشىدىن كېتەي دەپ قالغان دىلارانى قولتۇقلاپ، — بۇ يەردىن تېزرەك كېتىۋالايلى. كۆردىڭىزمۇ، مۇخبىرلار يېغىپ كېتىپتۇ. ھېلىلا بىزنى ئوراپ يېپىشىۋالىدۇ-دە، سەن نېمە دېدىڭ، ئۇ نېمە قىلدى، دەپ قۇلاق-مېڭىمىزنى يەپ ساراڭ قىلىپ قويىدۇ...

* * *

تېلېفون جىرىڭلىدى. دىلارا ھوجرىسىغا يۈگۈرگەندەك كىرىپ تۇرۇپكىنى ئالدى ۋە:

— مەن دىلارا، — دېدى ئالدىراپ.

— ھېلىمۇ ياخشى ئۆيدە ئىكەنسىز، — سۆزلەۋاتقان دوكتور ئىدى، — سەۋەب كۆرسەتمەي، سەۋەب كۆرسەتمەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن ئۆيۈمگە كەلگەن بولسىڭىز، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى.

دوكتور دىلارا بىلەن تونۇشقان ئالتە ئايدىن بۇيان، ئۆزى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ باقمىغانىدى، نېمە ئۈچۈنلىكىنى دوكتورمۇ دېمىدى، دىلارامۇ سورىمىدى. شۇڭا ھېچ ئويلىمىغان چاغدا قىلىنغان بۇ تەكلىپ دىلارانى سەل ئەجەبلەندۈرۈپ قويدى. دوكتور ئادەتتە روھلۇق، تېتىك يۈرەتتى، ئاۋازىدىنمۇ بىر جۇشقۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئەمما، ھازىر ئاڭلىغان دوكتورنىڭ ئاۋازى بوش ھەم بوغۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دوكتور «قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى» دەپ ئالدىراتتى. مىجەزى يوق ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى دىلارا ۋە باشقا خىياللارنى نېرى قىلىپ ئۆيدىن چىقتى.

دىلارا كىرىپ كەلگەندە، كارىۋاتتا ئوڭدا ياتقان دوكتور كۆتۈرۈلۈپ ئولتۇردى ۋە ئولتۇرغان پېتى دىلاراغا ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ، خۇشياقمىغاندەك ئولتۇرۇڭ، دېدى.

دوكتور مۇنداق ئىلتىپاتسىز ئەمەس ئىدى. دىلارا بىلەن ئۇچراشقان ھەر قانداق چاغدا ئالاھىدە جانلىنىپ كېتەتتى، دىلارانى خۇش قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشاتتى. رېستورانلاردا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنىدا، دىلارا ئىزا تارتىپ كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچمىغىچە تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇۋېرەتتى. بۇنداق چاغدا دىلارا ھەي ئىسسىت، كۆزۈمنى قاچۇرمىسام بوپتىكەن، سىزنى ياخشى كۆرىمەن دىلارا، دېگەن گەپنى دەۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى، دەپ پۇشايمان قىلىپ قالاتتى. ئۇ دوكتورنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىغا، ياخشى كۆرىمەن، دەيدىغان مۇقەددەس سۆزنى قاچانلا بولسۇن بىر كۈنى دەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. لېكىن ئۇ بۈگۈن باشقىچە ئىدى.

— مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ — دېدى دىلارا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ. دوكتورنىڭ سۇس مۇئامىلىسى شۇ بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە ئۇنى خىلمۇخىل خىياللارغا سېلىۋەتتى.

— شۇنداقتەك قىلىدۇ، — دېدى دوكتور بوشقىنە، — بوشىشىپ كېتىۋاتىمەن... سىزنى كۆرگۈم كەلدى... كەلگىنىڭىز ياخشى بولدى...

بۈگۈن دوكتورغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇلار تۈزۈت قىلىشماي، تارتىنماي كۆڭلىدە نېمە بولسا ئوچۇق-يورۇق پاراڭلىشىدىغان بولۇپ قالغان ئىدىغۇ.

بۇ ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشتىن نېمە قىلارنى بىلمەي قالغان دىلارا:

— قىزىتمىڭىز ئۆرلەپ قالمىغاندۇ، دوختۇرغا ئاپىراي، — دېدى.

دوكتور بېشىنى چايقىدى:

— پايدىسى يوق، دىلارا، مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم دىياگنوز قويۇپ بولدۇم، ھەر قانچە ئېسىل دورى-

موْ كار قىلمايدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ھېچ چۈشىنەلمەي قېلىۋاتىمەن سىزنى...

— ماڭا ئىشىنىڭ، دىلارا، دوختۇرغا كۆرۈ-نۈش. كۆرۈنمەسلىك مۇھىم ئەمەس، سىزگە دەي-دىغان گەپلىرىم بار، — دوكتور بېشىنى سىلىپ سوكۇت قىلدى. شىمىغا يۇقۇشۇۋالغان قىلدەك بىرنېمىنى چىمدىپ ئېلىۋەتتى، قوللىرىنى ئۇۋۇ-لىدى، تۇرقىدىن مۇھىم بىر ئىشنى دەيدىغاندەك قىلاتتى. ئاخىر بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزغا بۇرۇن-قىدەك تىكىلىپ قارىدى، — سىزنى، — دېدى كۇ-چىنىپ، — سىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن، دىلارا

ئاھ، ئاخىر ئۇ دىلارا ئاڭلاشقا تەشنا بولغان مۇقەددەس سۆزنى قىلدى، ئۇ دىلارانى ياخشى كۆرىدىكەن! بۇ مۇقەددەس سۆز دىلارانىڭ يۈرە-گە كەچكى شەپەقتەك قىزىللىق يۈگۈرتتى. چە-رايلىق كۆزلىرىدىن چاقناپ چىققان نۇردىن ئۆي ئىچى جۇلالىنىپ كەتكەندەك بولدى. مەستخۇش بولغان قىز بىردەمگە ئۆزىنى يوقىتىپ، كېيىن ئۇيالچانلىق بىلەن يەرگە قارىدى.

— سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بۇرۇن-راق ئېيتىشىم كېرەك ئىدى، — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى دوكتور، — جۈرئەت قىلالمىدىم، ئېنىقرا-قى بۇنداق گەپنى دېيىش ماڭا توغرا كەلمەيتتى. ئادەم ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى قەدىرلىشى، ئالدى-ماسلىقى كېرەك. بۈگۈن مەندە يۈز بەرگەن ئۆز-گىرىش سىز بىلەن ئوچۇق سۆزلىشىش ۋاقتى يەتكەنلىكىدىن بېشارەت بەردى.

دىلارانىڭ كۆز ئالدىدا جۇلالىنىپ تۇرغان ئال-يېشىل نۇرلار غايىب بولدى. دوكتور غەلىتە گەپ-لەرنى قىلىۋاتاتتى. ئوچۇق گەپ قىلىنىپ بولۇن-غان تۇرسا، يەنە قانداق بېشارەت ئىكەن ئۇ ئوچۇق گەپ قىلىشقا ئۈندەيدىغان. بۇ يەردە يەنە «ئالدىماسلىق كېرەك» دېيىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟!

— شۇنداق، ۋاقتى يەتتى، بۇنداق پۇرسەت ئەمدى زادى كەلمەيدۇ، — دېدى دوكتور ۋەزمىن-لىك بىلەن، — سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئالتە ئايدىن بۇيانقى ياخشى ئۆتكەن كۈنلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ سۆزۈم ئاخىرلاشقىچە مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرمىسىڭىز. شۇنداق قىلالامسىز؟

دىلارا ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدى، ئۇ گاراڭ بولۇپ قالغانىدى. دوكتورنىڭ جاۋاب كۈتۈپ قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، نېمە دېگۈڭىز بولسا دەۋەرمەمسىز دېگەندەك، بېشىنى «ماقۇل»غا لىڭ-شىتىپ قويدى.

— دىلارا، مەن يەر شارىنىڭ ئادىمى ئەمەس، سىلەر بىلمەيدىغان يىراق بىر سەييارىدىن كەلگەن ئادەممەن، يەنى باشقا پلانېتانىڭ ئادىمى بولىمەن. سىزنى ياخشى كۆرىمەن، دېگەن گەپنى قىلالماسلىقىمدىكى ئاساسلىق سەۋەب مۇشۇ.

ئۇ دىلارانى قورقۇپ، ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، ئۇنداق بولمى-دى. ئىنسانلار ئۈچۈن باشقا پلانېتا ئادىمى سىرلىق ھەم قورقۇنچلۇق بىلىنگەچكە، بۇ گەپ دىلارانىڭمۇ ھوشىنى يىغدى. قىزدىكى ئۆزگى-رىش شۇ بولدىكى، يۈزىدىكى قىزىللىق قېچىپ تاتىرىپ كەتتى.

ئۇ گەپنى باشلاشتا قىينالدى، باشلىۋاتقاندىن كېيىن دىلارادىكى ئۆزگىرىشلەرگە پەرۋا قىلماي سۆزلەۋەردى.

— سەييارىمىزدا ئالەم كېمىلىرىمىز، كۈ-رەشچى ئايروپىلانلىرىمىز، قورال-ياراغ، ھەربىي ئەسلىھەلىرىمىزنى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدى-غان مەنبە ئۆكسۈپ قالدى. بىزگە لازىم بولىدى-غان خام ئەشيا ۋاقتىدا تېپىلمىسا، سەييارىمىز ئۇزاققا بارماي ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالاتتى. بىز ئاخىرقى ئېنېرگىيە زاپىسىمىزنى ئىشلى-تىپ، ئالەم بوشلۇقىنى ئىچكىرىلەپ قىدىرىشقا ئاتلاندۇق. بىز ئولتۇرغان ئالەم كېمىسى...

ئۇ يەر شارىنىڭ «سامانيولى» ناملىق ئايروپىلا-نى بىلەن قانداق ئۇچرىشىپ قالغانلىقى، ئۇنى

uyghurkitap.com

ئېلىپ كەتكەنلىكى، ئالىملارنىڭ يەر شارى ئالەم ئايروپىلانىنىڭ يېقىلغۇسىنى تەكشۈرۈپ، بۇ يېقىلغۇنىڭ ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىقارغانلىقى، يەر شارىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇ يەردىكى ئۇران ۋە باشقا خام ئەشيالارنى يۆتكەپ كېلىش ياكى يەر شارىنىڭ ئۆزىنى بازا قىلىش قارار قىلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— بىز يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال، ئالىملىرىمىز مېنى يەر شارى ئالەم ئايروپىلانىدا قېپقالغان يەر شارى ئادىمى جەسىتىنىڭ سىياقىغا ئۆزگەرتتى، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، — بۇنداق ئۆزگەرتىشتە، مۇھىمى يەر شارىغا ئوڭۇشلۇق قونغىنىمىزدىن كېيىن يەر شارى ئادەملىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىماسلىق، گۇمان تۇغدۇرماسلىق كۆزدە تۇتۇلغانىدى. يەر شارى ئالىملىرى ئالەم بوشلۇقىغا ئىچكىرىلەپ كىرگۈدەك ساياھەت ئالەم ئايروپىلانى ياساپتۇ، بۇ پەقەت ساياھەت ئايروپىلانى! ئۇلارنىڭ بۇنداق يۇقىرى تېخنىكا بىلەن شۇغۇللانغانلىقى بىزنى يەر شارىدا ھەر بىر قەدىمىمىزنى ئېھتىيات بىلەن بېسىشىمىز لازىملىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

دىلارا كاللىسىغا كىرىۋالغان غەلىتە، قورقۇنچلۇق خىيالدىن قېتىپ قالغانىدى. بۇ نېمە قىسمەت! ئۆزىنى دوكتور ئېكرام ئەلى دەپ يۈرگەن بۇ ئادەم باشقا پىلانېتا ئادىمى ئىكەن، ئۇ باشقا پىلانېتا ئادىمىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ! يەر شارىدا باشقا پىلانېتا ئادەملىرى ھەققىدە تارقىلىپ كەتكەن ۋەھىمىلىك سۆز-چۆچەكلەر ئاز ئەمەس، ئۇلارنىڭ ياخشىلىرىدىن يامانلىرى كۆپ. ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ئادەملەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئەمدى دىلارانىڭ تەقدىرى قانداق بولار؟ ئۇ نېمىشقا بۇرۇنراق سەزمىدى؟ ياكى بۇ مۇھەببەتنىڭ ئازدۇرۇشىمۇ؟ ياق، ئۇ ئەقلىنى سەللا جورۇتقان بولسا، كۆڭلىدە شەك بولۇپ قالغان «چىگىش»، «تۈگۈن»لەرنىڭ تېگىگە يەتكەن بولاتتى: رېماتىزم كېسىلىنىڭ ئازابىدىن

ئورنىدىن تۇرالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان نىگار خانىم دوكتور ئۇلارنىڭ ئۆيىگە قەدەم باسقان كۈندىن باشلاپ سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى. دىلارا ئانىسىدىكى بۇ ياخشىلىنىشنى «مۆجىزە» دەپلا چۈشەندى؛ دىلارا بۇلاپ كېتىلگەندە، ساقچىلار ئىز-دېرىكىنى ئالالماي يۈرگەن زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن ئىككى سائەتكە قالماي دىلارانى قۇتۇلدۇرۇپ چىققانمۇ ئاشۇ دوكتور ئىدى. ئۇنىڭدىكى كۈچتۈڭگۈرلۈكنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن دىلارا ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشەندى، ھەتتا بۇ ھەقتە باشقىلارغا ئۈنچىقماسلىققا ۋەدە بەردى؛ تاغدا يەر تەۋرىگەندە، دومىلاپ چۈشۈۋاتقان قورام تاش تۇيۇقسىزلا توختاپ قالغاندا؛ تېز پويىزنىڭ تورمۇز قۇرۇلمىسىدىن كاشىلا چىقىپ رېلىستىن چىقىپ كېتىشكە ئاز قالغاندا، غىل-پال كۆرۈنگەن ئادەمنى دوكتورغا ئوخشاتقانىدى. دوكتورنى يېنىمدىن ئايرىلمىدى، دەپ ئويلاپ بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرمىدى، سۈرۈشتۈرگەن بولسا كۆڭلىدە پەيدا بولغان چىگىشنىڭ ئۇچىنى تېپىپ قالار ئىدى. بۇلارغۇ مەيلى، ئوت كەتكەن بىنادىن بىر ياشتىن ئاشقان بالىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىققاندىچۇ؟ ئوت ئۆچۈرگۈچىلەرمۇ كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي ۋاتقان يالقۇن ئىچىدىن چىققاندا دوكتورنىڭ بىر تال چېچى، بىرتال كىرپىكىمۇ كۆيمىگەنىدى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە كىيىملىرىمۇ شۇنچىلىك رەتلىك ئىدى. ئۇ بىنادىن چىقىپلا كېتىشكە ئالدىرىدى. دىلارا شۇ چاغدا گۇمانلانغان، ئەمما، كېيىنچە بىر گەپ بولار، دەپ بۇ ئىشنىمۇ ئۇنتۇپ كۆزۈۋەتكەنىدى...

دىلارانىڭ باشقا پىلانېتا ئادەملىرىنى بىلگەنلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلار ھەرخىل تۇسكە ئۆزگىرەلەيدۇ، ئىنسان ئەقلىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلارنى قىلالايدۇ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ. ئۆزىنى دوكتور ئېكرام ئەلى تۇسىگە كىرگۈزۈۋالغان بۇ باشقا پىلانېتا ئادىمى دىلارانىڭ كۆز ئالدىدىلا شۇنچىلىك ئىش

89

لارنى قىلدى. ئۇنىڭ باشقا يەردە نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟

— مەن ئىككى سائەت ئىچىدە يادرو سۇ ئاستى پاراخوتى، يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئاۋئاماتىكا، رېئاكتىپ ئايروپىلانلارنى تەكشۈرۈپ، بىزگە لازىملىق ماتېرىياللارنى توپلىدىم. ئۇران كانلىرىمۇ نەزىرىمدىن ساقىت بولمىدى. ئەمدى قايتسام بولاتتى، مېنى ئالەم بوشلۇقىنىڭ بىر يېرىدە ھەمراھىم كۈتۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىغا قانداق بېرىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇپمۇ كەتمىدىم. يەر شارىنىڭ ئالەم بوشلۇقىنى چارلاشقا ئەۋەتىپ تۇرىدىغان، ھەربىي قىسىم ئىشلىتىدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق، ھەم قۇدرەتلىك ئالەم ئايروپىلانى بار، ئايروپىلانغا باستۇرۇپ كىرىپ ھەيدەپ كېتىش مەن ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى.

ئۇنىڭ ئۇران كانلىرى، يادرو ئېنېرگىيەسى توغرىسىدىكى گەپلىرى دىلارانى سەگەكلەشتۈردى. باشقا پىلانېتا ئادەملىرى يەر شارىنىڭ يادرو ئېنېرگىيەسىگە قىزىقىپ قالغان، ھەتتا ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەن، بۇ نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق! ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا كۈچلۈك، قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ، دەپ قارىلىپ كېلىنىۋاتقان باشقا پىلانېتا ئادەملىرى يەر شارىنىڭ يادرو ئېنېرگىيەسىگە ئىگە بولۇۋالسا، يەر شارى نېمە بولۇپ كېتەر؟! ئىنسانلار نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل ھەم ساددا! ئەسلىدىكى دوكتور ئېكرام ئەلىنىڭ سىياقىغا كىرىۋالغان باشقا پىلانېتا ئادىمى غايىب بولۇپ كەتكەن ئالەم ئايروپىلانى — «سامانيولى»دا بىردىنبىر ھايات قالغۇچى دەپ تونۇلۇپ، ئىنسانلار تەرىپىدىن مىسلى كۆرۈلمىگەن تەنتەنە بىلەن قارشى ئېلىندى. ئىنسانلارنى خانىۋەيران قىلىشقا كەلگەن بۇ باشقا پىلانېتا ئادىمى ھازىر يەر شارىدا ھەممىگە تونۇلغان قەھرىمان! ئۇ ئىنسانلارنىڭ نازۇك قەلبىگىمۇ قول سالغان. مۇھەببەتكە سەۋدايىلارچە بېرىلىپ كەتمەي، ئۆزىنى سوغۇققانلىق بىلەن تۇتۇپ كېلىۋاتقان دىلارانىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىنى قارىمامدىغان!

دىلارانىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئالدىدا ئولتۇرغان يالغان دوكتور ئۇنى چاقىرىپ كېلىپ، كۆزدىن يوقاتقاندىن كېيىن قايتىپ كەتمەكچىمۇ؟ «سامانيولى» يەرگە بىخەتەر قونغاندىن كېيىن پارتلاپ كەتتى. ھازىر ئىككىلەنمەستىن دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇلار ئۇنى ئىز قالدۇرماسلىق ئۈچۈن يىراقتىن كونترول قىلىپ پارتلىتىۋەتكەن! دىلارا بۇ باشقا پىلانېتا ئادىمىنى بىلىدىغان بىردىنبىر ئادەم. ئۇلار، ئەگەر دىلارا كۆزدىن يوقىتىلمىسا، يالغان دوكتور ئادەملىرىنى باشلاپ كەلگۈچە، ھەربىي دائىرىلەر دىلارادىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ، پۇختا تەييارلىق قىلىۋالىدۇ، دەپ ئويلىسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

— سىز ئەمدى نېمە قىلماقچى؟... — دەپ سورىيالىدى دىلارا. ئۇ قورقۇنچنى بىلىندۈرمەسلىككە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئاۋازى تىترەپ، ئىككى ئېغىز گېپنى دېگۈچە نەپىسى يەتمەي قالدى.

— سىزنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىڭىز ماڭا ئايان، — دېدى ئۇ، — سىز ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە باشقا پىلانېتادىن كەلگەن ئادەم بىلەن يېقىن ئارىلىشىپ ئۆتكەن بىردىنبىر ئادەم، سەمىمىي، مېھرىبان، كۆيۈمچان بىر قىز. مېنىڭ كىملىكىمنى بىلىپ ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كەتمىدىڭىز، ۋەدىڭىزدە تۇردىڭىز. چىقىپ كەتكەن بولسىڭىز بەكمۇ ئۈمىدسىزلەنگەن بولاتتىم، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزگە، ئىنسانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان ئىشلارنى قىلمىدىم، ھەم قىلمايمەن. كەلگەن يېرىمگە قايتىپ كېتىش خىيالىم بولغان بولسا، سىز بىلەن بۇنداق پاراڭلىشىپ ئولتۇرمىغان، ئۈن-تىنسىز، ھېچكىمدە ھېچقانداق گۇمان تۇغدۇرماي كەتكەن بولاتتىم.

دىلارا يېنىك تىن ئالدى. يەر شارىنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىشكە تەييارلانغان بۇ



www.uyghurkitap.com

ئادەم كەتمەيدىغان بوپتۇ! ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنگىلى بولارمۇ؟ لېكىن ئۇ يەر شارىدا قېپقېلىپ نېمە قىلماقچى؟ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن دىلارانىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

— قايتىپ كەتمەسلىكىڭىزدىكى سەۋەبنى سورىسام بولامدۇ؟ — دېدى دىلارا ئىككىلىنىپرەك.

— بۇ سوئالنى سورىغىنىڭىزدىن خۇشالمەن. سىزنى بۇ يەرگە چاقىرىپ كېلىشتىكى مەقسىتىممۇ ئاشۇ سەۋەبنى دەپ بېرىش.

دىلارا بايا يېنىك تىن ئالغان بولسا، ئەمدى ئۆزىدە خاتىرجەملىك ھېس قىلدى. ئۇنىڭغا ئەمدى ئالدىدا ئولتۇرغان يالغان دوكتور — باشقا پىلانېتادىن كەلگەن ئادەم ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئەمەستەك تۇيۇلماقتا ئىدى. بەلكىم، باشقا پىلانېتا ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىلا قورقۇنچلۇق ئەمەستۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشىلىرىمۇ باردۇ.

— دىلارا، مېنىڭ سىزنى ئالداش ئويۇم يوق، بۇرۇن ماڭا قانداق ئىشەنگەن بولسىڭىز، ھازىرمۇ شۇنداق ئىشىنىشىڭىز كېرەك، — دېدى ئۇ، ئاۋازى دىلارا ئۆيگە كىرگەن چاغدىكىدىنمۇ ئاجىزلىشىپ كەتكەنىدى، — ئەگەر خوجايىنلىرىم مەن ئېرىشكەن مەلۇماتقا ئىگە بولۇپ قالسا، يەر شارىغا باستۇرۇپ كېلىدۇ. كىچىككىنە قارشىلىققا ئۇچراپ قالغۇدەك بولسا، يەر شارىنى كۇكۇم-تالقان قىلىۋېتىدۇ. ئۇلارغا تەڭ كېلىش مۇمكىن ئەمەس! مەن كۆپ سەييارىلەرگە بارغان، ھەم سىلەر ئىنسانلارنىڭ قولۇڭلاردىن كېلىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنى قىلغان. يەر شارى مەن كۆرگەن سەييارىلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشاشمايدۇ. يەر شارىنى ئايلىنىپ يۈرگەن چېغىمدا، ئالەمدىكى بارچە گۈزەللىك يەر شارىغا مۇجەسسەملەنگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. تاغ-دەريالار، دېڭىز-ئوكيانلار، باغ-بوستانلار، ئېتىز-ئېرىق، گۈل-گىياھلار، ھەتتا سىلەر ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان چۆل-جەزىرىلەرمۇ ئۆزگىچە گۈزەللىكى بىلەن مېنى مەھلىيا قىلىۋالدى. سىزنى، نىگار خانىمنى، پېشقەدەم پىروفېسسورنى دالا سەيلىسىگە تەكلىپ قىلىپ يۈرۈشۈمدىكى ئاساسلىق سەۋەبمۇ تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىدىن كۆپرەك بەھرىلىنىش ئۈچۈن ئىدى.

يالغان دوكتورنىڭ دېمى كېسىلىپ ھاسىرىدى، قىسقا يۆتىلىپ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن يەر شارىنى سىزنى ياقتۇرۇپ قالغاندەك ياخشى كۆرۈپ قالدىم. سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ئېيتىشقا تىلىم ئاجىزلىق قىلاتتى. يەر شارىغا بولغان مۇھەببىتىمنى ئۆزۈم خالىغانچە ئىزھار قىلالايتتىم، — ئۇ بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتتى، — يەر شارى مەندەك بىر ئاپەتنى ئالتە ئاي باغرىدا كۆتۈرۈپ يۈردى. مەن تاكى سىزنى ئۇچراتقانغا قەدەر ئىككىلىنىپ يۈردۈم. سىزدىكى مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق ئىككىلىنىشلىرىمگە چەك قويدى، ئاخىر قايتماسلىق، ساقلاپ تۇرغان ھەمراھىم بىلەن ئۇچراشماسلىق قارارىغا كەلدىم، ھەم بۇ قارارىمدىن زادىلا ئەپسۇسلانمىدىم. مەن توغرا قىلدىم دىلارا، ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ باشقىلارنىڭ رەھىمسىز تاپىنى ئاستىدا چەيلىنىپ ۋەيران بولۇشىنى كۆرگۈم كەلمىدى، بۇ ئۆزۈمنى خاراب قىلغانلىق بىلەن باراۋەر ئىدى. سەن ئۆزۈڭ كىم، دېگەن سوئالمۇ مېنىڭ يەر شارىنى تاللىشىمدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. مەن كىم؟ مەن خوجايىنلىرى جۈرئەت قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىشقا قادىر قىلىپ ياسالغان بىر ماشىنا ئادەم! ئۇلار مېنى لېرىخ دەپ چاقىرىشىدۇ. ئويلاپ بېقىڭا، باشقىلارنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قۇللارچە ئېگىلىپ كۈن ئۆتكۈزگىنىمدىن، ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن يەرنىڭ گۈزەللىكىدىن خالىغانچە بەھرە ئېلىپ، ھەم ئۇنى ئاسراپ يۈرگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ؟

ئۇ قەستەن شۇنداق قىلدىمۇ ياكى ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن ئېغىزىدىن چىقىپ كەتتـ

مۇ، ئۆزىنىڭ ماشىنا ئادەم ئىكەنلىكىنى دەپ سالدى.

ماشىنا ئادەم! تام-تورۇسلارمۇ، ئۈستەل-ئورۇندۇقلارمۇ، ھەتتا ئوچۇق دېرىزىدىن سۈس ئاڭلىنىپ تۇرغان ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدەشلىرىمۇ «ماشىنا ئادەم-ماشىنا ئادەم» دەپ ۋارقىرايتتى. دىلارانىڭ بېشى زىڭىلداپ ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ قۇلاقلىرىنى ئېتىۋالدى، ئۈستىدىن ئېغىر بىر يۈك بېسىپ تۇرغاندەك بەكمۇ تەستە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ نېمە قىلماقچى، ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كەتمەكچىمۇ؟ چىقىپ كەتسە نەگە بارىدۇ؟ مەن بىر ماشىنا ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىمەن دېسە كىم ئىشىنىدۇ. ھازىر ھەممىلا ئائىلىلەردە دېگۈدەك ئۆي ئىشىنى قىلىدىغان ماشىنا ئادەم بار، دىلاراغا ھەسەت قىلىپ يۈرگەن قىزلار ئۇنىڭ بىر ماشىنا ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىنى ئاڭلىسا قاقاقلاپ كۈلۈشمەمدۇ. دىلارانىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغان يىگىتلەر بىزنى ياراتماي تاللاپ سۆيگىنىڭ بىر ماشىنا ئادەم ئىكەنغۇ، دەپ مازاق قىلىشمامدۇ. دىلارا ھوشىدىن كەتمەسلىك ئۈچۈن لېۋىنى چىشلەپ، ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى.

— كەچۈرۈڭ دىلارا، — دېدى ماشىنا ئادەم لېرىخ قىزنىڭ كەيپىياتى ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، — ياخشى كۆرۈپ قېلىش گۇناھ ئەمەس، ئەمما ئۆزۈمنىڭ ماشىنا ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتماسلىق چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ئېغىر گۇناھ. مەن كۈنلەردىن بىر كۈنى، سىز قوبۇل قىلالايدىغان بىر پۇرسەتنى تېپىپ ئېيتىشنى ئويلىغان، لېكىن ئۆزۈمنىڭ بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمنى زىنھار ئويلىماپتىمەن. مەيلى مەن كىم بولاي، سىز مېنى قانداق چۈشىنىسىز، ئەمدى ماڭا بەرىبىر، چۈنكى، بىز ئەمدى كۆرۈشەلمەيمىز.

ئەلەم ۋە ھەسرەتتىن ۋۇجۇدىنى تىترەك باسقان دىلارا بىرسى غايىبتىن مەدەت بەرگەندەك بىردىنلا غەيرەتكە كەلدى. بىر ماشىنا ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتىن تارتقان ئازابى، ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بىردىنبىر ياشاش ماكانى بولغان يەر شارىغا، ئىنسانلارغا بەرگەن مۇھەببىتىنىڭ ئالدىدا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىدى. دىلارانىڭ ئەمدىكى غېمى ئۇنى قايتۇرماسلىق، بىر ئامال قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇش بولۇپ قالدى. ساقچىلارغا خەۋەر قىلىۋېتەي دېسە، ئۇنىڭ ئالدىدا تېلېفون ئۇرغىلى بولمايتتى. بىرسى كىرىپ قالغان بولسىچۇ كاشكى.

— باشقىچە ئويلاپ قالماڭ، دىلارا، — دېدى لېرىخ. ئۇنىڭ ئاۋازى ئاران ئاڭلىنغۇدەك چىقىۋاتاتتى، — مەن قايتىپ كەتمەيمەن، يەر شارىغا باغلىغان رىشتىم ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق. كۆرۈشەلمەيمىز دېيىشىمدىكى سەۋەب مۇنداق: بىزنى ئىختىرا قىلغۇچىلار بىزنى ئۆزلىرىدىنمۇ ئىقتىدارلىق قىلىپ ياسىغان. شۇڭا بىز ئۇلار قول سېلىشقا پېتىنالمايدىغان ئىشلارنى قىلالايمىز، مۇرەتتى كەلگەندە مۇلاھىزە قىلىپ، قىلىش-قىلماسلىق، ئەسلىدىكى پىلاننى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا قارار چىقىرالايمىز. ئەمما تىزگىن ئۇلارنىڭ قولىدا، سەللا گۇمانلانغۇدەك يېرى سېزىلىپ قالسا، تىزگىننى تارتىش بىلەنلا تۆمۈر-تەسككە ئايلىنىمىز. گۈزەللىكنى بايقاش، ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىشمۇ بىزدىكى كۆپ خىل ئىقتىدارنىڭ بىرى. شۇنداق بولغاچقا، مەن يەر شارىنىمۇ، سىزنىمۇ ياقتۇرۇپ قالغان. بۈگۈن مەن ئۆزۈمنىڭ بوشىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى سېزىپ قالدىم. سەييارىمىزدىكى خوجايىنلار بىزنى يىراق يەرگە بىر ئىشنى ئورۇنداپ كېلىشكە ئەۋەتكەندە، بېرىلگەن ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت ئىچىدە قايتىپ كەلمىسەك ئۆزلۈكىمىزدىن «ھالاك» بولىمىز. چۈنكى، خوجايىنلار بىزنىڭ «مېڭە» مىزگە ھەرىكىتىمىزنى ئاپتوماتىك كونترول قىلىدىغان مىكرو قۇرۇلما ئورنىتىپ قويىدۇ، بۇنى بىز بىلمەيمىز. بۇ قۇرۇلما مۆھلەت توشقاندا ھەرىكىتىمىزنى توختىتىپ «ئۆلگەن» ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. مېنىڭ

بۇگۈن يەر شارىغا كەلگىنىمگە توپتوغرا ئالتە ئاي بولدى. بۇ يەرنىڭ ئىككى ئېيى، مەن كەلگەن سەييارىنىڭ بىر كۈنىگە تەڭ. مېنىڭ ۋاقتىم توشۇپ قالدى، دىلارا. مەن يەنە ئون بەش مىنۇت «هايات» كەچۈرەلەيمەن.

دىلارا ئۇنىڭ قايتىپ كەتمەيدىغانلىقىغا ئىشەندى، بۇنىڭدىن خۇش بولدى. ئىچىدە يەنە، ئەگەر ئۇ يەر شارى ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرىدىغانلا بولسا، مېنى ياخشى كۆرۈپ يۈرۈۋەرسىمۇ مەيلى ئىدى، دەپ ئويلىدى.

— ئېكرام، — دېدى قىز ئالدىدىكى لېرىخ ئىسىملىك ماشىنا ئادەمنى بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆرگەن ھېسسىياتتا ئىسمىنى ئاتاپ، — سىز ئۆزىڭىزنى مەن كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە قىلىنىپ ياسالغان دېدىڭىز. «مېڭە»ڭىزدىكى مىكرو قۇرۇلمىنى ئېلىۋېتىش چوقۇم قولىڭىزدىن كېلىدۇ. سىز يەر شارى ئۈچۈن، مەن ئۈچۈن ئۆلمەسلىكىڭىز كېرەك.

— قولۇمدىن كەلمەيدۇ، دىلارا، «مېڭە»مدىكى پروگراممىدا بۇ قۇرۇلمىنى «ئېلىۋېتىش» دېگەن ئەسكەرتىش يوق. ماشىنا ئادەملەر «ئېلىۋېتىش»نى بىلسە، جۇدۇنى ئۆرلەپ قالغاندا، خوجايىنلىرىغا بويسۇنمىغان ياكى ئۇلارنى كۆزدىن يوقىتىپ، دۇنياغا خوجا بولغان بولاتتى.

— ئۇنداقمۇ ئۇمىدسىزلىنىپ كەتمەڭ. مەن بىزدىكى ماشىنا ئادەم مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلاي، بەلكىم ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلەر.

— ئاۋارە بولماڭ، قولىدىن كەلمەيدۇ، بۇ ماڭا ناھايىتى ئېنىق. مەن يەر شارى ئۈچۈن، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى، ئىنسانلارنىڭ خاتىرجەملىكىنى قوغداش ئۈچۈن قېپقالغاندىم. مېڭەمگە مىكرو قۇرۇلما سېلىنىپ قويۇلمىغان بولسا، مەن تاكى كونىراپ، تاشلاندۇق ھالەتكە چۈشۈپ قالغىچە سىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن بولاتتىم، مۇمكىن بولمىدى. لېكىن بىر مۇھىم ئىشنى قىلىشقا ئۈلگۈردۈم. مەن يەر شارىغا يېقىنلاشقاندا، خوجايىنلىرىم بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ئاپپاراتىمدىن كاشىلا چىقىپ ئالاقەم ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. ئۇلار مەندىن سىگنال قوبۇل قىلالمىغاندىن كېيىن، مېنى بىر پالاكەتكە ئۇچرىدى، دەپ ئويلاپ كېتىشكە ئالدىرايدۇ. نېمىشقا دېسىڭىز، ئۇلار يەر شارى ئادەملىرىنىڭ ئالەم كېمىسى، ئالەم ئايروپىلانى ياسىيالىغۇدەك ئىلغار تېخنىكىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن تەھدىت، دەپ قارايدۇ، شۇڭا يېڭىلىك بىلەن يەر شارىغا يېقىنلىشىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. بىر ئاي بۇرۇن مەن ئاپپاراتىمنى تۈزىتىۋالدىم، ھەم ئەتىسى ئاخشىمىلا ئۇلار مېنىڭ سىگنالىمنى قوبۇل قىلالىغۇدەك يەرگىچە بېرىپ مۇنداق ئۇچۇر يوللىۋەتتىم: «يەر شارى ئادەملىرى مېنى بايقاپ قېلىپ قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، قېچىپ قۇتۇلالمايمەن... يەر شارىغا يېقىنلاشقۇچى بولماڭلار، سىلەرنى كۈتۈپ تۇرغىنى ھالاكەت... خەير، بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىدىم...» ئۇلار ئۇچۇرۇمنى قوبۇل قىلدى. ئەمدى ئۇلار يەر شارىغا ئۆزلۈكىچە يېقىنلىشىشقا پېتىنالمايدۇ. ئۇنىڭغىچە ئېنېرگىيە يېتىشمەي ئۆزلۈكىدىن خارابلىشىپ كېتىدۇ...

ھەرقانچە ئىقتىدارلىق ئىنسان بالىسى، ھەرقانچە تەرەققىي تاپقان ئىلىم-پەننىڭ قۇدرىتىمۇ بۈيۈك سەييارىدىن كېلىدىغان— يەر شارىنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان خەۋپنى توسۇپ قالالمايتتى. ئۇنى يەر شارىغا مۇھەببەت رىشتىسى باغلانغان بىر ماشىنا ئادەم توسۇپ قالدى. بۇ ئادەم ھازىر دىلاراغا ئېسىل تەبىئەتلىك، چىن ئىنسان بالىسىدەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇ ماشىنا ئادەم لېرىخنىڭ قوللىرىنى يۈزىگە ياقتى:

— مېنى كەچۈرۈڭ، ئېكرام، — دېدى تاراملاپ ياش تۆكۈپ، — سىزنى چۈشەنمەپتىمەن... ئۆزۈمنى قاچۇرۇپتىمەن...

— رەھمەت، دىلارا، چۈشەنگەنلىكىڭىزنىڭ ئۆزى ماڭا كۇپايە، — دېدى لېرىخ، — ئەسلىدە جىم - جىملا «ئۆلگەن» بولسام

www.uyghurkitap.com

ياخشى بولاتتى، يەنىلا سىزنى ئويلىدىم. مېنىڭ كىملىكىمنى بىلىپ قالغىنىڭىزنىڭ زىيىنى يوق، كېيىن ئەسقېتىپ قالىدۇ... ئەمدى ئۈچ مىنۇت ۋاقتىم قالدى، كېيىنكى ئىشلارنى مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىڭ: مېنى سۆيگەن يىگىتىڭىزدەك — ئىنسان بالىسىدەك دەپنە قىلىڭ. مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى ھېچكىمگە، ھەتتا ئانىڭىزغىمۇ تىنماڭ. ماشىنا ئادەملىكىم بىلىنىپ قالسا، ھۆكۈمەت ئادەملىرىنىڭ سوئال - سورىقىدىن بېشىڭىز تېشىلىپ كېتىدۇ. مەنمۇ گۆرۈمدە تىنچ ياتماي، ئالىملارنىڭ تەجرىبە خانىلىرىدا تېنىم پارچىلىنىپ، ھەر بىر ئەزايىم تەتقىقات ئەۋرىشكىسى بولۇپ قالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، مۇخبىرلارنى بىلىسىز، قەيەرلەردىن ئادەمنى قىزىقتۇرغىدەك گەپ چىقىپ قالار، دەپ بۇلۇڭ - بۇلۇڭنى تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ. سىزنىڭ بىر ماشىنا ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىڭىزنى بىلىپ قالسا، ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقە دەپ يېزىپ جاھانغا يېيىۋېتىدۇ، بېشىڭىزنى كۆتۈرەلمەي قالىسىز، چوقۇم شۇنداق قىلىڭ.

دوكتور ئىكرام ئەلىنىڭ ئانىسى بار ئىكەن، ئىككى قېتىم يوقلاپ كەلدىم. ئانىنىڭ بالىغا بولغان مۇھەببىتىنى كۆرۈپ، ئىنسان بالىسى بولۇپ قالمىغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم. مەن «ئۆلگەن» دىن كېيىن، ئانا بولغۇچى چوقۇم كېلىدۇ، بىلىندۈرمەي ياخشى كۈتۈڭ. ئانا ئۈچۈن ئوغلىنىڭ ئالەم بوشلۇقىدا ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكىنىنى ئاڭلىغانغا قارىغاندا، ئۆز كۆزى بىلەن ئۈزۈتۈپ قويغىنى ئوبدان تەسەللى. روھىڭىزنى چۈشۈرمەڭ... سىز... ياخشى... قىز...

لېرىخ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ كارىۋاتتا رۇسلىنىپ ئولتۇردى-دە، ئوڭدىسىغا يىقىلدى. ئۇ ھەرىكەتتىن ئەبەدىي توختىغانىدى.

(ئاپتور شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

مۇھەررىر **پاتىگۈل ئەخمەت**






## تەبىئەت دۇنياسى

ئانا، ھايات دەرىخىم مېھىر سۈيۈگىدىن ياشناپ قانات چىقاردى. بۈگۈن ئاران كەلگەن شېكەر شەنبە، دەم ئالىدىغان كۈنۈم. شۇڭا، يەنە دەرس تەكرارلاشقا زورلىما! مەن ئالدى بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىمىز ھەققىدىكى قىزىق چۆچەكلىرىڭنى ئاڭلىۋالاي! ئاندىن ئۇچۇرما بولغان قۇشقاچ بالىسىدەك پۇررىدە ئۇچاي-دە، قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان دەرەخلەر ئارىسىدا ئولتۇرۇپ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ناخشىسىنى تىڭشاي!

ياق دېمە جېنىم ئانا، قۇشلارنىڭ قانات قېقىشى ئۆزىنى تاۋلاش ئۈچۈن بولغىنىدەك، مېنىڭمۇ تەبىئەت دۇنياسىدا تايچاقلاردەك ئەركىن يۈرۈشۈم ھايات ھېكمەتلىرىنى ئۆگىنىشىم ئۈچۈنغۇ؟ ئەجەبا سەنمۇ بىزنىڭ مۇئەللىمدەك، ھەممە بىلىم كىتابتا بار دەپ قارامسەن؟

ئېسىڭدىمۇ ئانا، ئۆتكەن يىلى يېزىدىكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە بارغان ئىدۇق. كىچىك سىڭلىم موزاينىڭ مۆرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قورقۇپ ئاسلاندەك تۈگۈلۈپ كەتكەن ئىدى. چوپچوڭلا بولۇپ قالغان ئىنىمنىڭ خورازدىن قورقۇپ ھويلىغا چىقىشۋالغىنىچۇ تېخى؟! ئۇ چاغدا سەن ھەممىمىزنى «توخۇ يۈرەك»، «نان قېپىلار» دەپ تىللاپ كەتكەنىدىڭ. ئاندىن ئۆزۈڭنىڭ كەندىرلىكتە ئوينىغان مۆكۈشمەكلىرىڭ، ئېگىز ئۆرۈك دەرەخلىرىگە قانداق يامىشىپ چىقىپ ، ئالا بولغان غورىلارنى ئالغانلىقىڭ، تېخى ئۆستەڭلەرگە چۈشۈپ بىر شۇڭغۇغانچە ئون-ئونبەش مېتىرچە نېرىسىدىن چىققىنىڭنى دەپ بەرگەنىدىڭ. ئەمدى بىزنى نېمىشقا ئوينىغىلى قويمايسەن؟ ھە دېسىلا: «ئېگىنىڭنى مەينەت قىلما، مەكتەپتىن دەرھال ئۆيگە كەل، باللار بىلەن ئوينىما! سۇغا چۈشسەڭ پاچىقىڭنى چېقىۋېتىمەن» دەيسەن؟ بۇ راستىنلا بىزگە كۆيۈنگەنلىكىڭمىدۇ؟

ئانا، سەن دائىم: «چوڭ بوۋاڭلار ئۇستا مەرگەن ئىدى. ئۇ قارام، قورقۇمسىز بولۇپ، ئەھلىمەھەللىدىكى قوغۇن-تاۋۇزلۇق، قوناقلىقنى ياۋا توڭگۇزنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلايتتى» دەپ ئۇنى ماختاپ بېرەتتىڭ ۋە بىزنى باتۇر بولۇشقا ئۈندەيتتىڭ. مانا ئەمدى ھەممىمىزنى

www.uyghurkitap.com

سەرەڭگە قېپىدەكلا ئۆيگە سولاپ قويۇۋاتىسەن،
خۇددى تەبىئەت بىزنى يەكلەيدىغاندەك. ئەگەر
كۈنلىرىمىز مۇشۇ تەرزدە ئۆتۈۋېرىدىغان بولسا،
بىز ساراڭ بولۇپ قالمىغان تەقدىردىمۇ، راستتىـ
ـنلا سەن دېگەندەك «نان قېپى»لارغا ئايلىنىپ
قالغۇدەكمىز.

ئانا، ئۆتكەن ھەپتە ساڭا دەپ قويمايلا بىر
دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بارغانىدىم. يولدىكى بىر
ئىش ماڭا بەكلا تەسىر قىلدى. بىر دەرەختە
قۇشقاچ ئۇۋا ياساپ باللىغانىكەن. سەككىز
ياشلاردىكى بىر ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ باللىسىنى
ئېلىش ئۈچۈن دەرەخكە چىقىۋالغانىكەن. ئۇ
قولىنى قۇشقاچ ئۇۋىسىغا ئەمدىلا سۇنۇشىغا،
نەدىندۇر بىر جۈپ قۇشقاچ پەيدا بولدى - دە،
بالىغا ھۇرپىيىپ، قانات سىلكىپ شىددەت
بىلەن ئېتىلىپ، بار ئاۋازدا ۋىچىرلىغىنىچە ئا-
لەمنى بېشىغا كىيدى. قۇشقاچنىڭ شۇ چاغدىـ
ـكى ئاۋازى باللىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئالدىـ
ـدىكى ئاتا - ئانىنىڭ ئېچىنىشلىق نالە - زارىغا
ئوخشايتتى. مەن شۇ چاغدىلا ئاتا - ئانىلارنىڭ
باللىرىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى
ھەقىقىي تونۇپ يەتكەنىدىم. لېكىن ئانا، سەن
بىزنى تەبىئەتتىن ئايرىپ قويۇۋاتىسەن. شۇڭىـ
ـمۇ ھازىرغىچىلىك يېزا باللىرىدەك سۇ ئۈ-
زۈشنىمۇ بىلمەيمەن، كۆلچەكلەرگە موللاق
ئېتىشقىغۇ ئەسلا جۈرئەت قىلالمايمەن. راستىـ
ـنى دېسەم، گاھىدا بۇغداي مايسىسى بىلەن
كۆكاتنىمۇ ئايرىيالمايمەن، ھەتتا ئات، ئېشەكـ
ـنىمۇ مىنەلمەيمەن. بۇ بىر ئوغۇل بالا ئۈچۈن
نومۇس ئەمەسمۇ؟

جېنىم ئانا، مەن مۇئەللىملەردىن ۋاپادارلىق
ھەققىدە تالاي تەسىرلىك ھېكايىلەرنى، نەسىھەتـ
ـلەرنى ئاڭلىغان. لېكىن ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتـ
ـمىگەنىدىم. «ئادەم ۋە تەبىئەت» پىروگراممىسىدا
ئۇچار قانات ۋە جان - جانىۋارلارنىڭ بىر - بىرىگە
ۋاپادارلىقى ھەققىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ
بەكلا تەسىرلەندىم. مانا ئەمدى سىنىپىمىزدىكى
يېزىلىق بالىلار بىلەن ئۆزۈمنى سېلىشتۇرۇپ
رېئاللىقتىن بەكلا چەتنەپ كەتكەنلىكىمنى،
نۇرغۇن بىلىملەرنى تەبىئەتتىن تولۇقلايدىغانلىـ
ـقىمىزنى ھېس قىلىپ قالدىم. چۈنكى ئانا،
بۈركۈت ماڭا خەتەردىن قورقمىغاندىلا شۇنچە
ئېگىزگە ئۇچقىلى بولىدىغانلىقىنى، چۈمۈلە تىـ
ـنىمسىز ئىشلىگەندىلا ئاندىن بەختكە ئېرىشكىـ
ـلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگەتتى. ئەجەبا بۇ بىلىم ئەـ
ـمەسمۇ؟

ئانا، ئەمدى بىلسەم، تەبىئەت دۇنياسى
بىزنىڭ ھەقىقىي مەكتىپىمىز ئىكەن. ئۇ بىزگە
ھايات ھېكمەتلىرىنى ئۆگىتىپلا قالماستىن،
بەلكى يەنە بىزنى تاۋلايدىكەن، لېكىن سىلەر
شۇنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا بىزنى چىڭ تۇتۇـ
ـۋالىسىلەر؟

## باھار قىز

— ھەي بالىلار كۆردۈڭلارمۇ؟ باھار قىز
كەپتۇ.

— باھار قىز كەپتۇ!؟

— ئەنە قاراڭلار، ئۇلار شىشىدەك سۈزۈك
ئاسماندا قاناتلىرىنى كەڭ كېرىپ، خۇددى
ئايروپىلاندەك ئۇچۇشماقتا. ئۇلار نەقەدەر خۇشال -
ھە؟

بىر نەچچىمىز ھويلىدىن دالىغا ئوقتەك
ئېتىلدۇق. باھار قىز ۋىچ - ۋىچ قىلىپ، باش
ئۈستىمىزدىنلا ئۆتۈپ كېتەتتى.

— بەك ياخشى بولدى، باھار قىز كەلسە
قىش ئاپپاق چاپىنىنى كىيەلمەيدۇ، ھاۋا ئاستا -
ئاستا ئىللىپ، يۇمران چۆپلەر توپا ئارىسىدىن
باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ.

— بىدىلەر كۆكلەيدۇ، بىز ئېتەكلىرىمىزگە
لىققىدە تېرىيمىز، ئاندىن ئۆيگە قايتىمىز - دە،

سۇ قايناق ئىچىمىز.

— ئەگىزلەر ئېرىق، ئۆستەڭگە يامراپ كېلىدۇ، ئىتىزلار خۇددى كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغان ئاچا - سىڭىللاردەك سۇ بىلەن ئۆپۈشىدۇ.

— كاككۇكلار سايرىشىدۇ.

— ...

— بۇ يىل قارلىغاچ قىز كىمنىڭ ئۆيىگە ئۇۋا ياسار؟

— بىزنىڭكىگە.

— ياق، بىزنىڭكىگە ....

چۇرقىراشلار مەھەللىنى بىر ئالغان، باللار زوقمەنلىك تۇيغۇلىرىدا قارلىغاچ قىزنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئۇۋا ياساپ، بالا چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىشاتتى. شۇڭىمۇ يۇمران قوللىرىنى پۇلاڭشىتىپ:

— هەي، باهار قىز، مەن بۇ يەردە، — دېيىشەتتى. قارلىغاچ قىز بولسا دوستلىرىم، ئوبدان تۇردۇڭلارمۇ؟ مەن ياخشىلارنىڭ ئۆيىگە ئۇۋا ياساپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرىمەن، دېگەندەك مەهەللە ئاسمىنىدا ئېگىز - پەس ئۇچاتتى.

— باللار، باهار قىز كەلسە ئېتىز - ئېرىقلاردا، باغباراڭلاردا هەر خىل چېچەكلەر غۇنچىدە ئېچىلاتتى. بىز چېكىمىزگە قىسىشىپ، مېهماندارچىلىق ئوينايتتۇق ئەمەسمۇ؟

— بىزمۇ قارا ئۈجمىنى تويغىچە يەيتتۇق. بىر - بىرىمىزگە بۇرۇت ياساپ، گۇگۇم قارا كىيىمنى كىيگىچە هەربىي - دۈشمەن ئويۇنى ئوينىشاتتۇققۇ؟

— پادا باقاتتۇق.

— لەگلەك ئۇچۇراتتۇق.

— ۋاھ، خوندەك پىشسا...

— باهار قىز كەلسە بەكلا ياخشىكەن.

بىز باللارچە خىياللىرىمىز بىلەن نېمىلەرنىدۇر دەپ، باهار قىزنىڭ مۇبارەك قەدىمىگە تەنتەنە قىلىشاتتۇق. ئۇ بىزنى تېرىكتۇرمەكچى بولغاندەك، يېنىمىزدىن سۇۋۇنۇپ دېگۈدەك شىپىلا قىلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. مانا، ئۇ بىردەمدىلا هەرىكىتىنى ئىتتىكلىتىپ تېخىمۇ پەس ئۇچقىلى تۇردى.

— يامغۇر ياغىدىغان ئوخشايدۇ...

بىردىنلا هاۋا ئۆزگىرىپ، ئاسمان سەتهىدە توپ - توپ بۇلۇتلار پەيدا بولدى. خۇددى ئەرشتە قوچقار ئۇسۇشكەندەك دەهشەت چاقماق چېقىپ، يامغۇر چېلەكتىن سۇ تۆككۈلگەندەك شارقىراپ يېغىپ كەتتى. بۇ چاغدا قارلىغاچ قىزمۇ نەلەرگىدۇر مۆكۈنۈۋالغان بولۇپ، هېچيەردە كۆرۈنمەيتتى. باللارمۇ:

يامغۇر ياغدى، قار ياغدى،
شارقىراپ كەتتى.
ئۆتۈكۈمنى مايلىسام،
پارقىراپ كەتتى.

...

دېيىشىپ، بەئەينى يامغۇردىن كېيىنكى بۇلۇتلاردەك ئۆيلىرىگە بىر - بىرلەپ تارقاشماقتا ئىدى.

(ئاپتور قاراقاش ناهىيەلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە)

مۇهەررىر **مۇختار تۇردى**

www.tarixturkitap.com

ئەكرەم ئابدۇمجىت، مۇھەممەدجان ئەيسا

# ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەسىرلىك نامايەندىسى ـ ئون توپلام



هازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىر ئەسىرگە يېقىن تارىخي مۇساپىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا، ئەنئەنىۋىلىكتىن زامانىۋىلىققا يۈرۈش قىلدى. شائىرلىرىمىزنىڭ داۋاملىق ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىشى نەتىجىسىدە، شېئىرىيىتىمىزدە نۇرغۇن ئۇتۇقلار قولغا كەلتۈرۈلدى. شېئىرىيىتىمىزدىكى ئەنە شۇ ئۇتۇقلارنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە 2008 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى سايرامي، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيېف، مۇھەممەد رەھىم، مۇھەممەدجان راشىدىن، بۇغدا ئابدۇللا، روزى سايىت، ئوسمانجان ساۋۇت قاتارلىق ئون ئاتاقلىق شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەرنى «ئاچىل»، «يىللارغا جاۋاب»، «ئالدىدا»، «ئۆمۈر مەنزىللىرى»، «تۈگىمەس ناخشا»، «جان تەسەددۇق»، «ئانا تاغلار»، «قەدىمىي يارغولدا كەچ كۈز»، «ئانا تىلىم ــ زەر تىلىم»، «زېمىن قەسىدىسى» قاتارلىق ناملار بويىچە ئايرىم-ئايرىم توپلام قىلىپ (تۆۋەندە قىسقارتىپ «ئون توپلام» دېيىلىدۇ) نەشر قىلدۇردى. بۇ «ئون توپلام» شىنجاڭدىكى شېئىرخۇمار خەلقىمىزنىڭ چاڭقىغان ئىستەكلىرىگە مەنىۋى شەربەت ئاتا قىلدى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىنىڭ يەنە بىر كاتتا سوۋغىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يۈرۈشلۈك شېئىر توپلاملىرىنىڭ بولماسلىقىدەك بوشلۇقنى تولدۇردى. گەرچە بۇ توپلاملاردىكى شېئىرلار ئىلگىرىكى يىللاردا ئوخشىمىغان نەشرىياتلار تەرىپىدىن تۈرلۈك ناملار بىلەن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن بىرلا ۋاقىتتا، يۈرۈشلۈك نەشر قىلىنىشى كىتابخانلارغا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بىر ئەسىرلىك تارىخي مۇساپىسىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەتتى. نۆۋەتتىكى ياش ئوقۇرمەنلەر ھەم شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ «ئون توپلام» ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيەت تارىخىنى ئۆگىنىشتىكى ياخشى بىر دەرسلىك بولۇپ قالدى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ «ئون توپلام» نىڭ نەشر قىلىنىشى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپلەردىن ئەھمىيەتكە ئىگە:

**1 . توپلامدىكى شېئىرلار چوڭقۇر دەۋر ئالا-**

**ھىدىلىكنى نامايان قىلدۇ.**

«ئون توپلام»غا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار دەۋر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەۋرىدىن تاكى بۈگۈنكى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىغىچە بولغان بىر ئەسىرلىك جەرياننى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپ شېئىرلىرى 1920 ـ يىللاردىن 1945 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىنى؛ نىمشېھىت، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيېف، مۇھەممەد رەھىم قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى 1950 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىنى؛ مۇھەممەدجان راشىدىن، روزى سايىت، بۇغدا ئابدۇللا، ئوسمانجان ساۋۇت قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش دەۋرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ھەر بىر توپلامدىكى ھەر بىر شېئىر ئۆز دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە روشەن خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كىشىلەرگە ھەرقايسى دەۋرلەردىكى خەلقىمىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي مۇساپىلىرىنى، ئوخشاش بولمىغان ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى، غايە ـ ئىستەكلىرىنى، مۇھەببەت ـ نەپرەتلىرىنى، قىسقىسى، كىشىلىك جەمئىيەتتىكى خىلمۇخىل ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلدۇرىدۇ. بىزگە مەلۇم، شېئىر تارىخ ئەمەس، ئەمما ياخشى يېزىلغان بىر پارچە شېئىر ئۆز دەۋرى تارىخىنىڭ ئەينىكى. كۈچلۈك رېئاللىق تۇيغۇسىغا ئىگە شائىرلىرىمىز شېئىرلىرىدا ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى لىرىك ھېس تۇيغۇلىرى ۋە جانلىق تىل بايلىقلىرى بىلەن تەسۋىرلەپ، كىشىلەرگە جانلىق دەۋر روھىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. «ئون توپلام»دىكى شېئىرلار ئەنە شۇنداق دەۋر روھىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان مۇنەۋۋەر شېئىر توپلاملىرىدىن ئىبارەت.

**2. شېئىرىيەتتىكى تېما ئىزچىللىقىنى گەۋدىلەندۈرگەن.**

1920 ـ يىلىدىن تاكى 2007 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شېئىرىيىتىمىزدە خەلقچىللىق، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، يېزا ھاياتى، دېھقانلار تۇرمۇشى، ئەخلاق قاتارلىق تېمىلار گەۋدىلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئىزچىل ھالدا قەلەمگە ئېلىنىپ كېلىۋاتقان تېما يەنىلا ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدۇر. قاراپ باقىدىغان بولساق، «ئون توملام»دا ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس تېما خېلى چوڭقۇر ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن: ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئۈزۈلمەس ئۈمىد»، «ئارزۇ ـ ئارمانىم مېنىڭ»؛ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «جۇڭگو»، «بىز جۇڭگو ئوغۇل ـ قىزلىرى»، «چوڭ قەھرىمان ئويغاندى»؛ نىمشېھىتنىڭ «ئالدىدا»، «سېغىندىم»؛ تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»؛ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئەسسالام قەشقەر»؛ مۇھەممەد رەھىمنىڭ «تەڭرىتاغ»؛ مۇھەممەدجان راشىدىننىڭ «ئانا تاغلار»؛ روزى سايىتنىڭ «تەڭرىتاغ، تارىمدا سىر، كەچمىش تولا»؛ بۇغدا ئابدۇللانىڭ «تارىم»؛ ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» قاتارلىق شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇلاردا ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەننى ئۇلۇغلاش، ۋەتەننىڭ تىنچ، ئەمىنلىكىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ ئازادلىقى، ئەركىنلىكى، ۋەتەننىڭ قۇدرەت تېپىشى قاتارلىق مەزمۇنلار ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شائىرلارنىڭ ياشىغان دەۋرلىرى، شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي شارائىتلار ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ شېئىرلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئىزچىل ھالدا دەۋر ئالاھىدىلىكىگە زىچ باغلىنىپ ئىپادىلەنگەن. بۇلاردىكى ئورتاق بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ۋەتەندىكى تاغلار، دەريالار، چوققىلار، قۇملۇقلار ۋە كۆللەر ۋاستە قىلىنىش ئارقىلىق ۋەتەننىڭ مۇقەددەسلىكى ۋە قەدىمىيلىكى، ئۇنى ئۇلۇغلاش قاتارلىقلار ئىپادە قىلىنغان. بۇ شېئىرلار ياشلار ـ ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئويغىتىپ، ئۇلارنى ۋەتەننى سۆيىدىغان، ۋەتەن ئۈچۈن ھەسسە قوشى

دىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدۇ.

### 3. شېئىر شەكىللىرىدىكى رەڭدارلىق.

«ئون توملام»دىكى شېئىرلارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ شېئىرلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ خىلمۇخىل شەكىللىرى بويىچە تاللانغان. بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتىمىزدە شېئىري شەكىللەر بارا-بارا ئازلاپ، بەزى شەكىللەر يوقاپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. يېڭىدىن قولىغا قەلەم ئالغان بىر قىسىم ھەۋەسكارلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرىدىن خەۋەرسىز. ئۇلار كۆپىنچە ھاللاردا توققۇز ۋە 11 بوغۇملۇق مۇرەببە (تۆتلۈك) شەكلىدىن يىراقلاپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىزدە ناھايىتى كۆپ شەكىللەر بار. «ئون توپلام»دىكى شېئىرلاردا ئەنە شۇ كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى غەزەل، مەسنەۋى، مۇخەممەس، مۇرەببە، مۇستەھزات، مۇسەددەس، مۇئەششەھ، قىتئە، رۇبائىي قاتارلىق شەكىللەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ بىزنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت شەكىللىرىمىزنى ساقلاپ قېلىش، قوغداش، شۇ خىل شەكىللەرنى ياشلارغا تونۇتۇش، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز يەنە ئوسمانجان ساۋۇت، بۇغدا ئابدۇللا قاتارلىق شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىدىن ئەنئەنىۋى شەكىللەردىن باشقا يەنە ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزنىڭ چاچما ۋە يېڭىچە شېئىر شەكىللىرىدىن پايدىلانغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلغان بىر قىسىم دادىل ئىزدىنىشلىرىنىمۇ كۆرەلەيمىز.

### 4. خاس ئالاھىدىلىكلەر.

«ئون توپلام»دىكى شېئىرلارنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرى ئەنئەنىۋى غەزەل، مۇخەممەس، مۇرەببە شەكلىدە، ئارۇز ۋەزنىدە بولۇپ، پىكرى چوڭقۇر، تېمىلىرى ئەينى دەۋردىكى رېئاللىقنى چىقىش قىلغان، خەلقچىللىق روھىغا ئىگە. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا يەنە نادانلىق، زۇلۇمغا تولغان ئىجتىمائىي قاراڭغۇلۇق ۋە مەنىۋى ئىللەتلەر كەسكىن تەنقىد قىلىنغان. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرى بولسا شەكلى ئەركىن، مەزمۇنى جەڭگىۋار، ئوي-پىكرى تېرەن، تىلى ئويناق. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا يەنە 1940-يىللارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى سايرامىي ۋە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر شېئىرلىرىدا كىلاسسىك شېئىرىيەت ئەنئەنىسىگە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىنغان كۆپ خىل شېئىري شەكىللەر بار. مەزمۇنى ھايات ھېكمەتلىرى بىلەن تويۇنغان. بولۇپمۇ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر شېئىرلىرىدا پەلسەپىۋى ھېكمەتلەر بىر قەدەر كۆپرەك. ئۇنىڭ «ئۆمۈر مەنزىللىرى» ناملىق شېئىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. تېيىپجان ئېلىيېف شېئىرلىرىدا بولسا كۈچلۈك دەۋر روھى بىلەن سۆيگۈ-مۇھەببەت ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتكەن. ئۇسلۇب جەھەتتىن ئېيتقاندا، كىلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بىلەن خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرى بىرلەشتۇرۇلگەن. تىلى خەلق تىلىغا ناھايىتى يېقىن بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ باي ئىپادىلەش كۈچى نامايان قىلىنغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ غەزەللىرى يېنىك ۋەزىن، سىپتا تىل، مۇكەممەل قۇرۇلما بىلەن ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. مۇھەممەد رەھىم شېئىرلىرى تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئومۇمىي تەرەپلىرى بىلەن ئايرىم تەرەپلىرىدىن تېما تاللاش ئارقىلىق، ئۇنى كۈچلۈك يۇمۇرىستىك تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. روزى سايىت شېئىرلىرىدا دېھقان تۇرمۇشى كۆپرەك گەۋدىلەندۈرۈلگەن. مەسىلەن: ئۇنىڭ «دېھقان دادام»، «پاھ دېھقاننىڭ ھەيكىلى»، «دېھقان»، «دېھقاننى ئالدىغا سىلىۋالدى ئىش» قاتارلىق شېئىرلىرى ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مۇھەممەدجان راشىدىن شېئىرلىرى بولسا كەڭ مەزمۇن، يېنىك تىل، جانلىق ئوخشىتىش، توق قاپىيە، يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، دەۋرىمىزدىكى خەلقچىللىق روھىنىڭ

www.uyghurkitap.com

هاسىلاتلىرى سىڭگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ بۇ توپلامـ
غا كىرگۈزۈلگەن نۇرغۇن شېئىرلىرى ناخشا
تېكىستلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇغدا ئابدۇللا
ۋە ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىدا پىكىر
تېرەن، تىل تاۋلانغان ۋە پاساھەتلىك. ئۇلار قەدىمـ
كى ئۇيغۇر تىلىدا بار بولغان، لېكىن ھازىر ئىسـ
تېمالدىن قالغان سۆزلەرنى ئۆز شېئىرلىرىدا
قوللىنىش ئارقىلىق شېئىرلىرىنىڭ تىل جەھەتـ
تىكى جەلپكارلىقىنى ئاشۇرغان. ئۇلارنىڭ شېـ
ئىرلىرىدا قەدىمىي رىۋايەتلەردىن دېتال ئېلىش
بىلەن تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چوڭقۇر كۆزىـ
تىش بىرلەشتۈرۈلگەن. بولۇپمۇ بۇغدا ئابدۇللاـ
نىڭ «توغراق»، «سالغا تېشى»؛ ئوسمانجان ساـ
ۋۇتنىڭ «تاڭ لىرىكىلىرى»، « 21ـ ئەسىر بىلەن
سۆزلىشىش» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئەنئەنىۋىلىك
بىلەن زامانىۋىلىق توغرا بىر تەرەپ قىلىنغان،
ئەنئەنىۋىلىككە يېڭىچە شېئىرىيەت ئامىللىرىـ
نىڭ ئىجابىي تەرەپلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، يۇقىـ
رى بەدىئىي ماھارەت ئارقىلىق چوڭقۇر پەلسەپىـ
ۋى مەسىلىلەر يورۇتۇپ بېرىلگەن. بۇ بىزنىڭ
ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىز بىلەن يېڭىچە شېـ
ئىرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىـ
شىمىزغا ئىمكان ھازىرلاپ بېرىدۇ، مەزمۇن جەـ
ھەتتىن ئالغاندا «ئون توپلام»دىكى شېئىرلاردا يەنە
مۇھەببەت ھەققىدىكى لىرىكىلار، يېزىلاردىكى
جۇشقۇن، مول مەزمۇنلۇق ئۆرپـ ئادەتلەر،
دېھقان تۇرمۇشى قاتارلىق مەزمۇنلار ھەر بىر شاـ
ئىرنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئوخشاش بولمىغان نۇقـ
تىدىن ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلىنغان. بۇ خىل
خاس ئالاھىدىلىكلەر ئوخشاش بولمىغان كىتابـ
خانلار قاتلىمىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئۇلارنى
ئۆزلىرى ياقتۇرىدىغان شېئىرلار بىلەن كەڭ دائىـ
رىدە ئۇچرىشىش ۋە چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە قىلغان.

**5. ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىـ تىنىڭ ئومۇمىي ھالىتىنى تەتقىق قىلىشتا ماتېرىيالىق قىممىتىگە ئىگە.**

بىزگە مەلۇم، ئۇيغۇر شېئىرىيەت تەتقىقاتى
ھازىر بىر قەدەر ئاجىز ھالقا. مۇھەممەد پولات،
ئازات رەھمىتۇللا سۇلتان، كېرىمجان ئابدۇرېـ
ھىم، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئابدۇۋەلى كېرىم، ئەكبەر
قادىر قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەدىب، تەتقىقاتچىلىـ
رىمىز شېئىرىيەتنىڭ ئايرىم تۈرلىرى ۋە ئايرىم
شائىرلار ھەققىدە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىۋاتـ
قان بولسىمۇ، ئەمما بىر پۈتۈن شېئىرىيەتنىڭ
كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق جەھەتتىن مۇپەسسەل
تەتقىق قىلىنىشى تېخى يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ.
ئۇنىڭ ئۈستىگە تەتقىقات قوشۇنىمىزنىڭ سانى
ئاز. شېئىرىيىتىمىزدىكى بەزىبىر مەسىلىلەرگە
نەزەرىيە يۈكسەكلىكىدە ۋە كونكرېت تەتقىقات
يۈنىلىشىدە تۇرۇپ باھا بېرىشىمىز ئاجىز بولـ
ماقتا. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يېڭىدىن نەشر
قىلىنغان بۇ «ئون توپلام» بىزنىڭ بىر ئەسىرلىك
شېئىرىيەت تەتقىقاتىمىزدا مۇھىم ماتېرىيال
قىممىتىگە ئىگە. قارايدىغان بولساق، «ئون توپـ
لام»غا جەمئىي 800 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر تالـ
لانغان بولۇپ، بۇ شېئىرلار تېما، ئۇسلۇب، تىل،
خاراكتېر، شەكىل ۋە تۈر جەھەتلەردىن خىلمۇـ
خىللىققا ئىگە ۋە رەڭدار بولغاچقا، بىزنى مەيلى
بىر پۈتۈن دەۋر ئالاھىدىلىكى بويىچە تەتقىق قىـ
لىشتا بولسۇن، مەيلى خاس شائىرلارنىڭ شېـ
ئىرلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتتا بولسۇن، مەيلى
مۇئەييەن ئورتاقلىققا ئىگە شائىرلارنىڭ شېئىرـ
لىرى ھەققىدىكى كىرىشتۈرمە تەتقىقاتتا
بولسۇن بىر قەدەر قۇلايلىققا ئىگە قىلىدۇ. ھاـ
زىرقى زامان شائىرلىرى قاتارىدا تاللانغان بۇ ئون
شائىر ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ ھەر بىر باسقۇچـ
لىرىنىڭ ئىنچىكە ھالقىلىرىنى شائىرانە نەزەر
بىلەن كۆزىتىپ ۋە ئىپادىلەپ، يېڭى پىكىر،
يېڭى قاراشلارنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇش، تىل جەـ
ھەتتە يېڭىلىق يارىتىش، شېئىرىي شەكىللەردە ئەنـ
ئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش،
مىللىي ئالاھىدىلىكتە چىڭ تۇرۇش، شېئىرلىرى
ئارقىلىق ئۆز خەلقى ئىچىگە سىڭىپ كىرىش، پەلـ
سەپىۋى چوڭقۇرلۇققا يۈرۈش قىلىش، دىداكتىك
مەزمۇنلارنى سەمىمىيلىك بىلەن ئىپادىلەش قاتارـ

لىق خاسلىقلىرى بىلەن زامانداش شائىرلار ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان. بىز بۇلارنىڭ توپلامغا تاللانغان شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۇلارغا بىر قەدەر ئىلمىي، توغرا، چوڭقۇر باھا بېرەلەيمىز، بۇ ھازىرقى شېئىرىيەت تەتقىقاتىنىڭ ساغلام يۆنىلىشىگە ۋە يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە پايدىلىق.

**6. مىللىي تىلىمىزنىڭ ساپلىقىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە.**

«ئون توپلام»غا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنىڭ تىلىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە خەلق ئېغىز تىلىنىڭ نادىر ئۈلگىلىرىدىن پايدىلىنىلغان. شائىرلىرىمىز كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تىل بايلىقى ۋە ساپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ جەۋھەرلىرى ئارقىلىق ئۆز شېئىرلىرىنىڭ خەلققە چۈشىنىشلىك ۋە يېقىن بولۇش، تېز قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىشىش خۇسۇسىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئىنچىكە كۆزىتىدىغان بولساق، «ئون توپلام»دىكى ھەر بىر شائىرنىڭ شېئىرىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ يۇكسەك پاساھىتى، مەنە ئىپادىلەش كۈچى، ئەۋرىشىم ۋە يېپىشقاقلىقى نامايان قىلىنغان. مەسىلەن: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر گەرچە ئەرەب، پارس تىللىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولسىمۇ، ئەمما ئەينى دەۋردە يەنىلا ساپ ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر يازغان. ماقال-تەمسىللەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. تېيىپجان ئېلىيېف بولسا خەلق قوشاقلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى ئۆرنەك قىلغان؛ روزى سايىت بىلەن مۇھەممەدجان راشىدىن قاتارلىقلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ يەرلىك شېۋىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تىلىنىڭ گۈزەللىكىنى ئاشۇرغان؛ ئوسمانجان ساۋۇت قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ مەنە ئىپادىلەش كۈچىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغان؛ بۇغدا ئابدۇللا يەرلىك خەلقلەر ئاسان چۈشىنەلەيدىغان سۆز-ئىبارىلەردىن ئۈستىلىق بىلەن پايدىلانغان؛ مۇھەممەد رەھىم شېئىرلىرىنىڭ تىلىنى ئەڭ ئاددىي، خەلققە ئەڭ يېقىن، يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلغان؛ نىمشېھىت ۋە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرلەر بولسا ئۇيغۇر تىلىدىكى گۈزەل ۋە يېقىملىق سۆز-ئىبارىلەرنى تاللاپ شېئىرىي مىسرالارغا سىڭدۈرگەن. شۇنى ئېيتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، نۆۋەتتە ئەدەبىي تىلىمىزدا چېكىنىش، بۇزۇلۇش ۋە ياتلىشىش قاتارلىق ئەھۋاللارمۇ يۈز بەرمەكتە. سىرتتىن كىرگەن غەيرىي سۆز-ئىبارىلەرمۇ شېئىرىيىتىمىزنىڭ تىل گۈزەللىكىگە خىرىس قىلماقتا. ئاز ساندىكى ھەۋەسكارلىرىمىز بەزى سۆز-ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىگە دىققەت قىلماي، شېئىرىي تىلنىڭ مەنە ئىپادىلەشتىكى كۈچىگە سەل قاراۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، يۇقىرىقى توپلامدىكى شېئىرلارنىڭ تىلى بىزنىڭ تىل بايلىقىمىزنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم بىر قامۇس ھېسابلىنىدۇ. «ئون توپلام»دىكى شېئىرلارنىڭ تىلى مەنىنى دەل جايىدا ئىپادىلەش كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقى، مەزمۇنغا ماسلىشىشچانلىقى، يارقىن ۋە ئېنىقلىقى، ئوبرازلىق ۋە جانلىقلىقى، ئاددىي ۋە نەپىسلىكى، پەلسەپىۋى ھېكمەتلەرگە بايلىقى قاتارلىق ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن بىزنىڭ مەڭگۈ ئۆرنەك ئېلىشىمىزغا ۋە مەڭگۈ قەدىرلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

قىسقىسى، «ئون توپلام» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بىر قەدەر مۇكەممەل تۈزۈلگەن بىر يۈرۈش شېئىر توپلاملىرىدۇر. بۇ بىزنىڭ مەيلى شېئىرىيەت ئوبزورچىلىقىمىزدا بولسۇن، مەيلى ھەۋەسكارلارنىڭ شېئىرنىڭ تۈرلۈك ئۈلگىلىرىدىن پايدىلىنىشىدا بولسۇن ۋە مەيلى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ نادىر شېئىرلارغا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش جەھەتلەردىن بولسۇن قىممەتلىك بىر مەنىۋى بايلىق بولۇپ قالغۇسى.

(ئەكرەم ئابدۇمېجىت غۇلجا ناھىيە چۈلۈقاي ئوتتۇرا مەكتەپتە؛ مۇھەممەدجان ئەيسا غۇلجا ناھىيەلىك رادىيو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە)

مۇھەررىر **مۇختار تۇردى**



www.uyghurkitap.com



# كىتابلارنىڭ ژانىرىنى بېكىتىش ھەققىدىكى بەزى قاراشلىرىم

مېھرىگۇل ئابلىز

يېقىنقى يىللاردىن بېرى «تارىم» ژۇرنىلىدا بەزى ئەسەرلەرنى ژانىرلارغا قانداق ئايرىش ھەققىدە خېلى قىممەتلىك مۇنازىرىلەر بولۇپ ئۆتتى. بولۇپمۇ غەيرەتجان ئوسمان ۋە مۇھەممەدجان سادىق قاتارلىق تەتقىقاتچىلارنىڭ شېئىرىي رومان ئۇقۇمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسى دىققىتىمنى تارتتى. بۇ مەسىلىگە قارىتا غەيرەتجان ئوسماننىڭ ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلار ناھايىتى ئەتراپلىق، پاكىتلىق ۋە كىشىنى قايىل قىلارلىق بولغاچقا، مەن بۇ ھەقتە يەنە توختىلىپ ئولتۇرمايمەن. شۇڭا ھازىرغىچە بىزدە تازا ئېنىق بولمايۋاتقان پىروزا ئەسەرلىرىنى قانداق ژانىرغا ئايرىش، يەنى رومان، پوۋېست ۋە ھېكايىلەرنى بىر-بىرىدىن قانداق پەرقلەندۈرۈش ھەققىدە ئۆز قارىشىمنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

يېقىنقى بىر نەچچە يىللاردىن بېرى، ئۇيغۇر مەتبۇئاتىدا نەشر قىلىنىۋاتقان كىتابلار ئىچىدىكى مۇنداق بىر ھادىسە بىزگە نورمالسىز تۇيۇلماي قالمايدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئوتتۇرىغا چىققان رومانلارنى يىلدا، ھەتتا بەزىدە يېرىم يىلدا بىر قېتىم ئىستاتىستىكا قىلىپ، خۇددى يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغاندا، يۇقۇم ئەھۋالىنى كۈندە ئېلان قىلغاندەك سەزگۈرلۈك بىلەن ئېلان قىلىپ تۇرۇش. بۇ ئىستاتىستىكا ماتېرىيالىنى ماقالە دەپ ئېلان قىلغۇچىنىڭ، تەييار كىتاب ئىسىملىرىنى يىغىپ قويۇپلا بىر ماقالە ھېساب قىلىپ چىقىرىشتىكى مەقسىتىنىڭ نوقۇل ئۇنۋانغا كەملەپ قالغان ماقالە سانىنى تولدۇرۇش ئىكەنلىكىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيمەن. ئۇلارنىڭ «ئۇيغۇرلاردا رومان 100 گە يەتتى، 150 كە يەتتى...» دەپ جاكارلاشلىرىنىڭ كەينىدە سۈپەت بىلەن كارى يوق، پەقەت سان ئارقىلىق ئۆزىگە تەسەللى بېرىش پىسخىكىسىنىڭ ئاساسلىق رول ئويناۋاتقان بولۇشىمۇ ناتايىن. لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىن سەگەكلىك بىلەن دىققەت قىلىشىمىزغا تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، سانغا بولغان قىزغىنلىقتىن كېلىپ چىققان كاللا قىزىپ كېتىش سەۋەبىدىن رومانلىرىمىز بەكمۇ نېپىزلەپ كېتىۋاتىدۇ.

مېنىڭچە رومان قىزغىنلىقى يامان ئىش ئەمەس. كۆپلەپ رمانلارنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن. لېكىن رومانلارنىڭ رولىنى ئادەتتىن تاشقىرى كۆپتۈرۈۋېتىش، ئۇنى ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى قىلىۋېلىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى نورمال ئىزدىن چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن. ئۆمرىدە بىر پارچە ھېكايە ئېلان قىلىپ باقمىغان ھەۋەسكارلارنىڭ ئەڭ ئەقەللىي مەتبۇئات ئۆلچىمىگە توشمىغان ئەسەرلىرى رومان بولغانلىقى ئۈچۈنلا، «رومان بازار تاپىدۇ» دەپ قارايدىغان كىتاب سودىگەرلىرى تەرىپىدىن كىتابخانىلاردا تۆكمە قىلىنسا، بۇ باشقا ئىجادىيەتچىلەر ئۈچۈن بىر ناچار سىگنال بولماي قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قولىنىڭ ئۇچىدا بولا-كېتەر نەرسىلەرنى يېزىپلا «رومان» دەپ ئات قويۇپ مەتبۇئاتقا تەڭلىسە، ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى مۇھىم بىلىدىغان نەشرىيات سودىگەرلىرى بۇنداق كىتابلارنى نەشر قىلىپ، كەينىدىن بازار تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ماختاپ كۆككە ئۇچۇرسا، ئېنىقكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سۈپىتى يىلسېرى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە رومانمۇ بىر پارچە ئەسەر، پوۋېستمۇ، ھېكايىمۇ ئوخشاشلا بىر پارچە ئەسەر. بىر پارچە ئەسەرنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ھەجمى ياكى ژانىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىنسان مەنىۋىيىتىگە قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى، ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىنى قانچىلىك بېيىتالىغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئېرنېست ھېمىڭۋاي «ئەلۋىدا قورالىم» ، «قۇياش يەنىلا كۆتۈرۈلىدۇ»، «دەريادىن ئۆتۈپ ئورمانلىققا كىرىش»، «ماتەم قوڭغۇرىقى كىم ئۈچۈن چېلىندى» قاتارلىق كۆپلىگەن رومانلارنى يازغان ۋە بۇ ئەسەرلەر دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئۆلمەس ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دۇنيادا تەسىر قوزغىغان ئەڭ مۇھىم ئەسىرى «بوۋاي ۋە دېڭىز»دۇر. 1954-يىلى شىۋېتسىيە خان جەمەتى پەنلەر ئاكادېمىيەسى ھېمىڭۋايغا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى بەرگەندە، ئۇنىڭ «ھازىرقى زامان تەسۋىرىي سەنئىتىدە كامالەتكە يەتكەنلىكى»نى مۇكاپاتلىغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇ خىل تالانتنىڭ ئۇنىڭ «بوۋاي ۋە دېڭىز» دېگەن پوۋېستىدا ئىپادىلەنگەنلىكىنى تىلغا ئالغان. بەزى ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، ئەگەر ھېمىڭۋاي «بوۋاي ۋە دېڭىز»دىن ئىبارەت تەڭداشسىز ئەسىرىنى يازمىغان بولسا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى ناتايىن ئىكەن. ئۇنىڭ رومانلىرىنىڭ ھەجمى زور بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات ساھەسىدە ھېچكىم ئۇنىڭ رومانلىرىنى ئۇنىڭ ئاشۇ قىسقىغىنە پوۋېستىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان ئەمەس. 1913-يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ھىندىستاننىڭ داڭلىق شائىرى تاگور ئۆمرىدە 60 نەچچە يىل ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، 50 نەچچە پارچە شېئىر توپلىمىدىن باشقا يەنە 12 پوۋېست ۋە «ھالاكەت» ناملىق رومانىنى يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات ساھەسىدە بۇ رومان ۋە پوۋېستلار تىلغا ئېلىنماستىن، تاگورنىڭ ئىسمى چىقسا ئۇ يازغان «گىتەنجالى»، «ھىلال ئاي»، «باغۋەن»، «قۇشلار» قاتارلىق شېئىرلىرى كۆپرەك تىلغا ئېلىنىدۇ. بولۇپمۇ «گىتەنجالى» ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئەسىرى دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ رومانىنى تاگورغا ئالاھىدە قىزىقىدىغان ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىدىغانلاردىن باشقا كىشىلەرنىڭ ئېسىدە يوق دېسەكمۇ بولىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدا ئامېرىكىلىق داڭلىق يازغۇچى جون بارس «ئەدەبىياتنىڭ خارابلىشىشى» ناملىق ماقالىسىدە، ئەدەبىياتنىڭ قاتتىق چوڭقۇر كىرىزىسقا دۇچ كەلگەنلىكىدىن ۋايىم يەپ، ئەدەبىياتتا چىقىش يولى قالمىدى، ئەدەبىياتنىڭ ئىستىقبالى تۈگەشتى دېگەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ماقالىدىكى قارىشى تولۇق ئۈمىدسىزلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ «ئەدەبىياتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ئىزدىسەك، بۇنى بورخېسنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆرەلەيمىز» دېگەن. شۇنىڭدىن كېيىن بورخېستىن ئىبارەت

www.uyghurkitap.com

بۇ ئەمما يازغۇچىنىڭ سىرلىق سىيماسى پاتقاقتا پېتىپ قالغان ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ قوتقۇزغۇچىسى، پىر ئۇستاز سۈپىتىدە نامايان بولغان. شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ قويۇش زۆرۈركى، بورخېس رومان يېزىپ باققان ئەمەس. ئۇنىڭ ئەڭ ئۇزۇن ھېكايىسىمۇ ئون بەتتىن ئاشمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئامېرىكىلىق بازارلىق كىتاب يازغۇچىلىرىدىن سىدنېي شېلدون ۋە ستېفىن كىڭ قاتارلىقلار 100دىن ئارتۇق رومان يازغانلىقى ئۈچۈن بورخېستىن يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولغان بولسا بولاتتى. لېكىن دۇنيادا ئەدەبىيات ساھەسىدە ھېچكىم سىدنېي شېلدوننى بىر يازغۇچى دەپ تىلغا ئالمايدۇ. ئەستايىدىل كىتابخانلار ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ئۇنىڭ رومانلىرىنى بىردەك ئەخلەت دەپ قاراپ، ئەدەبىيات ھەققىدىكى ھەرقانداق مۇھاكىمىلەردىن چەتتە قالدۇرىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنلىرىم گەرچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلار بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ دۇنيادا، يەر شارىنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن بىزگىمۇ بەزى مۇھىم پىرىنسىپلارنى كۆرسىتىپ، بىزدىكى كىمنىڭ ئەسىرى كۆپ بولسا شۇ ئۇلۇغلىنىدىغان، قايسى ئەسەرنىڭ ھەجمى چوڭ بولسا باشقا ئېلىپ كۆتۈرۈلىدىغان ئەھۋالنىڭ نورمالسىزلىقىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. كىتابلارغا بولغان بۇ خىل نورمالسىز مۇئامىلە ھەتتا ئەدەبىيات ھەققىدىكى ئەڭ ئاساسلىق بىلىملەرنىڭ بىرى بولغان كىتابلارنى تۈر ۋە ژانىرغا ئايرىشتىن ئىبارەت ئەقەللىي ساۋاتلارنىمۇ بۇرمىلاپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رومان توغرىسىدا نورمالسىز ئېنىقلىما ۋە چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، ھەتتا بۇ خىل خاتا ساۋات ئالىي مەكتەپنىڭ دەرسلىكلىرىدىنمۇ ئورۇن ئالدى.

تۆۋەندە بىز مەلۇم بىر دەرسلىك كىتابتا پوۋېست بىلەن رومانغا بېرىلگەن تەبىرگە قاراپ باقايلى:

«پوۋېست قىسسە خاراكتېرىدىكى ئېپىك نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ بىر تۈرى، پوۋېست ھېكايىدىن شۇنىڭ بىلەن پەرقلىنىدۇكى، ئۇنىڭدا بىر ئەمەس، بىر نەچچە ۋەقە تەسۋىرلىنىدۇ، كىشى ھاياتىنىڭ، يەنى ئەسەردىكى شەخس ھاياتىنىڭ بىر دەۋرى يورۇتۇپ بېرىلىدۇ...

يىغىپ ئېيتقاندا پوۋېست ھېكايىگە قارىغاندا بىر قەدەر مۇرەككەپ ۋە كەڭ دائىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ، لېكىن روماندىكىگە قارىغاندا ۋەقەلەر ئانچە كەڭ ھەم مۇرەككەپ بولۇپ كەتمەيدۇ.»

بۇ ئېنىقلىمىدا ئالدى بىلەن كۆرۈلگەن خاتالىق شۇكى، «پوۋېست»، «قىسسە» بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلغان. ناھايىتى ئېنىقكى، پوۋېست بىلەن قىسسە بىر-بىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدىغان ئىككى ژانىر، شۇنداقلا ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرىسى جەھەتتىن ئۇلار ئارىسىدا ھېچقانداق تەۋەلىك مۇناسىۋىتى يوق. بۇ ئېنىقلىمىدىكى يەنە بىر خاتالىق شۇكى، دۇنيانىڭ ھېچ يېرىدە ۋە ھېچكىمدە پوۋېستتا بىر ئەمەس، بىر نەچچە ۋەقە تەسۋىرلىنىشى كېرەك دەپ بېكىتىپ بېرىلىدىغان ھوقۇقى يوق. مەسىلەن، ھېمىڭۋاينىڭ «بوۋاي ۋە دېڭىز» ناملىق ئەسىرىدە بىرلا ۋەقە، يەنى بىر بېلىقچى بوۋاينىڭ دېڭىزدا چوڭ بىر بېلىقنى تۇتقانلىقى، لېكىن ئۇنى قىرغاققا ئېلىپ چىققىچە باشقا بېلىقلار تەرىپىدىن يېيىلىپ كېتىپ، پەقەت ئۇنىڭ قورۇق سۆڭىكى قالغانلىقىدىن ئىبارەت بىرلا ۋەقە بايان قىلىنغان. رۇسىيەلىك داڭلىق يازغۇچى ئاندىرېيېفنىڭ «زۇلمەت» ناملىق ئەسىرىدە بولسا بىر ئىنقىلابچىنىڭ ئالاھىدە ساقچىلاردىن قېچىپ، بىر پاھىشىخانىغا كىرىۋېلىپ پاناھلانغانلىقى ۋە ئاخىرىدا قولغا چۈشۈپ قالغانلىقى بايان قىلىنغان. ياپونىيەلىك نوبېل مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى كاۋاباتا ياسۇنارىنىڭ «ئۇيقۇلۇق پەرىزات» ناملىق پوۋېستىدا بولسا، بىر بوۋاينىڭ ئۇيقۇدىكى بىر قىزنىڭ يالىڭاچ تېنىنى كۆرگەندىكى خىلمۇ

خىل تۇيغۇلىرى تەسۋىرلەنگەن. بۇ پوۋېستلارغا قارىغاندا بورخېسنىڭ «بىر قەھرىماننىڭ تېمىسى» ناملىق ئۈچ بەتلىك ھېكايىسىدە بايان قىلىنغان ۋەقەلىك كۆپ ھەم چوڭ بولۇپ، ئەكس ئەتتۈرگەن دەۋرى بىر ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھاياتى بىلەن بىر خەلقنىڭ تارىخىدىكى چوڭ ئۆزگىرىشلەردۇر، لېكىن ھېچكىم ھېمىڭۋاينىڭ «بوۋاي ۋە دېڭىز» ناملىق ئەسىرى بىلەن كاۋاباتا ياسۇنارىنىڭ «ئۇيقۇلۇق پەرىزات» ناملىق ئەسىرىنى ھېكايە دەپ ئاتاپ، بورخېسنىڭ «بىر قەھرىماننىڭ تېمىسى» ناملىق ئۈچ بەتلىك ئەسىرىنى پوۋېست دەپ ئاتىمايدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پوۋېست، ھېكايە ۋە رومانلار ئارىسىدىكى ژانىر پەرقى ھەرگىزمۇ ئەكس ئەتتۈرگەن تېمىسىنىڭ مۇرەككەپ ياكى ئاددىيلىقى بىلەن ياكى ۋەقەلەرنىڭ چوڭ ياكى كىچىكلىكى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ.

بىز يەنە مەزكۇر دەرسلىك كىتابتا رومان ھەققىدە بېرىلگەن تۆۋەندىكى ئېنىقلىمىغا قاراپ باقايلى:

«رومان سىغىمچانلىقى ئەڭ زور بولغان ئەدەبىي ژانىرنىڭ بىر خىلى، بايان خاراكتېرىدىكى ئەدەبىي بەدىئىي ئەسەر رومان ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇش كارتىنىسى بىلەن زىددىيەت، توقۇنۇشنى بايان قىلالايدۇ. بۇ مۇرەككەپ تۇرمۇش كارتىنىسى ۋە زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ تولۇق ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن، تالاي قاتناشقۇچىلارنى گەۋدىلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رومان ئەڭ چوڭ كومپوزىتسىيىسىگە ئىگە. قەھرىمانلارنى تولۇق ۋە ئەتراپلىق گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، رومان قەھرىمانلىرىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ھادىسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ. رومان مۇرەككەپ ئىچكى قۇرۇلمىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىياتتا ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئادەتتە بىر روماندا بىر دەۋرنىڭ قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن: شى نەيئەننىڭ ‹سۇ بويىدا›، ماۋدۇننىڭ ‹تۇن يانغاندا› ۋە قەييۇم تۇردىنىڭ ‹كۈرەشچان يىللار› قاتارلىق رومانلىرى يۇقىرىدىكى سۆزىمىزنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ، رومانلار ئۆزلىرى ئىپادىلىگەن مەزمۇنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.»

رومان ھەققىدە بېرىلگەن بۇ ئېنىقلىمىدا يەنە نېمىنىڭ رومان ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ھەجمى بىلەن ئەمەس، بەلكى مەزمۇنى بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقى ھەققىدە مەخسۇس توختىلىنغان. ئۇنداقتا «مەزمۇن» دېگەن بۇ ئىنتايىن ئابستراكت ئۇقۇم بىلەن زادى قانداق ئۆلچەش كېرەك؟ مەزمۇن دائىرىسىنىڭ كەڭرى ياكى تارلىقىنى قانداق ئۆلچەيمىز؟ ئۇ بايان قىلغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش كارتىنىسىنىڭ مۇرەككەپ ياكى ئاددىيلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم زادى نېمە؟ ئەمەلىيەتتە رومانىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا بېرىلگەن يۇقىرىقى ئېنىقلىما كىشىنى تازا قايىل قىلالمايدۇ. مەسىلەن، ئىرېلاندىيەنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى جامېس جويسىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى «يۇلىسېس» چوڭ ھەجىمگە ئىگە كىتاب بولۇپ، پىنگۇۋىن نەشرىياتىنىڭ 1967-يىلىدىكى نەشرىدە چوڭ 32 فورماتتا 933 بەت، ئۇنىڭ خەنزۇچە نەشرىمۇ ئۈچ توم بولۇپ نەشر قىلىنغان. پۈتۈن دۇنيادا بۇ ئەسەر بىر پارچە رومان دەپ قارىلىپلا قالماستىن، ھەتتا گىگانت رومان دەپ قارىلىدۇ. لېكىن بۇ رومان يۇقىرىقى ئۆلچەمگە زادىلا چۈشمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئەسەردە يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك قانداقتۇ «ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇش كارتىنىسى بىلەن زىددىيەت، توقۇنۇش بايان قىلىنغان» ئەمەس. «بىر دەۋرنىڭ قىياپىتى»مۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەمەس، ئەكسىچە پەقەت باش قەھرىمان ياش سەنئەتكار ستېفېن دىدارو، ئېلان ۋاستىچىسى لېئو پولد بروم ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى موررىي دىن ئىبارەت دۇبلىنلىك بۇ ئۈچ كىشىنىڭ بىر كۈنلۈك تۇرمۇشى ۋە ھېسسىيات پائالىيىتى بايان قىلىنغان. ستېفېن ئەتىگەن سائەت 8 دە ئورنىدىن تۇرۇپ،

بىر مەكتەپكە بېرىپ تارىخ دەرسى ئۆتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن دېڭىز ساھىلىنى بويلاپ ئاستا مېڭىپ، تارىخ ۋە پەلسەپە مەسىلىلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. بىرىمۇ سائەت 8 دە ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن پوچتىخانىغا بېرىپ، قىزىنىڭ بىر قىز دوستىدىن كەلگەن خەتنى ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن دوستىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ، چۈشتە گېزىتخانىغا بېرىپ، ئېلان بېسىش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئاشپۇزۇلغا كىرىدۇ، خېرىدارلارنىڭ تاماق يېيىشى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېلەشتۈرىدۇ، بۇنى كۆرۈپ ئاشپۇزۇلدىن چىقىپ كېتىدۇ، چۈشتىن كېيىن قاۋاقخانىغا ۋە كۇتۇپخانىغا بارىدۇ، كۈن ئولتۇراي دېگەندە دېڭىز ساھىلىغا بېرىپ، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالىدۇ، كەچ سائەت 10 دا تۇغۇت دوختۇرخانىسىدا ستىفېن بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ئاندىن ستىفېننى ئۆيگە ئېلىپ كېتىدۇ. يېرىم كېچىدە ستىفېن بروم بىلەن خوشلىشىدۇ.بروم كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلايدۇ، خوتۇنى مورري بروم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەسلەپ، خىلمۇخىل ئىچكى قەلب پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىدۇ. ئاپتور مۇشۇنداق رېئاللىقنى يېزىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئادەتتىكى 3 ئادەمنىڭ بىر كۈندىكى ئوخشاش پائالىيەتلىرىنى خاتىرىلەپ، دۇبلىننىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە بولغان مەنزىرىسىنى چىنلىق بىلەن ئىنچىكە تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئەگەر يۇقىرىقى ئۆلچەمنى توغرا دەپ قارىساق، بۇ مىڭ بەتلىك ئەسەر پوۋېستمۇ بولالمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا بىرلا ۋەقە بار بولۇپ، بىر نەچچە ۋەقە بايان قىلىنغان ئەمەس، يۇقىرىقى ئۆلچەم بويىچە پەقەت ئۇنى ھېكايە ياكى مىكرو ھېكايە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ۋىرگىنىيە ۋۇلفنىڭ «دولقۇن» ناملىق ئەسىرىدىمۇ بىر كۈن ئىچىدىكى ئىشلار تەسۋىرلەنگەن، جون فوۋلېسنىڭ ئىككى توملۇق رومانى «سېھىرگەر»دە بولسا بىر كېچىلىك ۋەقە سۆزلەنگەن.

ئۇيغۇر مەتبۇئاتىدا «دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك رومان» ھەققىدىكى بولۇنغان گەپلەر كىشىلەرنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى، «دۇنيادىكى ئەڭ ئاخىرقى ئادەم ئۆيىدە ئولتۇرسا بىراۋ ئىشىكنى چەكتى» دېگەن مەزمۇندىكى ئاتالمىش بىر جۈملىلىك «رومان». بۇ گەپنىڭ ئۇيغۇر مەتبۇئاتىدا زادى نەدىن پەيدا بولغانلىقىنى بىلمىدىم. مەن كۇتۇپخانىدىكى خەنزۇچە تەتقىقات كىتابلىرىدىن ۋە ئىنگلىزچە ماتېرىياللاردىنمۇ ئۇزاق مەزگىل ئىزدەپ بۇ ھەقتە ئۇچۇر تاپالمىدىم. ئاڭلىشىمچە ھازىرمۇ بەزى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى رومان، پوۋېست ۋە ھېكايىلەرنى قانداق پەرقلەندۈرۈش ھەققىدە توختالسىلا، ئاشۇ دۇنيادىكى ئاتالمىش ئەڭ كىچىك رومانىنى تىلغا ئالماي ئۆتمەيدىكەن ۋە بۇنى رومان، پوۋېست ۋە ھېكايىلەرنى ھەجىمگە قاراپ پەرقلەندۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىغا ئىسپات قىلىپ كۆرسىتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەن يېقىندا بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرنى قايتىدىن باش چۆكۈرۈپ ئىزدەپ، ئاخىر خەنزۇچە «كىتابخانلار ئۈچۈن تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىللىق 4 - سانىدىن تاپتىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى ئوقۇشماسلىقنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى ماڭا ئايان بولدى. ئەسلىدە تەرجىمان بۇ ئۇچۇرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ يەتكۈزۈشتە خاتالىشىپ، 小说 دېگەن سۆزنى «رومان» دەپ تەرجىمە قىلىپ قويغانلىقىدىن بارلىق ئوقۇشماسلىق كېلىپ چىققان ئىكەن. 小说 دېگەن ئۇقۇم خەنزۇ تىلىدا پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىنى كۆرسىتىدىغان كەڭ مەنىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ، رومان، پوۋېست ۋە ھېكايىلەرنىڭ ھەممىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك بۇ يەردە دېيىلمۇۋاتقىنى پىروزا ئەسەرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكى، ھەرگىزمۇ رومانىنىڭ ئەڭ كىچىكى ئەمەس. قىسقا بىر جۈملىنىڭ ھېكايە دەپ قارىلىشىنىڭ ئۆزىلا ئەسلىدە كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇشقا يېتىپ ئاشاتتى، ئۇنى تېخىمۇ كۆپتۈرۈپ «ئەڭ كىچىك

رومان» دېيىشنىڭ زادىلا ھاجىتى يوق.

ئۇنداقتا بىرەر پىروزا ئەسىرىنىڭ رومان، پوۋېست ۋە ھېكايە دەپ ئايرىلىشىدا نېمە ئۆلچەم قىلىنىدۇ؟ ناھايىتى ئېنىقكى، بۇنىڭدا ھەجىم ئاساس قىلىنىدۇ. خەنزۇچىدىكى رومان ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان 长篇小说 دېگەن سۆز «سەھىپىسى ئۇزۇن ھېكايە» دېگەن مەنىدە بولۇپ، پوۋېست ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان 中篇小说 دېگەن سۆز «سەھىپىسى ئوتتۇراھال ھېكايە» دېگەن مەنىدە، ھېكايە ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان 短篇小说 دېگەن سۆز بولسا «سەھىپىسى قىسقا ھېكايە» دېگەن مەنىدە. ئىنگلىزچىدىمۇ ھېكايىنى شورت ستوري يەنى قىسقا ھېكايە دەپ ئاتىسا، پوۋېستنى نوۋېللا دەپ ئاتايدۇ. نوۋېللانىڭ مەنىسى كىچىك رومان ياكى رومانچاقتۇر. مانا بۇلاردىن پىروزا ئەسىرىنىڭ رومان، پوۋېست ۋە ھېكايە دەپ ئايرىلىشىدا ھەجىم ئاساس قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىۋالماق تەس ئەمەس.

ئەمدى بىز بەزى نوپۇزلۇق نەزەرىيەۋى كىتابلاردىن سۆزىمىزگە دەلىل كەلتۈرەيلى:

«پىروزا ئەسەرلىرىنى تۈرگە ئايرىشتا ئومۇملاشقان ئۇسۇل ئۇلارنى ئۇزۇنلۇقىغا قاراپ ئۆلچەشتۇر. بۇ خىل ئۇسۇل بولۇپمۇ ئادەتتىكى كىتابخانلار ۋە نەشرىياتچىلار تەرىپىدىن بەكرەك قارشى ئېلىنىدۇ. چۈنكى بۇ خىل ئايرىش ئۇسۇلى بويىچە ئەسەرلەرنىڭ ژانىرىنى ئېنىق ۋە ئاسان ئايرىغىلى بولىدۇ.»

(«ئەدەبىيات ھەققىدە دەسلەپكى ساۋات»، شاۋ جىندى ۋە بەي جىنپىڭلار تۈزگەن، شاڭخەي چەت ئەل تىلى مائارىپ نەشرىياتى 2002 - يىلى نەشر قىلغان ئاسپىرانتلارنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكى، 9 - بەت).

«بۈيۈك بىرىتانىيە قامۇسى»، «ئوكسفورد ئەدەبىياتى لۇغىتى» قاتارلىق نوپۇزلۇق قورال كىتابلاردىمۇ پىروزا ئەسىرىنىڭ رومان، پوۋېست ۋە ھېكايە دەپ ئايرىلىشىدىكى كونكرېت ئۆلچىمى ئېيتىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەجىمنىڭ ئاساسي ئۆلچەم قىلىنىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىپ ئۆتكەن، لېكىن نۇرغۇن دەرسلىكلەر ۋە قورال كىتابلاردا كونكرېت ئۆلچەملەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان ئەمەس.

ھېكايىچىلىقنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى بولغان ئېدگار ئاللان پوئى ھېكايە ژانىرىنىڭ ئۆلچىمىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ ھېكايىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر ئولتۇرۇپ قويۇشتىلا كىتابنى قولدىن چۈشۈرمەي ئوقۇۋەتكۈدەك بولسىلا بولىدۇ، ئادەمنىڭ كۆزى تېلىپ بىردەم كىتابنى قويۇپ دەم ئېلىشقا توغرا كەلسە ياكى بىرلا قېتىمدا ئوقۇۋېتىشتىن زورۇقۇش ھېس قىلسا، ئۇنىڭ ژانىرى ھېكايىدىن ئۇزۇن باشقا ژانىرلارغا تەۋە بولىدۇ دەپ قارىغانىدى. بۇ ئۆلچەم دۇنيا ساھەسىدە ھازىرغىچە ئورتاق قوللىنىلماقتا. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھەجمىنىڭ قانچىلىك سۆز ياكى قانچىلىك خەت بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق كېسىم يوق، لېكىن كىشىلەرنىڭ مۆلچەرىدە بۇ ئۆلچەم ناھايىتى ئېنىق. ئادەتتە 10 مىڭ سۆز، خەنزۇچە 20 مىڭ خەت ئەتراپىدىكى ياكى ئۇنىڭدىن ئاز ھەجىمدىكى ئەسەرنى كىتابخان بىرلا قېتىمدا ئوقۇۋېتىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە، قولدىن چۈشۈرگۈسى كەلمەيدىغان بەك قىزىقارلىق كىتاب بولمىسىلا چارچاپ قالىدۇ. شۇڭا 10 مىڭ سۆزدىن ئېشىپ كەتكەن ئەسەرنى پوۋېست دېيىشكە بولىدۇ. پوۋېست بولسا ھېكايىدىن چوڭ، روماندىن كىچىك بولغان ژانىردۇر. رومانىنىڭ ھەجمى توغرىسىدا كۆپىنچە تەتقىقاتچىلار ۋە نەشرىيات خادىملىرى قوبۇل قىلغان قاراش ئەنگلىيەنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيەچىسى ئېدۋارد فوستېرنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات نەزەرىيەسىدىكى نوپۇزلۇق كىتابى «رومانىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى» ناملىق كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۆلچەم بولۇپ، ئۇ رومان ئەڭ كىچىك بولغاندىمۇ 50 مىڭ سۆزدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك دەپ قارىغان. خەنزۇچە مەتبۇئات

لاردا بولسا يۈز مىڭ خەت ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم قى-
لىنماقتا. 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا جياڭ شې-
يەنلياڭنىڭ «ئەرنىڭ يېرىمى ئايال» دېگەن ئەسى-
رىنى رومان ياكى پوۋېست دېيىش ھەققىدە مۇنا-
زىرە بولغاندا، كۆپلىگەن كىشىلەر ئېدۋارد فوس-
تېرنىڭ ئۆلچىمىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنى
خەنزۇ تىلىنىڭ ئادىتىگە بويسۇندۇرۇپ يۈز
مىڭ خەتتىن ئىبارەت ئەڭ تۆۋەن چېكىنى ئوتتۇ-
رىغا قويۇپ، بۇ ئەسەرنى رومان دېيىشكە بولىدى-
غانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇرگەن.

ئۇنداقتا بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رومان،
پوۋېست ۋە ھېكايىلەرنى قانداق ئايرىشىمىز
لازىم؟

ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر مەتبۇئاتىدا ئە-
سەرنىڭ ھەجمىنى ئۆلچەشتە ئورتاق تونۇش بار-
لىققا كەلمەيۋاتىدۇ. بەزى مەتبۇئات ئورۇنلىرى
خەنزۇچە مىڭ خەت ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىن-
سا چوڭ 32 فورماتتا ئىككى بەت بولىدۇ دەپ
قاراپ، بىر بەتنى 500 خەت ھېسابلايدىغان ئۆل-
چەمنى قوللانماقتا. مېنىڭچە خەنزۇچە ئۆلچەم
ياپون، كورېيە قاتارلىق تەسۋىرىي يېزىقتىن ئۆز-
گەرگەن خەتلەرنى ئىشلىتىۋاتقان مىللەتلەرگە
دەل چۈشىدۇ، ئېلىپبەلىك يېزىق بولغان
ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ھەجمىنى دەل
ئىپادىلىيەلىشى ناتايىن. چۈنكى خەنزۇچە مىڭ
خەت ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنسا چوڭ 32
فورماتتا ئىككى بەت بولىدۇ دەپ ھېچكىم ئېنىق
بېكىتەلمەيدۇ. بەزىدە تەرجىمان سۆز ئىشلىتىش-
كە ماھىر بولسا خەنزۇچە مىڭ خەت ئۇيغۇرچى-
غا تەرجىمە قىلىنسا، چوڭ 32 فورماتتا بىر بەت
چىقىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا بۇنداق ئۆلچەم
پەقەت تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ ھەجمىنى ئۆلچەش-
كە ماس كېلىدۇ.لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا ئىجاد قى-
لىنغان ئەسەرنى ئۆلچەشتە مېنىڭچە يەنىلا دۇن-
يادىكى ئېلىپبەلىك يېزىق قوللىنىدىغان مىللەت-
لەرگە ئوخشاش سۆزنى ساناشنى ئاساس قىلىش
مۇۋاپىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى كىتابلارنىڭ
بېتى كومپيۇتېردا ياسىلىدۇ، شۇڭا كومپيۇتېردا
نەچچە سۆز ئىكەنلىكىنى ھېسابلاشمۇ نەچچە
سېكۇنتتىلا تاماملىنىدىغان ئاسان ئىش. شۇڭا
بىر ئەسەرنىڭ رومان، پوۋېست ياكى ھېكايە ئى-
كەنلىكىنى بېكىتىشتە خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە
50 مىڭ سۆزدىن ئاشسا رومان، 10مىڭ سۆزدىن
تۆۋەن بولسا ھېكايە، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا
بولسا پوۋېست قارىساق بولىۋېرىدۇ.

ئەمدى بىز ئۇيغۇر تىلىدا رومان نەشر قىلىن-
غان بەزى ئەسەرلەرنىڭ رومان بولىدىغان - بول-
مايدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى:

مەن كونكرېت رومانلارنىڭ سۆزىنى ئىستا-
تىستىكا قىلىپ چىقالمىدىم، چۈنكى كۆپىنچە
رومانلارنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىسىنى تېپىش
ئانچە قولايلىق ئەمەس، كىتابنىڭ بېتىنى بىر -
بىرلەپ ئۆرۈپ سۆز سانىنى ساناپ چىقىش بى-
ھۇدە ئاۋارىچىلىك. لېكىن بەت سانىغا قاراپ مۆل-
چەرلەشمۇ تەس ئەمەس. مەن بەزى نەشرىيات ئو-
رۇنلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، بەزى كىتابلارنىڭ
ئېلېكترونلۇق نۇسخىسىنى تېپىپ ئىستاتىستى-
كا قىلىپ چىقتىم. مەسىلەن: 2006 - يىلى مىل-
لەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇي-
غۇرلاردا شامانىزم» ناملىق كىتابتا جەمئىي 51
مىڭ 575 سۆز بار بولۇپ، ئېدۋارد فوستېر ئوت-
تۇرىغا قويغان ئۆلچەمدىن ئاران بىر يېرىم مىڭ
سۆز ئارتۇق. دېمەك 306 بەتلىك بۇ كىتابنىڭ
ھەجمىگە قاراپ شۇنداق خىيالغا كېلىمىزكى،
رومان ئۆلچىمىگە يېتىش ئۈچۈن پىروزا ئەسىرى
28 قۇردىن تىزىلغان 300 بەتتىن تۆۋەن بولماسلى-
قى كېرەك. 300 بەتتىن تۆۋەن بولسا ئۇنى
پوۋېست دەپ ئاتىساقمۇ بولىۋېرىدۇ. شۇ نەرسە
ئېنىق بولۇش كېرەككى، بىر ئەسەرنى رومان
دەپ ئاتاپ قويغانغا قالتىس ئەسەر بولۇپ،
پوۋېست دەپ ئاتاپ قويغانغا دەرىجىسى تۆۋەن-
لەپ كەتمەيدۇ. بەزى ئەسەرلەرنىڭ ھەجمى كى-
چىكرەك بولسا، ئۇنى پوۋېست دەپ قويغانغا
قىممىتى چۈشۈپ كەتمىگەندەك، ئۇنى كۆز-

ـمىزنى يۇمۇۋېلىپلا رومان دەپ ئاتىۋېلىشىمىزنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى نورمالسىز رومان قىزغىنلىقىنىڭ تەسىرىدىن، ھېكايىنى پوۋېست، پوۋېستنى رومان دەپ ئېلان قىلىدىغان ئىشلار ئەدەبىي تەرجىمىچىلىك ساھەسىدىمۇ كۆرۈلمەكتە. مەسىلەن: «ياشا ھەم ئېسىڭدە ساقلا» ناملىق ئەسەر 1986-يىلى نەشر قىلىنغاندا «پوۋېست» دەپ نەشر قىلىنغانىدى. لېكىن 1999-يىلىدىكى قايتا باسمىسىدا تىتۇلغا ئالاھىدە قىلىپ «رومان» دېگەن سۆز بېسىلغان، لېكىن كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدىكى «پوۋېست» دېگەن سۆزنى ئۆزگەرتىش ئۇنتۇپ قېلىنغان. بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەقىقەتەنمۇ رومان دەپ ئاتىغۇدەك چوڭ، لېكىن خەنزۇچىسىغا قارىساق 200 بەتكە يەتمەيدۇ. دۇنيا ئەدەبىياتى ژۇرنىلىدىمۇ ھېكايىلەرنىڭ پوۋېست دەپ، پوۋېستلارنىڭ رومان دەپ ئېلان قىلىنغانلىقىنى دائىم ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بەزى تەرجىمانلار سۆزنى ئايىماي ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئىنگلىزلار جۈملىلەردە ئوخشاش مەزمۇندىكى سۆزلەرنى ھەرگىزمۇ تەكرارلاپ سالمايدۇ. شۇڭا بەزى ئىنگلىزچە كىتابلار خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنسا ھەجمى بىر ھەسسە كۆپىيىپ كېتىدۇ، خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنسا ھەجمى خەنزۇچىدەك ئىككى ھەسسە چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىنگلىزچىدىكى 100 بەتلەر ئەتراپىدىكى بىر ئەسەر ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنسا 400 بەتكە يېتىپ قالىدۇ. بىز ئەلۋەتتە ئېدۋارد فوستېرنىڭ ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىپ بىر ئەسەرنىڭ رومان، پوۋېست ياكى ھېكايە ئىكەنلىكىگە ئىنگلىز تىلىدىن تەرجىمە قىلىنىشى بويىچە ھېسابلىساق 300 بەتلەر ئەتراپىدىكى 50 مىڭ سۆزلۈك ئەسەر خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنسا 500 بەتلەر ئەتراپىدا چىقىدۇ، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنسا مىڭ بەتكە يېتىپ قالىدۇ. شۇڭا بىرەر ئەسەرنىڭ رومان، پوۋېست ياكى ھېكايە ئىكەنلىكىنى بەلگىلەشتە ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە قاراپ تۇرۇپ باھا بېرىشكە بولمايدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رومانلارنىڭ سانى تېخى بىزنىڭ كىتابخانلىرىمىز بەزى رومانلارنى ئۇنتۇپ قالغۇدەك كۆپ بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخ ئېقىنىدا يەنە نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر بارلىققا كېلىپ، بەزى رومانلار كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن تامامەن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن. نورمال مەتبۇئات قائىدىسى بويىچە تىزسا 100 بەت ئەتراپىدا چىقىدىغان بىر ئەسەرنى نەشرىيات سودىگىرىنىڭ خەتلەرنى شالاڭلىتىپ 300 بەتكە تىزدۇرۇپ رومان دەپ نەشر قىلدۇرغىنى بىلەن، ئەسەرنىڭ سۈپىتى ياخشى بولمىسا بەربىر ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. يەنىلا خەلقنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالغان قىسقا بىرەر ھېكايە، بىرەر پارچە شېئىر، ھەتتا بىر پارچە رۇبائىي كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئۆلمەس ئەسەرگە ئايلىنىشى مۇمكىن.

(ئاپتور مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى كۆتۈپخانىسىدا)

مۇھەررىر **مۇھەممەدئەيسا ئۆزئەرك**

www.uyghurkitap.com




(سۆهبەت خاتىرىسى)

**سوئال:** ئېزىز ساۋۇت ئاكا، سىز ئىجادىيەت هاياتىڭىزدا نۇرغۇن هېكايە، پوۋېستلارنى يازدىڭىز، كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى توپلاپ نەشر قىلدىڭىز، بولۇپمۇ ئادەمنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان، ئۆزگىچە «راست ئىشلار خاتىرىسى» ژانىرىدىكى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدىڭىز. مەن سىزنىڭ هايات پائالىيىتىڭىزگە، ئىجادىيەت ئىشلىرىڭىزغا قىزىقىمەن. سۆهبىتىمىزنى ئالدى بىلەن سىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىڭىزدىن باشلىساق قانداق؟

**جاۋاب:** ئېزىزجان ئىنىم، ئالدى بىلەن سىزنىڭ پېقىرنى ياد ئەتكەنلىكىڭىزگە، هۆرمەتلەپ ئەدەبىي سۆهبەت ئۇيۇشتۇرغانلىقىڭىزغا چىن قەلبىمدىن رەهمەت ئېيتىمەن.

مەن 1943-يىلى 5-ئايدا ئاقسۇ شەهرىدە بىر قاسساپ ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپتىكەنمەن. بىز ئىككى بالا بولۇپ، مەن ئوغۇلنىڭ كەنجىسى ئىدىم. دادام گەرچە ئادەتتىكى قاسساپ بولسىمۇ، شۇ زامانغا لايىق، دىنىي ئەقىدىسى كۈچلۈك، ئەخلاقلىق، ئوقۇمۇشلۇق، ئەل-جامائەتنىڭ هۆرمىتىگە سازاۋەر تەقۋادار بىر مۇسۇلمان ئىدى. ئازادلىقنىڭ هارپىسىدا دادام مېنى ساۋاتسىز قالمىسۇن، دەپ دىنىي مەكتەپكە بەردى. مەكتەپكە بېرىپ ئالتە ئايدىن كېيىن جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلدى. يېڭى هۆكۈمەتنىڭ كادىرلىرى مېنى يېڭىچە پەننىي مەكتەپكە تاللاپ ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆسمۈرلۈك دەۋرىم يېڭى تۇرمۇش مۇهىتىدا، يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇش بىلەن ئۆتتى.

مەن باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەندىن باشلاپ ئەدەبىياتقا ئوتتەك قىزىقىشقا باشلىدىم. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى، چەت ئەل ۋە ئۆز ئاپتورلىرىمىز يازغان تۈرلۈك ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قورساقنىڭ ئاچقىنىنىمۇ ئۇنتۇپ ئوقۇيتتۇم. ئەسەردىكى ۋەقەلىك، پېرسوناژلار مېنى رام قىلىۋېلىپ، قەلبىمنى لال قىلاتتى. توۋا، يازغۇچى-شائىرلار بۇ ئەسەرلەرنى قانداق يازىدىغاندۇ؟ دەپ ئۆز-ئۆزۈمگە سوئال قو-

ياتتىم ھەم ئايغى چىقمايدىغان خىياللارنى سۈرۈپ مۆڭلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتىم.

ئەدەبىياتنىڭ، كىتاب ئوقۇشنىڭ خاسىيىتىدىن بولسا كېرەك، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە مەكتەپنىڭ تام گېزىتلىرىگە شوئار ۋە تەشەببۇس خاراكتېرىدىكى ئىجادىي شېئىر-قوشاقلارنى يېزىپ تۇرىدىغان بولدۇم. شۇ چاغلاردا ئەدەبىي كىتابلار يەنىلا مېنىڭ مەنىۋى دۇنيايىمنى ئاۋۇندۇرىدىغان ئەڭ قەدىردان «ئاشىقىم» ئىدى. مۇئەللىم دەرس سۆزلەۋاتسا پارتا ئىچىگە كىتابنى قويۇۋېلىپ ئوقۇپ ئولتۇراتتىم. كەسپىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارغاندىن كېيىن ئۆزۈم كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە ھېس قىلغان ئىشلارنى تېما قىلىپ شېئىر، ھېكايە يازىدىغان بولدۇم.

**سوئال:** تۇنجى ئەسىرىڭىزنىڭ دۇنياغا كېلىش جەريانى ئېسىڭىزدىمۇ؟

**جاۋاب:** تۇنجى ئەسىرىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. تۇنجى شېئىرىم «سالام ئۆكتەبىر» «تارىم» (شۇ چاغلاردىمۇ بۇ ژۇرنال «تارىم» نامى بىلەن چىقىرىلاتتى) ژۇرنىلىنىڭ 1958-يىللىق 10-سانىدا، تۇنجى ھېكايەم «يارەدەم» «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1959-يىللىق 8-سانىدا ئېلان قىلىندى. بۇ ئەسەرلىرىم تەسىرات خاراكتېرىدە يېزىلغان، ھەممە تەرەپتىن ئاددىي-ساددا بولسىمۇ، ئەسىرىمنىڭ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىشى، بولۇپمۇ «تارىم»دىن ئىبارەت ئانا ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىشى، ماڭا ئالەمچە شادلىق، زور ئىلھام ئاتا قىلغانىدى. شۇ ئىلھامنىڭ تۈرتكىسىدە يېڭىباشتىن غەيرەتكە كېلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ جاپالىق كوچىسىغا كىرىپ كەلگەنىدىم.

**سوئال:** سىز دەسلەپتە ئىجادىيەتتە ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئوزۇق ئالغانلىقىڭىزنى ئېيتتىڭىز، سىزدىن شۇنى سوراپ باقسام، ئۆزگە مىللەت ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ ئىجادىي ئىشلىرىڭىزغا تەسىر كۆرسەتكەنمۇ؟

**جاۋاب:** گەپنىڭ نەق ئۆزىنى دېيىشتىن بۇرۇن، تەسىر كۆرستىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئازراق توختالغۇم كېلىۋاتىدۇ. مېنىڭ ئۇستامۇرلۇك، يىگىتلىك دەۋرىم، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزىققان ۋە كىرىشكەن چاغلىرىم يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ، خەلق ھاكىمىيىتى يېڭى ئىشقا كىرىشكەن ۋە ئېلىمىزنى سوتسيالىستىك جەمئىيەتكە يېتەكلەشتەك جاپالىق باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت جەھەتتە قويۇق ئالاقە قىلىۋاتقان بىر ۋاقىتقا توغرا كەلدى. ئۇ مەزگىللەردە سوۋېت تەرەپتىن مەدەنىيەت-مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتكە دائىر كىتابلار دىيارىمىزغا تۈركۈملەپ كىرىشكە باشلىدى. بۇنداق ياخشى مۆھتەت ياشلارغا بەلگىلىك ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيانى تونۇش، ئىلگىرىلەش روھىنى ئۇرغۇتقانىدى. بۇنىڭغا كۆز يۇمغىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى، رۇس ۋە باشقا مىللەت ئەدىبلىرىنىڭ ئىجابىي تەسىرىنى، تۆھپىسىنى يوققا چىقىرىۋەتكىلى بولمايدۇ.

ئەمدى گەپنىڭ ئۆزىگە كېلەي، ماڭا تەسىر كۆرسەتكەن ئەسەرلەر ھومېرنىڭ «ئىلياد»، «ئودىسسا» داستانى، لېف. تولستوينىڭ «ئاننا كارېننا»، «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «تىرىلىش»، «ھاجى مۇرات» قاتارلىق ئەسەرلىرى، پۇشكىننىڭ «كاپىتان قىزى» داستانى، «يېۋگېنى-ئونېگىن» ناملىق شېئىرىي رومانى، چېخوفنىڭ ھېكايىلىرى، گوگولنىڭ «ئۆلۈك جانلار»، «تاراس بولبا»، «رېۋىزور» قاتارلىق ئەسەرلىرى، دوستويېۋسكىنىڭ «جىنايەت ۋە جازا» رومانى، ماكسىم گوركىينىڭ «ئانا» رومانى، «كىشىلەر ئىشىكىدە»، «بالىلىق دەۋر» قاتارلىق تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى، شولوخوفنىڭ «تىنچ دون»، «ئېچىلغان تىڭ» رومانى بىلەن «بىر ئادەمنىڭ تەقدىرى» ھېكايىسى، ئالېكساندر ديۇمانىڭ «گراف مونتې-كرىستو»، سېتېندالنىڭ «قىزىل ۋە قارا»، مۇپاس-

ـسانىنىڭ «ھايات»، ۋىكتور ھيۇگونىڭ «پاجىئەلىك دۇنيا»، ياشار كامالنىڭ «مۇھەممەد ئاۋاق»، مۇختار ئەۋېزوفنىڭ «ئاباي»، «ئاباي يولى» قاتارلىق ئەسەرلىرى، ئەزىز نەسىنىنىڭ ھېكايىلىرى، رابىندرانات تاگورنىڭ نەسرلىرى، لۇشۈننىڭ ھېكايىلىرى مېنىڭ ھاياتىمغا، روھىمغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

**سوئال:** سىزنىڭ «گاچا قىزنىڭ قەلبى» ناملىق ئەسىرىڭىز مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. بۇ ئەسىرىڭىزنىڭ ئىجاد قىلىنىش جەريانى ھەققىدە توختىلىپ باقامسىز؟

**جاۋاب:** مەن «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئىشلەشتىن ئىلگىرى يېزا خىزمىتىنى ئىشلەيتتىم. مەن بارغانلا يېزىلاردا ئادەمگە كۈچلۈك تەسىر قىلىدىغان تۈرلۈك ۋەقە-ھادىسىلەر يۈز بېرىپ تۇراتتى. مەن بۇ ھېكايىنى مەلۇم كەنتتە بولغان ۋەقەنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ يازغان، بۇ ھېكايىنى راست ئىشلار خاتىرىسى دېسە بولىدۇ.

مەلۇم كەنتتە بىر گاچا قىز بار ئىكەن. بىر ئىستۇدېنت ئوغۇل ئۇ قىزنىڭ گاچىلىقىنى بىلىپ، كۆڭلىنى خۇش قىلماقچى بولىدۇ ۋە قىزغا قوپال مۇئامىلە قىلىدۇ. كىشىلىك غۇرۇرى، ئىززەت-ھۆرمىتى قاتتىق خورلانغان قىز ئۇنىڭ ھارام خىياللىرىنى قەتئىي رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىپپەت-نومۇسىنى، پاكىز، گۈزەل جىسمىنى قوغدايدۇ. پەلەكنىڭ كاج قىسمىتىگە دۇچ كەلگەن بۇ گۈزەل «گاچا قىز» ئۆزىگە ئەر چىقمىسىمۇ، ئۆز قەدىر-قىممىتىنى ساقلاپ، پاك پېتى تۇپراققا كىرىپ كېتىدۇ. كىشىنى ھاياجانغا سېلىپ، ھېسداشلىقىنى قوزغايدىغان بۇنداق تېپىنى يازماي بولامتى !؟ مەن بۇ ھېكايىنى يىغلاپ تۇرۇپ يازغانىدىم. «گاچا قىزنىڭ قەلبى» جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، بىر ئوبزورچى ئىنىم «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدا ئوبزور ئېلان قىلىپ ياخشى باھا بەردى. سىزگىمۇ ياخشى تەسىر بەرگەن بولسا، مەن تېخىمۇ خۇش بولدۇم.

**سوئال:** سىز كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى مەشھۇر ئەسەرلەرنى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى توپلاپ، بىر نەچچە كىتابنى نەشر قىلدۇردىڭىز. مۇشۇ كىتابلارنى يورۇقلۇققا چىقىرىش جەريانىنى سۆزلەپ بېرەمسىز؟

**جاۋاب:** بايام دەپ ئۆتكىنىمدەك، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى مېنىڭ ئىجادىيەت يولىغا مېڭىشىمغا ئەڭ بۇرۇن تەسىر كۆرسەتكەن. دادام ئۆيدە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى دىن ۋە پەلسەپەگە ئائىت كىتابلارنى، قوليازمىلارنى ساقلايتتى. كىچىكىمدىنلا چاغاتاي تىلىنى ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىپ، شۇ يېزىقتىكى كىتابلارنى ئوقۇيتتۇم. مەدداھلاردىن تۈرلۈك تېمىدىكى خەلق قوشاقلىرىنى، مەسەللەرنى، چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ قانمايتتىم. بەزى چاغلاردا مەكتەپكە بارماي، سەيدۇللا موللام دېگەن مەدداھ كىشىنىڭ ئالدىغا ئولاشقان جامائەت توپىغا قىسىلىپ كىرىپ، «شاھنامە»، «جەمشىتنامە»، «قەھرىمانى قاتىل»، «ئەمىر ئابا مۇسلىم»، «شەھىدى زەمچى» قاتارلىق جەڭنامىلەرنى ئاڭلايتتىم. شۇنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، مېنىڭ يۈرىكىمدە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، ساقلاشقا بولغان ئېغىر بىر مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۆتۈرۈلدى. شۇڭا مەن ئىزچىل تۈردە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەر ۋە ماتېرىياللارنى يىغىپ توپلاپ كەلدىم. ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ مىراسلار بىر مىللەتنىڭ، بىر قوۋمنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، ئەدەبىيات-سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، شۇ قوۋم، شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ساپاسىنى، قىممەت قارىشىنى، دۇنيا قارىشىنى، ئەنئەنىسىنى، ياشاش شارائىتىنى، تارىخي ئورنىنى بەلگىلەشتىكى مۇھىم ھالقا. مەنـ

ۋى مىراسلارنى يورۇقلۇققا چىقىرىپ، ئەللەرگە تونۇتۇش قەلەم ساھىبلىرىنىڭ ۋىجدانىي مەسئۇلىيىتى. يىغىپ توپلىغان مىراسلارنى روياپقا چىقىرىش ئارزۇيۇم مەن «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىغا مۇھەررىر بولۇپ يۆتكىلىپ كەلگەندىلا رېئاللىققا ئايلاندى.

1979-يىلىنىڭ باشلىرى باشلانغان ئىسلاھات باشقا ساھەلەرگە ئوخشاش ئەدەبىيات-سەنئەت، مەدەنىيەت، نەشرىيات ساھەسىنىمۇ جانلاندۇردى. يازغۇچى-شائىرلىرىمىزنىڭ كۆڭلىگە ئازادلىك، ئىجادىيىتىگە ئىلھام ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. مەن بۇ ئەۋزەل پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا مەخسۇس ئىستون ئېچىپ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى بەردىم. ھەرقايسى جايلاردىكى ئاپتورلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ، ئۇلار ئەۋەتكەن ئەسەرلەرنى ژۇرنالدا ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە، چاپ-قوليازمىلارنى نەشرگە تەييارلاتقۇزۇپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردۇق. شۇنداق قىلىپ كۆپلىگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر ئەسەرلەر قوتقۇزۇلۇپ قېلىنىدى. ئۆزۈممۇ قىزغىنلىق بىلەن «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» (7-قىسىم)، «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى» (7-قىسىم)، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (7-قىسىم) قاتارلىقلارنى توپلاپ نەشر قىلدۇردۇم. «ئەمىر تۆمۈر كورگانى ھەققىدە قىسسە»، «مەسنەۋى خاراباتى»، «دىۋان قارى» قاتارلىق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق مەشھۇر بايلىقلارنى چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىن نەشرگە تەييارلاپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردۇم.

**سوئال:** سىز ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە ۋەقە-ئىشلار تېما قىلىنغان نۇرغۇنلىغان راست ئىشلار خاتىرىسىنى كەينى-كەينىدىن ئېلان قىلدىڭىز. سىز قانداقسىگە راست ئىشلار خاتىرىسىگە قىزىقىپ قالغانتىڭىز؟

**جاۋاب:** مېنىڭ قەلەمنى قولۇمغا ئېلىپ يېزىقچىلىق قىلىپ يۈرگىنىمگە 52 يىل بوپتۇ. يېقىنقى يىللارغىچە شۇنچە كۆپچىسەممۇ، ھېكايە، پوۋېستتىن ئاشالماپتىمەن. يازغانلىرىمنىڭ ئىچىدە بىر قانچە ھېكايە، پوۋېستىم ئۆزۈمگە يارايدۇ. باشقىلىرى ئادەتتىكىدەك بىلىنىدۇ. ئوقۇرمەنلەرگە قانچىلىك يارىدى بىلمەيمەن، ئەسەرلىرىمنى ماختاپ يېزىلغان ئوبزورلارغا قاراپ «ھە، بىرئاز ياخشى يازغان ئوخشايمەن» دەپ قالىمەن ـ شۇ!

ھېكايە، پوۋېستلارنى يېزىپتىمەن. ئەمدى پىروزىنىڭ يىرىك ژانىرى بولغان رومانغا تۇتۇش قىلىپ باقاي دەپ، ئايىغى چىقماس خىياللارنى سۈرۈپ يۈرگەن يىللاردا، بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىز ئىجادىيەت سالمىقىنى بۇراپ، رومان ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ، رومانلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن نەشر قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رومان يېزىش داغدۇغىسىنى قوزغىۋەتتى. بۇنىڭغا قاراپ، مېنىڭ رومان يېزىش ھەۋىسىم تېخىمۇ كۆچەيدى. بىر قانچە رومانغا لايىھە تۈزۈپ، كۆڭلۈمدە پىشۇرۇپ يازاي دېگەندەك، كاللامغا ئۇشتۇمتۇت بىر خىيال كېلىپ قالدى. «ئېزىز ساۋۇت، سەن راستىنلا رومان يازالامسەن؟ رومان يازغۇدەك ھالىڭ بارمۇ؟ يازغىنىڭ تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەمدۇ؟» دەپ، ئۆز-ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم. ئاخىر ئۆزۈمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىقتىدارىمنى دەڭسەپ كۆرۈپ، رومان يېزىشتىن يالتايدىم. مېنىڭدە رومان يازغۇدەك قەلەم قۇۋۋىتى يوق ئىكەن. يېشىم چوڭىيىپ تەپەككۇر ئىقتىدارىم ئاجىزلاپتۇ. رومان شوتىسىنىڭ بالداقلىرىغا ئېسىلىپ قېلىپ يا چىقالماي، يا چۈشەلمەي پۇلاڭشىپ قالغۇدەكمەن.

دەردى تولا، لېكىن دەرمانى يوق ئىجادىيەت ئىشقىم قەلبىمنى تاتىلاپ، ھېچ ئارام بەرمەي، مېنى بىر نەرسە يېزىشقا ئۈندەپلا تۇراتتى. نېمىنى يازسام بولار؟ كۆڭلۈمگە كۆپىيىدە مەن

بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن ۋە ئاڭلىغان بىر قانچە ۋەقە-ھادىسىلەرنى ئەدەبىي شەكىل بىلەن خاتىرىلەپ قوياي، قولۇمدىن كېلىدىغان ئىشنى قىلاي، دېگەن ئوي كەلدى-دە، يېزىشقا چۈشتۈم. يازغانلىرىمغا دەسلەپتە «سەرگۈزەشتە»، «كەچمىش» دەم نام قويدۇم. ئەسلىمە ياكى ئەدەبىي ئاخبارات دەي دېسەم، مېنىڭ يازغىنىم ئانچە-مۇنچە دىيالوگ، ئاپتورنىڭ ھېس-ھاياجانلىرى، چۇقانلىرى مەلۇم تەلەپكە ماسلاشقان، سان-سىپىرلىق بايانلارغا تولغان دوكلات ئەمەس. شۇڭا بىر مەزگىل «سەرگۈزەشتە»، «كەچمىش» ئاتالغۇسى بىلەن ئاتاپ، ھەرقايسى مەتبۇئاتلارغا ئەۋەتتىم، بەزى ژۇرناللار «ئەسلىمە»، يەنە بەزى ژۇرناللار «ئەدەبىي خاتىرە» نامى بىلەن ئېلان قىلىشتى.

بىر مېھماندارچىلىق سورۇنىدا ئىجادىيەت توغرۇلۇق گەپ-سۆز بولۇپ قالدى. شۇ جەرياندا ياش يازغۇچى ئابباس مۇنىياز مۇئەللىمنىڭ ئاغزىدىن پۇسۇقىدە «راست ئىشلار خاتىرىسى» دېگەن ئاتالغۇ چىقىپ قالدى. بۇ ئاتالغۇ ماڭا يېقىملىق تۇيۇلۇپ، يېزىۋاتقانلىرىمغا مۇشۇ نامنى قويسام مۇۋاپىق بولغۇدەك دەپ، شۇ نامنى قويدۇم. ژۇرناللار بىر مەزگىلگىچە يەنىلا «ئەسلىمە»، «ئەدەبىي خاتىرە» دەپ ئېلان قىلىشتى. مەن «راست ئىشلار خاتىرىسى» نامىدا ئەۋەتىۋەردىم... ئاخىر «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى «راست ئىشلار خاتىرىسى» دەپ ئاتىساقمۇ بولىدىكەن، بىز ھەمىشەملا باشقىلارغا تەقلىد قىلىپ ئۆتىمىزمۇ؟ مۇشۇ نامنى بېكىتەيلى، دېگەن تونۇشقا كېلىپ، كېيىنكى ئەسەرلىرىمگە مۇشۇ نام بىلەن ئورۇن بەردى. مەزكۇر ژۇرنال مەخسۇس «راست ئىشلار خاتىرىسى» سەھىپىسىنى ئېچىپ ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۆشۈكى، ئانا ژۇرنال «تارىم» ۋە «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى»، «كىروران» قاتارلىق يەرلىك ژۇرناللارمۇ ئاشۇ نام بىلەن ئىجادىيىتىمگە ئورۇن بېرىپ كەلمەكتە. مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈمى ئەسەرلىرىمگە جىددىي قاراپ «نۇرخان ئاچام»، «ۋاپادار ئىت» ناملىق ئىككى راست ئىشلار خاتىرىسى كىتابىمنى نەشر قىلىپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. قانات بولمىسا ئۇچقىلى بولمايدۇ. ھەرقايسى ئەدەبىي ژۇرناللار، نەشرىياتلار ماڭا قانات بولدى. شۇڭا تارىخىي مەسئۇلىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ماڭا ئىلھام، مەدەت بەرگەن ئاشۇ ژۇرناللارنىڭ، نەشرىياتلارنىڭ جاپاكەش مۇھەررىرلىرىگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

**سوئال:** ئېزىز ساۋۇت ئاكا، سىزنىڭ «نۇرخان ئاچام»، «ۋاپادار ئىت» ناملىق توپلىمىڭىزدىكى ئەسەرلەرنى ۋە «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىڭىزنى قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقتىم، تولىمۇ تەسىرلىك ۋە ئۆزگىچە يېزىلىپتۇ. سىز بۇ ئەسەرلەرنى يېزىشتا بىۋاستە بېشىڭىزدىن كەچۈرگەن ۋەقە-ئىشلارنى ئاساس قىلدىڭىزمۇ؟

**جاۋاب:** مەن راست ئىشلار خاتىرىلىرىمنى بېشىمدىن كەچۈرگەن ئىشلارغا ئاساسەن يېزىپ چىققان. ئاز بىر قىسىملىرىنى كىشىلەردىن ئاڭلىغانلىرىم بويىچە پەردازلىماي قەلەمگە ئالغان. لېكىن راستلىقى ئەتراپلىق تەكشۈرۈلۈپ، ئىسپاتتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن پىششىقلاپ يېزىلغان. مەن بۇلارنى ھەر بىر ئەسەرنىڭ ئۆزىدە ياكى مۇقەددىمە-خاتىمىلىرىدە ئىزاھلاپ ماڭغاندىم. سىزنىڭ يازغانلىرىمنى ئېرىنمەي ئوقۇپ چىققانلىقىڭىزغا رەھمەت!

**سوئال:** سىز «نۇرخان ئاچام» ناملىق ئەسىرىڭىزنى قانداق بىر ئىلھامنىڭ تۈرتكىسىدە يېزىپ چىقتىڭىز؟

**جاۋاب:** مەن بۇ ھەقتە ئەسەرنىڭ خاتىمىسىدە قىسقا ھەم ئېنىق قىلىپ ئىزاھات بەرگەنىدىم.

سۆيۈملۈك نۇرخان ئاچام، رەزىللىك بىلەن ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلغۇچى ھەم ئېلىشقۇچى بىر قەھرىمان ئانا! ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدىن

چىققان بىر ئۆلگە! ئۇ، رەزىل كۈچنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلگەندە قورقۇپ، ئۆزىنى يوقىتىپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرماي، قارشىلىق كۆرسەتكەن، ئانىلىق جاسارىتى بىلەن رەزىل رەقىبىنى — ئوغرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلىغان ئۇلۇغ ئانا! مەن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا نۇرخان ئاچام بىلەن قوشنا ئولتۇرغانىدىم. ئۇ بىر كۈنى بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەن پاجىئەلىك باياناتلىرىنى ئاڭلاپ قۇلىقىمغا، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. مەن ئۇ ئايالغا ھاڭ-تاڭ بولغان ھالدا ئولتۇرۇپ قالدىم. چۈنكى، كەچمىشلىرىنى سۆزلەۋاتقان ئايال قانداقتۇ بەستلىك، كۈچلۈك، ۋاتىلداق بىر ئايال بولماي، ئاددىي-ساددا، ئېغىر-بېسىق، دوغىلاق، يول يۈرسە ئېزىلەڭگۈلۈك قىلىپ مىس-مىسلاپ ماڭىدىغان 55 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال ئىدى. «ئاشۇ ئايال راستىنلا زىيانكەش قاتىل، ساياق بىر ئوغرىنىڭ بېشىنى پالتا بىلەن چېپىپ ئۈزۈۋەتكەنمىدۇ؟!» دەپ ئۆزۈمگە سوئال قويۇۋاتتىم. لېكىن ئۇنىڭ شۇنداق قىلغىنى راست ئىدى. ئىنسانلار ھايات پائالىيىتىنىڭ سىر-ئەسرارلىرىنىڭ تېگىگە يېتىپ بولماق بەكمۇ تەس ئىكەن. كۈتمىگەن، ئويلىمىغان دەقىقە ئىچىدە جاسارەت جەھەتتە مۈشۈك شىرغا ئايلىنىدىكەن. نۇرخان ئاچامنىڭ دېگەنلىرىنى ئەسەردە تولۇق ئىپادە قىلدىم. شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.

**سوئال:** سىز «ۋاپادار ئىت»، «كېلەر تويىنىڭ ئارىسىدا قېلىش»، «بۆرە كۈچۈكى كۆككۆز»، «بۆرە بىلەن ئۇچرىشىش»، «بىر ئېيىق ئائىلىسىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى»، «سېرىقئېيشەك بىلەن دۇ» قاتارلىق ئەسەرلىرىڭىزدە ھايۋانلارنىڭ ياشاش ئادىتى، خۇسۇسىيىتى، تەبىئەت ۋە ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئادەمنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىنچىكە تەسۋىرلەپسىز. شۇنىڭغا قارىغاندا ھايۋانلارنى تەتقىق قىلىشقا زېھنىڭىزنى خېلى سەرپ قىلغان ئوخشىمامسىز؟

**جاۋاب:** مەن ھايۋانلارنى كۈن-تۈنلەردە تاغ-ئورمانلارغا بېرىپ، ئېتىز-داللاردا يۈرۈپ كۆزىتىپ، خاتىرىگە ئېلىپ تەتقىق قىلىدىغان تەبىئەتشۇناس، ھايۋاناتشۇناس ئەمەس. لېكىن مەن كىچىكىمدىنلا ھايۋانلارغا قىزىقاتتىم، ھېلىمۇ بۇ ئادىتىمنى تاشلىغىنىم يوق.

ھايۋانلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ ئاز يەرلىرى ئىنسانلارنىڭكىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، كۆپ قىسىم يەرلىرى ئوخشىمايدۇ. ھايۋانلار ئۆزگىچە بىر دۇنيا. شۇڭا ئۇلار ھەرقانداق بىر ئىنساننى ئاشۇ ئۆزگىچىلىكى بىلەن قىزىقتۇرىدۇ. مەسىلەن: ئىت چارۋىلارنى، مۈشۈك قوشلارنى باقىدۇ. ئىنسانلار تىلى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلەيدۇ. ھايۋانلار بولسا ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئىت خۇشامەت ۋە بىر نەرسە تەمە قىلغاندا قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىدۇ. غەزەپلەنگەندە ئېتىلىپ ئاچچىق قاۋايدۇ، قويلار قورسىقى ئاچقاندا مەرەپ دادلايدۇ، ۋەھاكازالار ...

دېمەك، ھايۋانلارنىڭ بۇ ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىگە قاراپ نېمە دېمەكچى، نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى سېزەلەيمىز. كەيپىياتىنى بىلەلەيمىز. مېنىڭ ھايۋانلار ھەققىدە يازغان راست ئىشلار خاتىرىلىرىمنىڭ مەنبەسى، ئىنچىكە تەسۋىرلەر ئاشۇ خىل ئەمەلىي ھەرىكەت «تىلى»نى چۈشىنىشتىن كەلگەن.

**سوئال:** ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، ھايۋانلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش ھازىر ئىنسانلار ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى. سىز ھايۋانلار تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلىرىڭىزنى بۇ دۇنياۋى تېمىغا ياندىشىش ئۈچۈن قەلەمگە ئالدىڭىزمۇ؟

**جاۋاب:** شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئەقلىمگە يەتكەن چاغلىرىمدىلا، ئادەملەرنىڭ تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرىدىكى رىقابەتتە مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن بىر-بىرىگە يول قويماي، ئادالەتسىزلىك، رەھىمسىزلىك قىلمىشلىرى، ئادەملەر-

نىڭ ھايۋانلارنى پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈشلىرى، ھايۋانلارنىڭ ھايۋانلارغا شەپقەتسىزلىك قىلىشلىرى، ھەتتا ئۆز بالىلىرىنى يەۋېتىشلىرى ماڭا كۈچلۈك تەسىر قىلىپ، بۇ دۇنيادىكى ئىشلارغا ھەيران قالغانىدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ تىلسىز، بىزگە دەخلىسىز ھايۋانلارغا ھېسداشلىقىم قوزغىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلارغا قىلغان مۇئامىلىسى، قاباھەتلىك قىلمىشلىرى نەپرىتىمنى قوزغاپ، ھايۋانلارغا يۇمشاق كۆڭۈل بولۇپ قالدىم.

تېلېۋىزوردا «ھايۋانات دۇنياسى» پروگراممىسىنى كۆرگىنىمدە ئادەملەرنىڭ ھايۋانلارنى رەزىللەرچە ئوۋلاۋاتقانلىقىنى، ھايۋانلارنىڭ بىر-بىرسىگە زوراۋانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، ياۋۇز شىرنىڭ ياۋاش تاغىل ئاتنى دەھشەتلىك ۋاستىلەر بىلەن يەۋەتكەنلىكىنى، تىمساھنىڭ سۇ ئىچىۋاتقان شوخ ھەم ئوماق جەرەننى تۇتۇۋېلىپ، سۇدا پالاقشىتىپ قىيناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئولتۇرالماي قالىمەن. شۇ سەۋەبتىنمىكىن سىز يۇقىرىدا سورىغان تېمىغا ماسلىشىش خاھىشچانلىقىم قوزغىلىپ قالدى. بىز مەدەنىيەتلىك بىر دۇنيادا ياشاۋاتىمىز. شۇنداق ئىكەن، ھايۋانلارنىڭ ياشاش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز، ھاياتىغا دەخلى-تەرۇز قىلماسلىقىمىز، ئۇلار بىلەن ھەقىقىي يوسۇندا ئىناق ئۆتۈشىمىز كېرەك.

**سوئال:** سىزنىڭچە راست ئىشلار خاتىرىسى قانداق بولۇشى كېرەك؟

**جاۋاب:** مەن «راست ئىشلار خاتىرىسى» ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا قادىر بولالمىدىم. يازغانلىرىمنى تەقرىز قىلالمىدىم. كۆزۈمنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىپ بارىدۇ. شۇڭا مەتبۇئاتلاردا كۆرۈنگەن ھەممە ئەسەرلەرنى كۆرۈپ بولالمىدىم. بىر نەچچە «ئەدەبىي ئاخبارات»، «ئوچېرك»، «ئەدەبىي خاتىرە»نى ئوقۇپ كۆرۈپ باقتىم. مېنىڭ يازغانلىرىم ئۇ ژانىرلارغا ئوخشىمايدىغاندەك قىلىدۇ. مېنىڭ يازغانلىرىم ھېكايىچىلىق تۈسى قويۇق، بايان تەرىقىسىدىكى خاتىرىدەك قىلىدۇ. ئەگەر «راست ئىشلار خاتىرىسى»نى «ئەدەبىي ئاخبارات»، «ئەدەبىي خاتىرە»لەر بىلەن ئوخشاش دېيىلسە، نام-ئاتاقلىرىمۇ ئوخشاش بولغان بولار ئىدى.

قايسى يىل ئىكەنلىكى ئېسىمدە يوق، ئىش قىلىپ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ مەلۇم بىر سانىدا «راست ئىشلار خاتىرىسى» ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە تاتلىق، ئىخچام، جايىدا يېزىلغان تەھرىر ئىلاۋىسى بېرىلدى. مېنىڭ يازغانلىرىم شۇ ئىلاۋىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «نەزەرىيەۋى» قاراشقا ماس كېلىدۇ. ژۇرنالنى تاپالىغان بولسام شۇنىڭدىن نەقىل ئالاتتىم. مېنىڭچە، ئىلاۋىدىكى باھا خېلى ئورۇنلۇق.

**سوئال:** سادىر تۇرسۇن نىياز ئۇدۇنلۇق ئەپەندى «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2009-يىللىق 1-سانىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، «ۋاپادار ئىت» ناملىق راست ئىشلار خاتىرىسى توپلىمىڭىزغا يۇقىرى باھا بەردى. سىز قانداق ھېسسىياتتا بولدىڭىز؟

**جاۋاب:** ماختىسا كىم خۇشال بولمايدۇ دەيسىز؟! لېكىن ماختاش، كۆتۈرۈش ياكى تەنقىدلەش سەممىي، توغرا نىيەت بىلەن بولۇشى كېرەك. ئۆز ۋەزنىدىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن ماختاش ياكى قەستەن، غەرەزلىك ھالدىكى تەنقىد، سۆكۈشلەر كىشىنى خىجالەت قىلىشقا ياكى غەزەپلەندۈرۈشكە سەۋەب بولىدۇ.

مېنىڭچە، سادىر تۇرسۇن نىياز ئۇدۇنلۇق ئەپەندىمنىڭ بۇ ماقالىسى ئاددىي-ساددا، لېكىن ئىنتايىن سەممىي نىيەتتە يېزىلغان. ئېلگىرى كۆز ئالدىمىزدىن ئۆتكەن چەكتىن ئاشقان ئاتاق، سەمىمىيەتسىزلىك بىلەن ئېيتىلغان ھەمدۇ ساناغا، كىشىنىڭ شەخسىيىتىگە تېگىدىغان ناباپ، قوپال، زەھەرخەندە تىل ئىشلىتىلگەن، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئورۇنىدىغان مۇھاكىمە، تەقرىزلەردىن تۈپ پەرقلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ماقالىنى ئوقۇپ خۇرسەن بولدۇم.

uygurkitap.com

**سوئال:** ئاڭلىسام سىز خېلى ئۇزاق ۋاقىت يېزىقچىلىقنى تاشلاپ، كېيىن يەنە تېپىۋاپتىكەنسىز ـ ھە؟

**جاۋاب:** 1966 ـ يىلى قوزغالغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا قىزىل قوغدىغۇچىلار «ئەكسىيەتچى شائىر ـ يازغۇچى» دەپ، قالپاق كەيگۈزۈپ، تولا كۈرەشكە تارتىپ، ھېچ ماجالىمنى قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات، قەلەم ۋە ئىجادىيەتتىن ئايرىلىپ 11 يىلغىچە «تەنھا» يۈردۈم.

1977 ـ يىلى 6 ـ ئاي بولسا كېرەك، ئاتاقلىق ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەد پولات بىر نەچچە كىشى بىلەن بىرلىكتە «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى نامىدىن ئاقسۇ رايونىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى ئاچقىلى كەلدى. مۇھەممەد پولات ئىلگىرى مېنىڭ «كاككۇك گۈلىنى ئەسلەيمەن» ناملىق ئەسىرىمنى ۋە باشقا ژانىردىكى ئەسەرلىرىمنى ئوقۇغان ئىكەن. ئۇ مېنىڭ يىغىنغا قاتنىششىم ئۈچۈن ئۆيۈمگە ئادەم ئەۋەتىپتىكەن، مەن بېرىشنى خالىمىغانىدىم. مۇھەممەد پولات يىغىنغا قاتناشقان قەلەمكەشلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ تۇرالغۇمغا كېپتۇ. ئۇ دولامغا قېقىپ تۇرۇپ:«سەندە ئۈمىد بار، ئۇنداق قىلماي قەلەمنى قولۇڭغا ئال، جاھانمۇ ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى ھەمدە ئۇنىمىغىنىمغا قويماي، يىغىن زالىغا ئېلىپ كىردى. مۇھەممەد پولاتنىڭ ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن بۇ يولنى يەنە تېپىۋالدىم.

مۇھەممەد پولات ئەپەندى مېنىڭ «كاككۇك گۈلىنى ئەسلەيمەن» ناملىق نەسرىمنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ «غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇردى. بۇ كىشىنىڭ قابىلىيەتلىكلەرنى بايقايدىغان، مەسئۇلىيەتچان ۋە خالىس روھى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەنىدى.

**سوئال:** سىز ئۆزىڭىزنى ھەقىقىي بىر يازغۇچى بولالىدىم دەپ قارامسىز؟

**جاۋاب:** مەن بۇ يىلنى ھېساب قىلغاندا 67 باھار ۋە قىشنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپتىمەن. تۇنجى شېئىرىم ئېلان قىلىنغاندىن بېرى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغىنىمغا 52 يىل بولدى. بۇ بىرىم ئەسىر جەريانىدا نۇرغۇنلىغان شېئىر، ھېكايە، پوۋېست، راست ئىشلار خاتىرىسى ۋە باشقا ژانىردىكى ئەسەرلەرنى يازدىم. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى دۇردانىلىرىنى رەتلەپ تۈزۈپ، بەش، ئالتە كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇردۇم. شۇنىڭغا قارىغاندا يازغۇچى بولۇپ قالغاندەكمۇ قىلىمەن. ھەقىقىي بىر يازغۇچى بولالىدىممۇ، بولالمىدىممۇ، ئەدەبىيات ئەھلى ۋە سۆيۈملۈك ئوقۇرمەنلەر بۇنىڭغا بىر نەرسە دەپ باقسۇن، ئۇلار ئەڭ ئادىل باھالىغۇچىلار.

**سوئال:** سىزنىڭ يېزىقچىلىق ئادىتىڭىز قانداق؟

**جاۋاب:** مېنىڭ تىلغا ئالغۇدەك ئالاھىدە شەكىللەندۈرگەن يېزىقچىلىق ئادىتىممۇ يوق. ياش ۋە ئوتتۇرا ياش چاغلىرىمدا كاللامغا ئىجادىيەت ئىلھامى پەيدا بولغىنىدا (بۇنداق ئىلھام كۆپىنچە يول ماڭغىنىمدا، سەپەردە، يول ئۈستىدە كېلەتتى) يازىدىغان تېمىنى ئىمكانىيەت بار قايتىلاپ كاللامغا چۈشۈرۈپ، كۆڭلۈمدە قايتا ـ قايتا پىششىقلاپ، پۇرسەت كەلگەندە ئاندىن يازاتتىم. ياش چوڭايغانسېرى ئۇنتۇغاق بولۇپ كېتىپ بارىمەن. ئويلىغانلىرىمنى، يازماقچى بولغانلىرىمنى بەش كۈنگىچە سىجىل ئولتۇرۇپ يېزىۋالمىسام ئايىغىنى تاپالمايمەن. ئۇنتۇغاقلىقىمدىن چالا يېزىلغان ھېكايە، پوۋېستلىرىمدىن نەچچىسى تاشلىنىپ ياتىدۇ.

**سوئال:** ئاقسۇ دىيارىنىڭ ئەدەبىيات مۇھىتى ۋە ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

**جاۋاب:** ئاقسۇ دىيارىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھىتى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ. كۆپلىگەن پىشقەدەم ۋە ياش يازغۇچى، شائىرلار، تەقرىزچىلەر ھازىرقى ياخشى شارائىتتىن ئىلھاملىنىپ، شېئىر، رومان، پوۋېست، ھېكايە، تەقرىز ۋە

باشقا تۈرلەردە خېلى كۆپ ئەسەرلەرنى يېزىپ، ياخشى نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئالىي مەكتەپلەردە ئەدەبىيات كەسپىدە مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن قابىلىيەتلىك ياشلار ئاپتورلار قوشۇنىغا قېتىلدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ قالماستىن، «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ۋە ئىچكىرىدىكى نوپۇزلۇق گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۆزگە مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇلدى. ئەسەرلىرى كىتاب قىلىنىپ نەشر قىلىندى. بىر قىسىم ئەسەرلەر مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر قاتارىدا باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى يازغۇچى-شائىرلارنى تەشكىللەپ ۋە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا ئىلھام، مەدەت بەردى.

**سوئال:** ھازىرغىچە قانچىلىك ئەسەر يازدىڭىز؟ قايسى ئەسىرىڭىز مۇكاپاتلاندى؟

**جاۋاب:** 1958-يىلىدىن باشلاپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان شېئىر ۋە نەسرىي ئەسەرلىرىم خېلى كۆپ. بۇنى بىر-بىرلەپ تىزىش ئەپسىز. ئىجادىي ئەمگىكىمنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى توپلام ۋە كىتابلىرىم. ھېكايە-پوۋېست توپلاملىرىم «مۇھەببەت ناخشىسى»، «مېدالىيون»، «گاچا قىزنىڭ قەلبى»، «ئالتۇن يەردە قالمايدۇ»، «گۈزەللىك يۇلتۇزى»، «ھەسەل سېتىۋېلىش» قاتارلىقلار. نەشرگە تەييارلىغان كىتابلىرىم «ئەمىر تۆمۈر كۆراگان ھەققىدە قىسسە»، «مەسنەۋى خاراباتى»، «دىۋان قارى»، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (7-قىسىم)، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» (7-قىسىم)، «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى» (7-قىسىم) قاتارلىقلار. «نۇرخان ئاچام»، «ۋاپادار ئىت» (راست ئىشلار خاتىرىسى) توپلىمىدىن كېيىن، «گۈزەل سەھرادىكى چۈش»، «بۆرە كۈچۈكى — كۆككۆز»، «تەڭرىتاغ باغرىدا» قاتارلىق راست ئىشلار خاتىرىلىرىمنى ئېلان قىلدۇردۇم. ئۇلارنى يىغىپ يەنە بىر توپلامغا تەييارلىدىم. بۇنى قايسى نەشرىيات چىقىرىپ بىرەر دەپ تەمەدە يۈرىمەن.

1982-يىلى 8-ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە چاقىرىلغان «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ 30 يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتى»دا «كاككۇك گۈلنى ئەسلەپ» دېگەن نەسرىم 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 2000-يىلى 9-ئايدا مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى مامۇتجاننىڭ خىراجەت چىقىرىشى، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئىجادىي تۆھپىلىرىم ئۈچۈن تون كىيگۈزۈلدى.

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى 2007-يىلى 5-ئايدا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 555-سان نەشر قىلىنغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ يىغىندا «تۆھپە» مۇكاپاتىغا ئېرىشتىم. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر ئەدىبلىرى» دېگەن سۈرەتلىك تەرجىمىھال قامۇسىغا كىرگۈزۈلدۇم. 2008-يىلى 6-سان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇقاۋىسىغا (2-بەت) رەسىملىك تونۇشتۇرۇلدۇم. بۇنىڭدىن باشقا ئىككى قېتىم «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشتىم. ئاقسۇ دىيارىدا ئۆتكۈزۈلگەن ھەر خىل مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرىدە «تۆھپىكار مۇھەررىر» بولۇپ باھالاندىم، ئەسەرلىرىم ئۈچ قېتىم 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

(ئېزىز ساۋۇت ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)
(ئېزىزجان خۇدابەردى شىنجاڭ ئېنېرگىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە)

مۇھەررىر **مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك**




«زېمىننىڭ چىرايىنى سارغىيىپ كېتىپتۇ دەپ، ئاقارتىپ قويغىلى ئۇپا تۆككىنىڭمۇ بۇ ئاسمان؟

ئادەملەرنى ئاشسىز قاپتۇ دەپ، تويغۇزۇپ قويغىلى ئۇن تۆككىنىڭمۇ بۇ، ئاسمان؟

ياكى يالىڭاچ يەرنى ئىسسىق ياتسۇن دەپ، ماموق تاشلىغىنىڭمۇ بۇ ئاسمان؟

يا يېشىلزارلىقنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ، كېپەن تاشلىغىنىڭمۇ بۇ ئاسمان؟

قوينۇڭدىن ئۇچۇپ چۈشتى سانسىز ئاق كېپىنەك لەيلەپ، يەردىكى ھەر بىر كىشى كۆزۈڭگە گۈل كۆرۈندىمۇ ئاسمان؟»

* * *

ئىلگىرى نەسرنى «ئەدەبىياتتىكى ئەڭ شاش ژانىر، ئۇ گويا بىر پارچە شېئىر» دېسە، ھاياجىنىمدا مايىللىقىمنى بىلدۈرۈپلا ئۇنى تېگى-تەكتىدىن تازا ھېس قىلماپتىكەنمەن، يۇقىرىقى قۇرلارنى ئوقۇپ مانا شۇ گەپنىڭ ئوبرازلىق ھەقىقىتىگە چىنپۈتتۈم. گەپ، ئادەمنى ئەنە شۇنداق چىنپۈتكۈزەلەيدىغان نەرسىلەرنىڭ يېزىلىشىدا ئىكەن! نېمىشقىكىن، ئاشۇ «كىتاب»نى قولۇمغا ئالساملا ئاۋۋال مۇشۇ پارچىلارنى ئوقۇيمەن، ئوقۇپ قانمايمەن، قانچىلاپ يېنىش-يېنىشلاپ ئوقۇغىنىم ئېسىمدە يوق! مۇشۇ پارچىلارنى ئوقۇش ئارقىلىق بىر خىل ھاياجانغا كېلىۋالىمەنىدە، ئاندىن «كىتاب»تىكى باشقا نەسرلەرنى قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇشقا كىرىشىپ كېتىمەن.

بۇ «كىتاب» ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى بەردى، ھېس قىلدۇردى، ئۆگەتتى. يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئىستىلى ۋە ئەقىدىسىنىڭ يارقىن سەمەرىسى بولغان نەسر ئىجادىيىتىدىكى ئىزچىللىقتىن ئىبارەت ئەڭ قىممەتلىك تەرىپىنى نامايان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ ئىزچىللىقنىڭ ھېكمەتكە باي ئالتۇن كۆزنىكىنى ئىشارە قىلدى. مەن يازغۇچىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيەت تارىخىغا نەزەر سالدىم. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى كىتابلىرىدا ساددا پىكىرلەر بىلەن بەكرەك جۇلالانغان ھاياجان گەۋدىلىك بولسا، ھازىرقى «كىتاب»ىدا پاساھەتلىك تىل، پىكرىي تېرەنلىك ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيە كىشىنى قايىل قىلاتتى.

مەن بۇنىڭدىن يازغۇچىنىڭ بەرىكەتلىك، ئەقىدىلىك قەلىمىنىڭ ئارىپلىق يېشىغا قەدەم قويغانلىقىنى ئاڭقىرىغاندەك بولدۇم. قىستۇرۇپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، نەسرىنىڭ شېئىرغا مايىلراق ئىكەنلىكىنى ئاپتورنىڭ ئۆزىمۇ «كىتاب »نىڭ مۇقەددىمىسىدىكى مۇنۇ بايانلىرى ئارقىلىق چەتكە قاقمىغان: «مانا شۇ گەپنىڭ تەسىرى بىلەن كېيىنكى كۈنلەردە قولۇمغا قەلەم ئالدىم، ئۆز شېئىرىمنى ــ ئۆز ئەسەرلىرىمنى يېزىشقا باشلىدىم.»

ئۇنداقتا مېنى شۇنچە چوڭقۇر تەسىرلەندۇرگەن بۇ «كىتاب» قايسى؟

ئۇ كىتاب دەل ئاتاقلىق يازغۇچىمىز ئەخمەت ئىمىن ئاكىنىڭ «جۇلدۇر كېپەن خوتۇننىڭ سادىسى» ناملىق نەسرلەر توپلىمىدۇر. بىر قېتىم سۆھبەت خاتىرىسىنى ئىشلەش پۇرسىتىدە يازغۇچىمىزنى ئىزدەپ باردىم. ئۇ ئىشخانىسىدا مېنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. بىز بىرەر قۇر ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن يازغۇچى ماڭا: «يازغۇچى دېگەن ئىجادىيەت قىلىدۇ، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى شۇ ئىجادىيەتنى چۆرىدەپ تۇرۇپ تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ، شۇڭا ئەسلىي ئۇلار جاۋاب بەرسە ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ» دېگەچ سوئاللارنى كۆرۈۋېتىپ بىردىنلا: «ماۋۇ سوئالىڭىزدىكى ‹ماكرولۇق نەسرلەر ۋە مىكرولۇق نەسرلەر› دېگىنىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بېقىڭا» دەپ سورىدى. مەن: «بۇ ھەم ھەجىمگىمۇ قارىتىلىدۇ، ھەم كۆزىتىش نۇقتىسىغىمۇ قارىتىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ: «مېنىڭ قارىشىمدا بىر پۈتۈن ئورمانلىقنى كۆزىتىپ يېزىلغان نەسر ماكرولۇق كۆزىتىش تىپىدىكى نەسر بولىدۇ، ئەگەر شۇ ئورمانلىقتىكى پەقەت بىر تۈپ دەرەخنى ياكى بىر تال گىياھنى كۆزىتىپ تۇرۇپ قەلەم تەۋرەتسەك، مانا بۇ مىكرولۇق كۆزىتىش بولىدۇ» دېدى.

دەرۋەقە بىز تىلغا ئېلىۋاتقان يازغۇچىنىڭ مەزكۇر توپلىمىدا ماكرولۇق كۆزىتىش تىپىدىكى نەسرلەرمۇ ھەم مىكرولۇق كۆزىتىش تىپىدىكى نەسرلەرمۇ بار. توپلامغا بىرىنچى بولۇپ كىرگۈزۈلگەن «سادا» ناملىق نەسرنى ماكرولۇق كۆزىتىش تىپىدىكى نەسرلەرنىڭ ۋەكىلى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. «ئەخمەت ئىمىن ‹سادا› ناملىق نەسرىدە ئەنە شۇنداق بىر مەسئۇلىيەتچان ئەدىب سۈپىتىدە مەدەنىيەت قاتلىمىمىزدىكى ئەشەددىي بىر يىمىرىلىشنى، يەنى مەدەنىيەتنىڭ ئانىسى ۋە ماددىي تاكامۇلى بولغان تەبىئەتنىڭ ۋەيران بولۇشىنى ئىچ ـ ئىچىگە پاتمىغان پىغان بىلەن كۆتۈرۈپ چىققان.» (باتۇر روزى: «نەسرچىلىكىمىزنىڭ يېقىنقى تەرەققىياتى ۋە ئەخمەت ئىمىن ئىجادىيىتى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە») «سادا» ئېلان قىلىنغاندا ئۆز ۋاقتىدىلا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، ئۇ ھەقتە مەخسۇس مۇھاكىمە يىغىنىمۇ ئۆتكۈزۈلگەنىدى. ئانا تەبىئەت ۋە ئېكولوگىيە ئېڭى يەنە بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «تۇپراق ساداسى»، «دولان دىيارىدا»، «ئېتىزلىقتىكى خىياللار»... قاتارلىق نەسرلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مۇنداقچە ئېيتقاندا بۇنى مەزكۇر توپلامدىكى ئەسەرلەرنىڭ يارقىن تېمىلىرىدىن بىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

يازغۇچىنىڭ مىكرولۇق كۆزىتىش تىپىدىكى نەسرلىرىگە ئۇنىڭ بۇ توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «بارماق ھەققىدە پاراڭ» ناملىق نەسرى ناھايىتى ئوبدان مىسال بولالايدۇ. ئىنسان يارالغاندىن تارتىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن بارماق ھەققىدە تالاي ئىنسانلار ھېكمەت تېپىپ، ئويلىنىش قىلىپ باقمىغان بولغىيتتى. ئۆتكۈر كۆزلۈك يازغۇچى كۆزىمىزگە ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ بىز ئانچە ئېرەنشىپ كەتمەيدىغان نەرسىلەردىنمۇ ھېكمەت ئىزدەشكە ماھىر كېلىدىكەن. قاراڭ، ئۇنىڭ ھەممىمىزدە بار بولغان قول بارماقلىرىدىن ھېكمەت تاپقىنىنى! يەنە كېلىپ ھېكمەت تولىمۇ ئوبرازلىق، تەسىرلىك، جايىغا چۈشكەنكى، ئۇنى دۇنيا-

غا، كىشلىك جەمئىيتىگە، كىشلىك جەمئىيىتىدىكى ئۆملۈكنىڭ قۇدرىتىگە تىمسال قىلىنغانلىقىنى كۆرمەمدىغان! مانا بۇ «قەترىگە يوشۇرۇنغان دېڭىز» ھەقىقىتى، روجەكتىن دۇنيانى كۆزەتكەندەكلا بىر ئىش. مىكرولۇق كۆزىتىش تېپىدىكى نەسرلەرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ۋە چىقىش نۇقتىسىمۇ مانا مۇشۇ. قاراڭ:

«ئۆملۈك دېگەن نېمە؟ دەپ سورىدىڭغۇ بۇرادەر. ئۇنىڭ نېمىلىكىنى مانا بارماقلىرىڭلا بىلدۈرۈۋاتىدۇ. ئۈچ بارماق بىرلەشسە قەلەم تۇتالايدۇ، بەش بارماق بىرلەشسە قىلىچ تۇتالايدۇ. بەش بارمىقىڭ چېچىلسا، ھەي ئۇنداق قىلما، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، دەپ كەينىڭگە يانسەن، بەش بارمىقىڭ تۈگۈلسە، دۈشمىنىڭنىڭ خامىرىنى يارىسەن...

ئالقىنىڭنى ئاچ بۇرادەر، بارماقلىرىڭغا قارا! بايام دېگەندەك ئۇنىڭ بوي - بەستى بىر خىل يارالمىغان: بىرى پاكار، بىرى ئېگىز، بىرى ئورۇق، بىرى سېمىز. ئۇنىڭ قاتارىمۇ تەڭشەلمىگەن: يا پاكاردىن ئېگىزگە قاراپ تىزىلمىغان، يا ئېگىزدىن پاكارغا قاراپ. سەن تەڭشەلمىگەن جاھاننىڭ تىمسالىنى بۇ تەكشىسىز قاتاردىنمۇ كۆرەلەيسەن. («بارماق ھەققىدە پاراڭ»دىن، توپلام 63 - بەت)

«ئوۋ تاماشىسى» مەزكۇر توپلامغا كىرگۈزۈلگەن نادىر نەسرلەرنىڭ بىرى. يازغۇچى نەسرنىڭ بېشىدىلا تۆۋەندىكىدەك بايانلار بىلەن ئوقۇرمەننى نەسرگە باشلاپ كىرىدۇ: «... راست، بۇ دۇنيا تاماشا دۇنياسى! ياق، تولۇقراق ئېيتقاندا بۇ ھەم تاماشا قىلىپ ئوينايدىغان، ھەم تاماشا قىلىنىۋېتىپ ئويلايدىغان دۇنيا! مەن ئوۋ تاماشايىمنى، تاماشا قىلىپ ئويناۋېتىپ ئۆزۈمچە ئويلىغانلىرىمنى سۆزلەپ بېرەي. سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارغا تۇشلۇق ئويىنغاچ، مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى ئويلاپ باقارسىلەر.» ئاندىن رەسمىي تۈردە بىر ۋەقەلىككە ئۆتىدۇ، يەنى ئوۋچىغا ھەمراھ بولۇپ ئۇنىڭ قارچىغا بىلەن ئوۋ. ئوۋلاش جەريانىدىكى كۆرگەنلىرىنى ھەمدە بۇنىڭغا يارىشا ئويلىغانلىرىنى بايان قىلىدۇ، ئاخىرىدا يەنە ئۆز مۇلاھىزىسىگە قايتىپ كېلىدۇ - دە، ئوقۇرمەننىڭ ئەقلىي دىتىغا مۇنداق مۇراجىئەت قىلغاچ نەسرىنى ئاياغلاشتۇرىدۇ: «قېنى تاماشا قىلىپ تۇرايلى ئاغىنىلەر، ئىنساب بەرسە ھەممىمىز تەڭ پۇخادىن چىقارمىز.» مېنىڭچە، بۇ خىل يېزىلىش قۇرۇلمىسىنى ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىنىڭ مەلۇم ئومۇمىيلىققا ئىگە ئالاھىدىلىكى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. «توپلام»دىكى خېلى كۆپ نەسرلەردە بىر ۋەقەلىكنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ، ئۇنىڭدىن بىر ھېكمەت كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن ئىبارەت بۇنداق ئۇسلۇب كۆزگە چېلىقىدۇ. ئەلۋەتتە «ئوۋ تاماشاسى»دا ئادەمنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلىدىغىنى ئۇنىڭدىكى ھېكمەت پايانى، بۇ خۇسۇستا ئۆز ۋاقتىدىلا ئوبزورلار ئېلان قىلىنغاچقا بۇ يەردە ئارتۇقچە توختىلىپ ئولتۇرمايمىز.

«توپلام»دا يەنە بىر باش تېما ئاستىدىكى چاتما نەسرلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇمۇ ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى بولسا كېرەك، بۇنىڭغا «سۇغا چىلاشقان تۇيغۇلار»، «ئۇر توقماق» تەمەچلىرى»، «داۋاز خىياللىرى» قاتارلىق يەنە بىر مۇنچە نەسرلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. «سۇغا چىلاشقان تۇيغۇلار» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا جەمئىي 71 پارچە نەسر بېرىلگەن بولۇپ، بۇلار خۇددى بىر يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن 71 دانە مارجانغا ئوخشايدۇ. ھەر بىر مارجان بىر دۇنيا، بىر ھېكمەت قەترىسى. ئۇنىڭدا رەڭگارەڭ كىشىلىك ھايات ھەقىقەتلىرى ئەكس ئەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر جۈملە ياكى ئىككى - ئۈچ جۈملىلىك نەسرلەر كۆپرەك. بۇلارنى نۆۋەتتە ھېكمەتلەر دەپ ئاتىساقمۇ بولۇۋېرىدۇ. «توپلام»دىكى خېلى كۆپ نەسرلەردە مۇشۇنداق ئالاھىدىلىك روشەن ئەكس ئەتكەن. بۇنىڭدىن نەسردە شەكلىگە قارىغاندا مەزمۇننىڭ

ئىگىز ئىكەنلىكى، كۆپرەك پەلسەپىۋى ھېكمەتكە مايىلراق كېلىدىغانلىقى، جۈملىدىن نەسر يېزىقچىلىقىنىڭ بىر قەدەر ئەركىن بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرى ماڭا مۇشۇ خىل چۈشەنچىنى ئاتا قىلدى.

ئەخمەت ئىمىننىڭ بەزى نەسرلىرىدە مەسىلىنىڭ خۇسۇسىيەت ناھايىتى كۈچلۈك. تۇرۇۋېلا ئۇنى مەسىلىمىكىن دەپ ئويلاپ قالىمىز. ئەمما ئويلىمىغان يەردىن بىر ھاياجانلىق كەيپىيات خۇلاسىلەنگەن پەلسەپىۋى ھېكمەت ئالدىمىزغا تاشلىنىدۇ - دە، ئاپتورنىڭ بۇ خۇلاسە — ئۇگۇتىدىن مەستخۇشلانغىنىمىزچە يەنىلا نەسر زوقىغا قايتىپ كېلىمىز. مەسىلەن: «زىرايە» دېگەن نەسردىن پارچە كۆرۈپ باقايلى:

— زىرايە ئېگىز دەرەخلەرگىلا ئېسىلىپ يۈرىدىكەن. ئۇ ئورمان ئەھلى تۇرۇپ نېمىشقا ئورمان ئىچىگە كىرمەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چۈنكى ئۇ ئېگىزگىلا ئېسىلغاچقا، ئورمان ئۇنىڭغا قويىندىن ئورۇن بەرمىگەن، — دەپتۇ ئۆچكە بالىسىغا چۈشەندۈرۈپ.

زىرايە ھەرقانچە گىدىيىۋالساڭمۇ، تەشنالىقىڭنى قاندۇرىدىغان ئەزىم دەريا ئالدىدا ئېگىشمەي قالمايسەن ئاخىر.

«توپىلام»دىكى خېلى كۆپ نەسرلەردە مانا مۇشۇنداق سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

* قالايمىقانچىلىق ئۇستىدىن دەرد تۆككىلى تۇرغاندا سۆزمۇ قالايمىقانلىشىپ كېتىدىكەن. پاسكىنىچىلىق ئۇستىدىن شىكايەت قىلغىلى تۇرغاندا سۆزدىكى نەپىسلىكمۇ يوقىلىپ قوپاللىشىپ كېتىدىكەن. («سادا»دىن)

* ئارتىسىڭمۇ شۇ ئىنسان، تاماشىبىنىڭمۇ شۇ ئىنسان! كۈلەلەيدىغانمۇ شۇ ئىنسان، يىغلالايدىغانمۇ شۇ ئىنسان! ماختايدىغىنىمۇ شۇ ئىنسان، تىللايدىغىنىمۇ شۇ ئىنسان! ئاخىر ئۇنتۈيدىغىنىمۇ شۇ ئىنسان!... («چۈش ئىكەن - ھە، بۇ ھايات»تىن)

* — بالام، سۇ بولمىسا ئادەممۇ كېسەل بولىدۇ، مال - چارۋىمۇ، ھەتتا يەرمۇ كېسەل بولىدۇ. مانا قاراڭ، تەكلىماكان دەل مۇشۇ سۇنىڭ كەملىكىدىن بىتاپ كىشىدەك ئىڭراپ ياتمامدۇ!؟ («دولان دىيارىدا»دىن)

* ... گۆشنى پارچىلاپ تارقىتىپ بېرىدىغان ئادەم «بۆكەل» دېيىلىدىكەن ... مەن «بۆكەل»گە خىيالچان تىكىلدىم ھەم ئۇنىڭغا كۆڭلۈمدە ئادىللىق تىلىدىم. بۇ تىلىكىم ئىجتىمائىي ھاياتىمىزنىڭ ھالقىلىق - ھالقىلىق جايلىرىدىكى تالاي - تالاي «بۆكەل»لەرگىمۇ قارىتىلغانىدى. («دولان دىيارىدا»دىن)

* — ئاجىز ئاجىزلىقىغا تەن بەرمىگەن چاغدا كۈچلۈك ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىدىنمۇ گۇمانلىنىپ قالامدۇ، نېمە؟ — دەپ سورىدىم ئۆۋچىدىن. («ئوۋ تاماشىسى»دىن)

* ئۇلار ھەقىقىي چاڭگال بولۇپ بىر نەرسىنى يۇلۇۋېلىشى ئۈچۈن يۈزەكىلا ئەمەس، بەلكى تېگى - تەكتى بىلەن بىرلىشىشى كېرەك. («بارماق ھەققىدە پاراڭ»دىن)

* — ئەخمەق، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئايغىردا بار خىسلەتنىڭ سەركىدە يوقلۇقىنىڭ سەۋەبىنى ھېلىغىچە بىلمەيسەن!؟ چۈنكى، ئايغىردا بار ئەركەكلىك سەركىدە يوق - دە. بىز ئۇنى پىچىۋەتكەن. («ئايغىر ۋە سەركە»دىن)

* بۇ بۈيۈكلۈككە چىقىپ بېشى قېيىپ قالغان ئادەم يەر يۈزىگە خام كاۋىدەك چۈشمەي قالمايدۇ. («دارۋاز خىياللىرى»دىن)

*... بوسۇغىدىن كۆپ ۋاقىتلاردا ئويلانمايلا ئۆتتۈم. بوسۇغىغا كېلىپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالغان ۋاقىتلىرىم تولىمۇ ئاز بولدى. («بوسۇغا»دىن)

* ئەسلىمە سىنىڭ ئۆتمۈشۈڭگە شاھىت بولالايدىغان دوستلىرىڭ بىلەنلا رېئال قىممەتكە

(ئاخىرى 32 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**ۋاڭ پېيفېي**



# قارغاش

(ھېكايە)

**ئابدۇسالام ئابلىز** تەرجىمىسى

يىلان ئۆتى كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، لاۋدېچاڭنىڭ قەدىناسىنىڭ كۆزىگە شىپا بولىدۇ. لاۋدېچاڭ چار يىلاننىڭ جان يېرىدىن تۇتۇپ، بېغىشنى بىرلا ئۆرۈۋېدى، يىلان خالتىغا سولاندى. شۇ ئەسنادا چۆپلۈكتىن قورسىقى تومپىيىپ چىققان يەنە بىر يىلان چىقىپ ۋىششىدە نەشتەرىنى چىقاردى. ئۆمۈر بويى دورىلىق ئوت - چۆپ يىغقان لاۋدېچاڭ بۇنىڭدىن قورقۇپ قالمىدى، چۈنكى ئۇ ھەرقانداق يىلاننى كۆرگەندى، يەنە كېلىپ ئۇستىگە ئۇستىقۇددۇس ئارتىۋالغاچقا ھەرقانچە زەھەرلىك يىلان بولسىمۇ ئۇنىڭغا يېقىن يولىيالمايتتى.

لاۋدېچاڭ يىلانغا پەرۋا قىلماستىن دورىلىق ئوت - چۆپلەرنى يىغىۋەردى. ئەمما ئۇ ھېلىقى يىلاننىڭ يېقىنمۇ ئەمەس، يىراقمۇ ئەمەس بىر خىل ئارىلىق تاشلاپ ئۆزىگە ئەگىشىۋالدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. لاۋدېچاڭ بۇنىڭغا ھەيران بولدى، ئۇ شۇنچە يىلان تۇتۇپ بۇنداق غەلىتە ئىشقا تۇنجى يولۇقۇشى ئىدى. ئۇ ماڭ كېتىپ تۇخۇمىغىنى باس، ساڭا چېقىلمايمەن، دېدى ئىچىدە. يىلان بوۋاينىڭ گېپىنى چۈشەنگەندەك نەشتەرىنى تارتتى، ئەمما چۆپلۈككە كىرىپ كەتمىدى.

شۇ ئارىدا ماشىنىنىڭ پىپ - پىپ قىلغان سىگنال ئاۋازى ئاڭلاندى. ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى. ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا ئوغلى ئېسىگە كېلەتتى - دە، يۈرەك - باغرى ئۆرتىنەتتى.

خالتىدىكى بالا يىلان بۇ يىلاننىڭ بالىسىمۇ نېمە؟ يىلانلارمۇ ئىنسانلاردەك بالىلىرى ئۈچۈن سەدىپارە بولامدۇ نېمە؟ لاۋدېچاڭ بالىسى ئۆلۈپ

كەتكەچكە بىر ئۆمۈر ھەسرەت ـ نادامەت چەكتى. لەنتى سۇ خوجايىنىنىڭ كۆڭلى نېمانـ چە زەھەرخەندە ـ ھە!

ھەي، لاۋدېچاڭ ئېغىر ئۇھسىنىپ، خالتىسىـ دىكى يىلاننى قويۇۋەتتى.

ئانا يىلان بالىسىنى ئەگەشتۇرۇپ چۆپلۈككە كىرىپ كەتتى. بۇۋاي قانداقتۇر بىر ئامراق نەرـ سىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك كۆڭلى يېرىم بولدى. ئوغلى جان ئۈزگەندە ئۇنىڭ كۆڭلى شۇنداق يېرىم بولغانىدى. لاۋدېچاڭنىڭ ئوغلى قاملاشقان ھەم رايىش بالا ئىدى. بىر كۈنى ئۇ تاغدىن چۈشۈپ كەتتى، دادىسى ئوغلىنى تاپقان چاغدا ئۇ بەكلا قانسىراپ كەتكەنىدى. بۇۋاي ئوغلىغا قان بەرگەندىلا قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولىـ دىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئوغلىنى يۈدۈپ يۈگۈرـ گىنىچە يول بويىغا چىقتى. ئۇ كۈنى يولدا ماشىـ نا شالاڭ ئىدى، بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن خۇدا يەتكۈزگەندەك بىر مىنىبۇس كەلدى. مىنىبۇس يېزىدا ئاشخانا ئاچقان سۇ خوـ جايىنىنىڭ ئىدى. بۇۋاي ئىلگىرى سۇ خوجايىنغا تاغ مەھسۇلاتلىرى ساتقاچقا ئۇنىڭ بىلەن تونۇـ شاتتى. سۇ خوجايىن ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇ:

— يولىمىز بىر ئەمەسكەن، دوختۇرخانا تەـ رەپكە بارىدىغان ماشىنىدىن بىرنى توسقىن، — دېدى لاۋدېچاڭ.

— سۇ خوجايىن رەھىم قىلىڭ، ئوغلۇمنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، نەچچە پۇل دېسىڭىز بېرەي، — دەپ يېلىندى.

— ئالدىرايمەن، — دېدى سۇ خوجايىن سائـ ەتكە قاراپ قويۇپ، — يېزا باشلىقى ماشىنىدـ ىكى قوي بىلەن مېھمان كۈتمەكچى ئىدى.

لاۋدېچاڭ تىزلىنىپ سۇ خوجايىنغا يالۋۇرۇـ ۋاتقاندا، ئۇ ئىككى قېتىم سىگنال بېرىپ قوـ يۇپلا قويۇندەك تىكىۋەتتى. كېيىن بىر ئاق كۆڭۈل شوپۇر ئۇنىڭ ئوغلىنى ناھىيەلىك دوخـ تۇرخانىغا ئېلىپ باردى. ئەمما بۇ چاغدا بالا بەكلا قانسىراپ كەتكەن بولۇپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمىدى. ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغان لاۋدېـ چاڭ بىلەن خوتۇنى قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدىـ غان، ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەـ نلا چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە سۇ خوجايىنـ نى قارغايدىغان بولدى:

— ئىلاھىم ماشىنا ۋەقەسىدە ئۆلەرسەن، — دەيتتى لاۋدېچاڭ.

— ماشىنا ۋەقەسىدە ئۆلمىسەڭ يامان كېسەل بىلەن ئاغرىپ ئۆلەرسەن، — دەيتتى خوتۇنى.

— قاراپ تۇرۇڭ، ئۇنى يالۋۇرتۇپ تىزلاندۇرـ مايدىغان بولسام.

— ئالدىڭىزغا كېلىپ يالۋۇرغاندا ئاڭلىماسـ قا، تىزلانغاندا كۆرمەسكە سېلىڭ، ناۋادا شۇنداق قىلالمىسىڭىز ئۆيگە كېلىپ تامىقىمنى يېگۈـ چى بولماڭ.

— ئۇنى يالۋۇرتامدىمەن؟ يالۋۇرتۇش ئازلىق قىلىدۇ، بېرىپ كاچىتىغا ئىككىنى سېلىپ، كۆـ تىگە ئىككىنى تېپىمەن، شۇ چاغدا ئۇ ئاغرىققا چىدىماي كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالىدۇ، رەسۋا بولىدۇ.

— شۇنداق بولمايچۇ، بىر بۇۋايدىن تاياق يېسە رەسۋا بولماي قالامتى!

— ھاھ، ھاھ...— بۇۋاي بىلەن موماي بىر ـ بىرىگە قاراپ تازا كۈلۈشتى، كۈلكىدىن قاشلىـ رى تىترەشتى، قورۇقلىرى چوڭقۇرلاشتى، كۆـ ڭۈللىرى يايراشتى.

— سۇ خوجايىن دېگەن باغرى تاش نېمە، سىز دېگەن باغرى پاختىدەك يۇمشاق ئادەم، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى، بۈگۈنكى گەپلىـ رىڭىزنى ئۇنتۇپ قېلىشىڭىزدىن ئەنسىرەيمەن.

— ئۇنتۇپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەمسىز؟ ئۇنتۇپ كەتسەم ئادەم بولماي كېتەي، مەن ئۇنى نەدە كۆرسەم شۇ يەردە تىللايمەن.

دەرۋەقە لاۋدېچاڭ سۇ فامىلىلىكنىڭ ماشىنـ سىنىڭ بورانىدەك ئۆياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈپ يۈرـ

گىننى كۆرگەندە «ئىلاھىم، ماشىناڭنىڭ كامېرى يېرىلىپ كەتكەي!» دېمەي قالمايتتى.

ئەمما مىنىبۇس بوۋاينىڭ تىلىكىنىڭ ئەكسىچە بوراندەك بەھۇزۇر چېپىپ يۈرگىنى يۈرگەندى. لاۋدېچاڭ ئۈمىدسىزلەندى، ئەپسۇسلاندى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى پەقەتلا ئۇھسىنىشلا ئىدى، قارىغاندا ئۇنىڭ پېشانىسى ئوڭكەن، بوۋاي ماشىنىنىڭ چاقىنىڭ يېرىلىپ كېتىشىنى كۈتمەي، ئۆزى بىر ئىش قىلىپ ئەنتىنى ئېلىۋالمىسا بولمايدىغاندەك قىلاتتى. لاۋدېچاڭ ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى جىمىغاندىن كېيىن يېنىدىكى بىر سۆگەتنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ تاماكا خالتىسىنى ئېلىپ غاڭزىسىغا تاماكا سېلىپ تۇتاشتۇردى ـ دە، ئىپادىسىزلا شوراشقا باشلىدى، چىرايىنى قاپلاپ كەتكەن قورۇقلار تاماكا ئىسىدا قۇرۇپ كەتكەن قارىياغاچنىڭ قوۋزىقىدەك كۆرۈنەتتى.

كەچ بولاي دەپ قالسىمۇ كۈننىڭ تەپتى بار ئىدى. لاۋدېچاڭ ئاپتاپتا ئوبدانلا تەرلىگەندى. شامال قارىياغاچنىڭ شاخ ـ يوپۇرماقلىرىنى تەۋرىتەتتى، لاۋدېچاڭ دەرەخ سايىسىدا خېلى سەگىپ قالغانىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا دەل ـ دەرەخ، قۇياش دېگەنلەر سۇ فامىلىلىككە قارىغاندا نەچچە ھەسسە مېھىر ـ شەپقەتلىك بولسا كېرەك، شۇ تاپتا بوۋاينىڭ خىيالىغا يەنە سۇ فامىلىلىك كەلگەنىدى.

كۈن ئولتۇراي دەپ قالدى، بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. سۇ فامىلىلىك قوي سىياقىدىكى بۆرىكەن، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر نېمىكەن، بۆرىمۇ بىر ـ ئىككى قوينى يەپ توختاپ قالىدۇ، ئەمما ئۇ پۇل ئۈچۈن كۈندە نەچچە قوينىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ، دەپ ئويلىدى لاۋدېچاڭ.

لاۋدېچاڭ كۈن پاتقاندا قايتمىسا بولمايتتى، موماي ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ئىشىكى ئالدىدا قاراپ تۇراتتى. موماي تولا يىغلاپ كۆزى ئاجىزلاپ كەتتى، يېقىندىكى نەرسىنى ئىلغا قىلغىنى بىلەن، يىراقتىكى نەرسىنى ئىلغا قىلالمايتتى. لاۋدېچاڭ تاماكا خالتىسىنى قوينىغا تىقىپ، ئورنىدىن تۇرماقچى بولدىيۇ تۇرالمىدى، قوللىرى بىلەن يوتىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ناھايىتى كۈچەگەندىن كېيىنلا دەلدەڭلىگىنىچە قەددىنى رۇسلىيالىدى، لاۋدېچاڭ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تەڭلا قېرىغاندەك قىلاتتى.

تاغ ئارىسىدىكى يولنىڭ نەچچە ئون قەدەم نېرىسىدا بىر يانتۇلۇق بار ئىدى، بۇ يەر بىر تاغ ئېغىزى بولۇپ، ئارىلىقتا بىر ئېرىق بار ئىدى، ئېرىقنىڭ نېرىقى تەرىپى تاشيول ئىدى.

لاۋدېچاڭ ئېرىقنىڭ ئىچىدە بىرىنىڭ ياتقانلىقىنى، يېنىدا بىغىر رەڭ بىر موتوسىكلىتنىڭ تۆرغانلىقىنى كۆردى. چاتاق چىققانلىقىنى پەملىگەن لاۋدېچاڭ دەرھال ئېرىقنىڭ يېنىغا كەلدى. ئېرىقنىڭ ئىچىدە بىر ئوغۇل بالا ياتاتتى، بالا موتوسىكلىتتىن يىقىلغان بولۇپ، پۇتى سۇنغاندەك قىلاتتى. ئۇ ھوشىدىن كەتكەنىدى، پۇتلىرىدىن قان سىرغىپ تۇراتتى. يارىدار لاۋدېچاڭغا تونۇشتەكلا بىلىندى. ئۇ بالىغا سەپسېلىپ قاراپ، ئۇنىڭ سۇ فامىلىلىكنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلدى. لاۋدېچاڭ بۇ بالىنى سۇ خوجايىنىنىڭ ئاشخانىسىدا تاماق يېگەندە بىر نەچچە قېتىم كۆرگەنىدى. تەقى ـ تۇرقى قاملاشقان بۇ بالىنىڭ جاۋغىيىدا زەررەڭ مېڭى بار ئىدى. پالچىلىق كىتابلىرىدا بۇ خىل مەڭنى «كاتتا بايلىق ۋە بەخت ـ تەلەينىڭ بېشارىتى، ئېسىلزادىلەر بالايى ـ قازاغا دۇچار بولسا ئۇلارنى قۇتقۇزماق ۋاجىپتۇر» دېيىلگەنىكەن. لاۋدېچاڭ ئاڭلىسام بۇ بالا قالتىس بالىمىش، دەرستە ياخشىكەن، ناھىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە بىرىنچى بولغانمىش، ئۇ قانداقلارچە بۇنداق پېشكەللىككە ئۇچرىغاندۇ؟ ئۇ دېگەن ئېخى بالىغۇ، قانسىراپ كەتسە ئوغلۇمدەك ئۆلۈپ كېتىدۇ، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. بالىسى يادىغا كېلىش بىلەنلا لاۋدېچاڭنىڭ قىساس ـ ئاداۋەت ئوتى يالقۇنلىدى. يارىدارنىڭ يانفونى توخـ



www.uyghurkitap.com

تىماي سايرايتتى. شۇ تاپتا لاۋدېچاڭنىڭ ئىچىدىن تالاي زەھەرلىك گەپلەر پىلىموتنىڭ ئوقىدەك ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى:

— ياخشىغۇ سۇ فامىلىلىك، تەڭرىنىڭ كۆزى بار جۇمۇ، مانا بۇ تەڭرىنىڭ ساڭا بەرگەن جازاسى. سۇ فامىلىلىك، سېنىڭ ئوغلۇڭنىڭمۇ قېنى تۈگەيدىغان بولدى، ئۆلمەسلىككە تېگىشلىك بالام ئۆلۈپ كەتتى، سېنىڭ بالاڭ نېمىشقا ئۆلمىگۈدەك. شۇ تاپتا سەنمۇ ماڭا ئوخشاش ئوغلۇڭدىن ئايرىلىپ قاقشال دەرەخنىڭ كۆتىكىدەك يېگانە قالىدىغان بولدۇڭ. شۇ تاپتا مەن ناھايىتى خۇشالمەن. ئوغلۇم تۈگەپ كەتتى، بۇنىڭغا چارە بولمىدى. مەن سۇ فامىلىلىكتەك سەۋر-تاقەتلىك ئەمەسمەن، كەنت باشلىقى بىلەن ئۆلپەتمۇ ئەمەسمەن، كەنت باشلىقىغا قوي ئېلىپ بارىدىغان ماشىنامۇ يوق، كەنت باشلىقىنىڭ يېنىغا نەچچە ئون چاقىرىم يول بېسىپ ئاندىن بارغىلى بولىدىغان تۇرسا، مەن قېرىنىڭ ئۇنىڭغا ماجالىم يېتەتتىمۇ.

لاۋدېچاڭ ئىچىگە يىغىلىپ كەتكەن زەھەرلىك گەپلىرىنى دەپ بولغاندىن كېيىن بالىنىڭ يارىسىغا تاش بىلەن ئۇۋۇغان ئۆسۈملۈك دورىنى سۈرتتى، خالتىسىنى يىرتىپ ئۇنىڭ يارىلانغان پۇتىنى تاڭدى. ئەتراپتا يەنە ئۇستىقۇدۇسمۇ يېيىلىپ ياتاتتى. لاۋدېچاڭ خېلىلا يېنىكلەپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بالىنى، دورا ئۆسۈملۈكى بار سېۋەتنى قوپقويۇپ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى.

لاۋدېچاڭغا بايامقىغا قارىغاندا خېلىلا جان كىرىپ قالغاندى، ئۇ بۇنىڭدىن نەچچە يىل ئىلگىرى ئوغلىنى يۈدۈپ ماشىنا توسۇغىلى تاش يولغا قاراپ ھازىرقىدەك تېز يۈگۈرگەندى. شۇ تاپتا ئۆيىگە قاراپ نېمىشقا يۈگۈرگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ جىن قوغلىغاندەك نېمىگە يۈگۈرىمەن؟ ئۆيۈمدە ئوتمۇ يوق، مومىيىممۇ ماڭا كاتتا تاماقلارنى ئېتىپ ساقلاپ تۇرۇۋاتقىنى يوققۇ، بالاممۇ يوق، قېرىپ قورايدەك بولۇپ قالغان ئادەم ئۆپكىسى يوقتەك نېمىگە يۈگۈرۈپ كېتىمەن؟ خەقنىڭ مازاق قىلىشىدىن قورقمامدىمەن؟ ماڭسامۇ، ئاستىراق ماڭسام بولىدىغۇ! ھەي! قېرىپتىمەن، جۇمۇ، راستتىنلا قېرىپتىمەن! پۇتلىرىم بوي بەرمەيۋاتىدۇ، بوپتىلا، يۈگۈرگۈسى كەلسە يۈگۈرۈپ باقسۇن، يامىنى كەلسە يىقىلىپ چۈشەرمەن شۇ، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. لاۋدېچاڭ تېخىمۇ تېز يۈگۈردى، تېخىمۇ تىت-تىت بولدى، يەنە پات-پات ئارقىسىغا قاراپ قويدى، ئارقىسىغا قارىغانلىرىدا يىقىلىپ كەتكىلى تاس-تاس قالدى. نېمىگە قارايتتىم؟ ئارقامدا مەن تارتىشىدىغان نېمە بار؟ سۇ فامىلىلىكنىڭ ئوغلى ئۆلەي دەپ قالدى. ئۇ يا مېنىڭ ئوغلۇم بولمىسا، يا مېنىڭ ئوغلۇم ئۆلۈپ قالغىلى تۇرمىسا، مېنىڭ ئوغلۇم ئۆلۈپ قالغىلى نەۋاق، قوينۇمدا يېتىپ تۇرۇپ ئۆلۈپ قالدىغۇ، ئەسلىي ئۇ ئۆلمەيتتى، كۆڭلى قارا سۇ فامىلىكلىكنىڭ ئۇنچىۋالا زەھەرخەندىلىكىنى كىم بىلىپتۇ. لاۋدېچاڭ ياش چاغلىرىدا كۆرگەن «16 نەپەر سىنىپىي قېرىنداشىم ئۈچۈن» دېگەن كىنونى، ئۇ كىنونىڭ تولىمۇ تەسىرلىك ئىكەنلىكىنى، ھازىر سىنىپ ئەمەس، پۇل تەكىتلىنىدىغان زامان ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ يا پۇلى، يا ماشىنىسى يوقلۇقىنى، ئوغلىنى دوختۇرخانىغا بىر ئاش پىشىم كېچىكىپ ئېلىپ بارغاچقا، قانسىراپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، ۋاقتىنىڭ راستتىنلا ھاياتلىق ئىكەنلىكىنى ئويلىدى.

لاۋدېچاڭ جەمەتىنىڭ قەبرىسىگە قايرىلىدىغان ئاچا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مومىيىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزگىلى يۈگۈرگەنلىكىنى ئېسىگە كەلتۈردى.

— ۋاي كەمپىرىم، ئادەم دېگەن ساۋابلىق ئىش بولسا قىلىپ، ئەسكى ئىشلاردىن يىراق تۇرمىسا بولمايدۇ. سۇ فامىلىلىكنىڭ ماشىنىسىمۇ ئەسقاتمىدى، ئۇنىڭ ئوغلى ئۆلىدىغان بولدى، ماڭا تۇخۇم قورۇپ بېرىڭلار، مەن ھاراق ئىچىمەن.

لاۋدېچاڭنىڭ ئۆيى بىلەن ئېرىقنىڭ ئارىلىقى بىر چاقىرىمدىن جىقراق بولسىمۇ، لېكىن

لاۋدېچاڭ ئۇ يەردىن يۈگۈرگىنىچە ئۆيىگە كەلدى، موماي ئۇنى دېگەندەك ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرغانىدى.

— نېمىگە يۈگۈرىسىز، يەنە بىرەرسى ھادىسىگە يولۇقۇپتىمۇ؟

لاۋدېچاڭ ئىلگىرىكىدەك خوتۇنىغا گەپ-سۆز قىلماستىن ئۆيگە كىرىپ ئۇدۇل ئىشكاپ ئالدىغا باردى، ئىشكاپ ئۈستىدە ھاراق بار ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئالغىنى قان توختىتىش دورىسى ئىدى، ئۇ بۇ دورىنى بالىسى تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ياسىغان بولۇپ، ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى ئىدى.

— كىم يارىلىنىپتۇ؟

— ھېچكىم.

— ئەمىسە دورىنى نېمە قىلىسىز؟

— ھاراققۇ بۇ!

— كۆزىڭىز نەگە كەتتى؟ ھاراقمۇ ئىشكاپنىڭ ئۈستىدە ئىدىغۇ. ئەجەب ھاراق ئىچكۈڭىز كېلىپ قاپتىغۇ؟

— خۇشال مەن، بەك خۇشال مەن.

— ئالتۇن تېپىۋالدىڭىزمۇ؟ ئادەمگىياھ ئۇچرىدىمۇ يە؟

— ئالتۇن، ئادەمگىياھ دېگەنلىرىڭىز قانچىلىك نېمىتى؟ سۇ فامىلىلىكنىڭ ئوغلى ئېرىقتا يىقىلىپ ياتىدۇ، قانسىراپ ئۆلەي دېدى.

— سۇ فامىلىلىكنىڭ بالىسى؟ ئېغىر ئەمەستۇ؟

— ھە، دەل سۇ فامىلىلىكنىڭ بالىسى، جاۋغىيىدا مېڭى بار. ئۇ ھايۋان ئوغلىنى ماۋجوشى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان چېغى! ئۇ ئەمدى تۈگەشتى، بىر ئەمەس، ئىككى مېڭى بولسىمۇ ئەسقاتمايدۇ.

— دورىنى نېمىگە ئېلىۋالدىڭىز؟ ئۇنى قۇتقۇزماقچىمۇسىز؟

— ئۇنى قۇتقۇزامدىمەن؟ يوقسۇ! ئۇنىڭ بالىسى بالا، مېنىڭ بالام بالا ئەمەسمىكەن؟

لاۋدېچاڭ دورىنى يانچۇقىغا تىقىپ قويۇپ، ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، ئەمما ھاراقنى ئاغزىغا دەملىگەن چاغدا كۆزلىرى ياشقا تولدى. ئارىدا ئايالى تاماق ئېلىپ چىقتى.

— يېمەيمەن، گېلىمدىن ئۆتمەيدۇ، قورسىقىم خۇشاللىق بىلەن تويدى. بېرىپ قىزىڭىزنى يوقلاپ كەلسىڭىز بولمامدۇ؟ ئۇنىڭغا سۇ فامىلىلىكنىڭ ئوغلىنىڭ ئۇ ئالەمگە كەتكەنلىكىنى يەتكۈزمەمسىز.

— ما قېرىنىڭ گېپىنى كۆرۈڭ، شۇنچە كەچتە نەچچە ئون چاقىرىم يول مېڭىپ بارىمەنمۇ؟ مېنى كەتكۈزۈۋېتىپ بىرەر ئايال بىلەن كۆرۈشمەكچىمىدىڭىز؟ سىزدەك قېرىنى كىممۇ يارىتار، بىلىپ قويۇڭ، ئۇنداق چاغلىرىڭىز كەلمەسكە كەتتى!

— نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز؟ — دېدى لاۋدېچاڭ مومايىنى مازاق قىلىپ كۈلۈپ قويۇپ دۇدۇقلىغىنىچە، — مۇنداقلا دەپ قويدۇم.

— مۇنداقلا دەپ قويدۇم دەڭ؟

— شۇنداق، مۇنداقلا دەپ قويدۇم.

— سۇ فامىلىلىكنىڭ ئوغلىغا بىر يەرلىرىڭىز چىدىمايۋاتقاندۇ ھەقچان؟ مېنىڭ سىزنى ئۇنى قۇتقۇزغىلى بارغىلى قويماسلىقىمدىن ئەنسىرەۋاتىسىز. مەن سىزگە سۇ دېگەن باغرى تاش نېمە، سىز دېگەن باغرى ياختىدەك يۇمشاق ئادەم دېسەم ئۇنىمىغانتىڭىز، گېپىم راست چىقتىغۇ! مەيلى، سىز ئۇ بەتنىيەتنى دورىماڭ، بىزنىڭ ئۇنىڭ بالىسى بىلەن ھېچقانداق ئۆچ-ئاداۋىتىمىز يوققۇ؟ تېز بېرىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، ئۇ ئېرىقتا بىر كېچە يېتىپ قالسا پاشا چېقىپ ئۆلۈپ قالىدۇ.

— بارمايمەن، كارىم يوق، — دېدى لاۋدېچاڭ سوغۇقلا قىلىپ، — سۇ فامىلىلىك مەن تىزلىنىپ يېلىنغاندا قاراپمۇ قويمىغانىدى، ئۇ باشقىلارنىڭ بالىسىنى بىر قويچىلىكمۇ كۆرمىگەن تۇرسا، ئەمدى شۇنىڭ جاجىسىنى تارتسۇن. ئۇ ئوغلىدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ دەردىنى تارتىپ باقسۇن. قېنى ئۇنىڭ نەچچە ئوغلى بار، مەن بىر

كۆرۈپ باقاي!

— شۇ بىرلا ئوغلى بارغۇ.

— تەڭرىنىڭ راستىنىلا كۆزى بار جۇمۇ.

— بارمامسىز؟

— نېمىشقا بارىمەن، بارمايمەن.

لاۋدېچاڭنىڭ زېدىلەنگەن يۈرىكى مۇزلىدى.
ھىجران ئازابىدىن كۆڭلى قارىدىدى. ئوغلىمۇ
بىر سىقىم تۇپراققا ئايلاندى. ئۇنىڭ كۆزىگە
ھەممە نەرسە سۆرۈن كۆرۈنىدىغان بولدى،
شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ يەنە نېمىشقا بارغۇدەك. ئۇ
تاماكا چېكىپ كۆڭلىنى ئىللىتماقچى بولدى.
تاماكا خالتىسىنى ئېلىپ غاڭزىسىغا تاماكا
باستى - دە، تۇتاشتۇرۇپ كۈچەپ شورىدى. ئۆ-
زۈمنىڭ مۇھىملىقىنى شۇ تاپتا بىلىۋاتىمەن،
كەنت باشلىقىغا ئاپىرىپ بېرىدىغان قويۇم يوق،
ئەمما ئېسىل موخۇركام بار، خۇمارىم تۇتقاندا
موخۇركامنى چېكىپ خۇمارىمنى چىقىرىمەن.
سەن سوكۇلداپ كەنت باشلىقىغا قويۇڭنى ئاپى-
رىۋەر، ئەمدى ئاپارغىنىڭنى بىر كۆرەيچۇ، ئوغ-
لۇڭمۇ ئۇ ئالەمگە كېتەي دەۋاتىدۇ، سېنىڭ بىرلا
ئوغلۇڭ بولسا، مېنىڭمۇ بىرلا ئوغلۇم بار ئىدى.
مېنىڭ ئوغلۇم ئۆلۈپ، خوجايىنىڭ ئوغلى ئۆل-
مەمدىكەن؟ ئۇنىڭ ئوغلى شاھزادىمىكەن - يە؟
كەنت باشلىقىغا خۇشامەت قىلىپ يۈرمىگەنمى-
دىڭ، بالاڭنى ئەمدى شۇ قۇتقۇزۇۋالسۇن، مەن
قەتئىي بارمايمەن، مەن ئارامخۇدا موخۇركامنى
چېكىشىۋېرەي.

لاۋدېچاڭ چېكىپ يېرىمى قالغان تاماكىنى
قېقىۋېتىپ، غاڭزىسىغا يەنە تاماكا سالدى. ئۇنى
ئىككى شوراپلا يەنە قېقىۋېتىپ غاڭزىسىغا يەنە
تاماكا سالدى، ئۇ بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا تۆت -
بەش قېتىم تاماكا چەكتى.

لاۋدېچاڭنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ تۇرغان خو-
تۇنى ئىشىك تەرەپكە قاراپ:

— كەچ كىرىپ قالدى، قۇرت - قوڭغۇزلار
قۇتراپ كېتىدۇ، قازاڭغۇدا بېرىشتىن قورقۇۋاتام-
سىز يە؟ — دېدى.

— ھىم قورققۇدەكمەن تېخى؟ ھېلىغۇ
كەچكەن، كۈندۈزى بولسىمۇ بارمايمەن، ئالدىم-
غا تەخىراۋان ئېلىپ كەلسىمۇ بارمايمەن.

لاۋدېچاڭنىڭ خوتۇنى ھەيران قالدى. ئۇنىڭ
نەچچە ئون يىلدىن بېرى لاۋدېچاڭنىڭ ساۋابلىق
ئىشتىن باش تارتقىنىنى، توختىماي كوتۇلدىغى-
نىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. بولۇپمۇ
بۇنداق زەھەرلىك گەپلەرنى قىلغىنىنى تۇنجى
قېتىم ئاڭلىشى ئىدى. ئىلگىرى ئۇ بىرەرسىنىڭ
بالا - قازا، دىشۋارچىلىقتا يولۇققىنىنى ئاڭلاپ
قالدىغان بولسا زىمىستان سوغۇق، تومۇز
ئىسسىق، بوران - يامغۇر، قار - شىۋىرغان دېمەس-
تىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەملىشەتتى،
ئۇلارنىڭ غېمىنى يەيتتى. ئۇنىڭ ئۆيى تاغ يولى
ئەگمىسىنىڭ تۆۋىنىدە ئىدى. بۇ يولدا ھەر يىلى
بىر نەچچە قېتىم ماشىنا ۋەقەسى چىقاتتى، لاۋدې-
چاڭ ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچرىغان نۇرغۇن ئادەم-
نى قۇتقۇزۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۆيىدىكى چايدان،
جوۋا دېگەنلەر قۇتقۇزۇۋېلىنغانلار ئۇنىڭغا مىن-
نەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ ئەكىلىپ بەرگەن نەرسى-
لەر ئىدى. پۇل تەڭلىگەنلەرمۇ بار ئىدى، بوۋاي
پۇلنى زىنھار ئالغىلى ئۇنىمىغانىدى. ئۇ: «ئۆيۈم
يول بويىدا تۇرسا، ۋەقەگە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇز-
مىسام قانداق بولىدۇ» دەيتتى. ئۇنىڭغا بۈگۈن
نېمە بولغاندۇ؟ ئۇ نېمانداق سۇ فامىلىلىككە
ئوخشاش رەھىمسىز بولۇپ كەتكەندۇ؟ سۇ فامى-
لىلىك بوۋاينىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلىۋېتىپتىمۇ
نېمە؟

— ھەي، بارمىسىڭىز ئۇخلايلى! — دېدى
موماي ئۇھ تارتىپ.

— تېخى بالدۇرغۇ؟

— ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى، مەن ئۇخلاي، —
موماي كىيىمى بىلەنلا ئۇخلاپ قالدى.

لاۋدېچاڭ ئۇزۇلدۇرمەستىن قېنىپ - قېنىپ
تاماكا چەكتى، خالتىدىكى تاماكىسى بارغانسې-
رى ئازلىدى، يەرگە قېقىۋەتكىنى بارغانسېرى
كۆپەيدى، ھايال ئۆتمەي مومايىنىڭ سوزۇپ -

سوزۇپ تارتقان خورىكى ئاڭلاندى.

قىزىق ئىشقۇ بۇ، موماي خورەك تارتمايتتىغۇ؟ ئەمما بوۋاي بۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاستاغىنە ئاچتى - دە، غىپپىدە تالاغا چىقتى.

كەچ، ئاي نۇرى چاراقلاپ تۇراتتى. لاۋدېچاڭ تېزلا قوزغالدى، ئۇ بىردەمدىلا ئىشىكنى ئالدىدىكى ئاچا يولغا كەلدى، ئۇ ھەر قېتىم بۇ يەردىن ئۆتكەندە جەمەتىنىڭ قەبرىستانلىقى خىيالىغا كېلەتتى، بۇ قەبرىستانلىقتا ئاتا - ئانىسى دېگەنە قىلىنغان، چەتتىكىسى ئوغلىنىڭ قەبرىسى. موماي ئۇنىڭغا ئوغلىمىزنىڭ قەبرىسىگە توپا يۆلەپ سەل ئېگىزلىتىپ قويايلى دېسە ئۇ، بۇ يەردە بوۋام بىلەن مومامنىڭ قەبرىسى بار، ئوغلىمىزنىڭ قەبرىسىنى ئېگىزلەتىشكە بولمايدۇ، دەپ ئۇنىمىغانىدى. ئوغلى ھايات بولىدىغان بولسا ئىككىيلەن شۇ تاپتا نەۋرىلىك بولغان بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئەمدى ئوغلى يوق، ئۇلار قېرىپ ئىش قىلالماس بولۇپ قالغاندا ھېچكىم بۇ يەرگە كېلىپ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەبرە بېشىغا توپا يۆلىمەيدۇ، روھىغا قەغەز كۆيدۈرمەيدۇ. مۇشۇلارنى خىيال ئېكرانىدىن ئۆتكۈزگەن لاۋدېچاڭنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىك ياشلىرى قار - يامغۇر كەبى تۆكۈلدى. بۇنچە كەچتە نېمە قىلغىلى چىقتىم؟ ئۇخلىيالمايمۇ؟ ئۇيقۇم كەلمىسە غىڭشىپ ناخشا ئېيتسامچۇ، ياڭجىياجاڭ ياكى يۈفيىنىڭ تەرجىمىھالىنى ئاڭلىسامچۇ بىر ئىشقۇ. بوۋاي ئەسلى غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا خۇشتار ئىدى، ئوغلى تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن ناخشا ئېيتىشقا رەغبىتى بارمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە موماي تولا يىغلاپ بىر كۆزى تۇتۇلۇپ قالاي دەۋاتسا، ئۇنىڭ كۆڭۈل خۇشى قىلىدىغانغا قانداقمۇ رايى بارسۇن؟ ئەمسە بۇنچە كەچتە نېمە قىلغىلى چىقتىم؟ سۇ فامىلىلىكنىڭ ئوغلىنى قۇتقۇزغىلىمۇ؟ مەن شۇنچە رەھىمدىلمۇ؟ تېخى ئىلىشىپ قالغىنىم يوق. سۇ فامىلىلىكنىڭ ئاشۇ كۈندىكى ئىشى كۆڭلۈمدىن ھەرگىز چىقمايدۇ. ئۇنىڭغا ئوغلىدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ تەمىنى تېتىتقۇزمىسام، ئۇنى ناخشا ئېيتالمايدىغان، ياڭجىياجاڭنى، يۈفېينىڭ تەرجىمىھالىنى ئاڭلىيالمايدىغان، يەنە تېخى ماشىنا ھەيدىيەلمەيدىغان قىلىۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس.

لاۋدېچاڭ گاڭگىراپ قالدى، كۈچلۈك ئۆچ ئېلىش ئىستىكى خىيالىنى چىرمىۋالغانىدى، ئەمما نېمىشقىدۇر يۈرىكى يەنە جان تالىشىۋاتقان بەختسىز ياشقا تارتىشاتتى، بوۋاينىڭ پۇتلىرى ئۆزلىگە بويسۇنمايۋاتاتتى.

لاۋدېچاڭ تاشيولنىڭ بويىغا كەلدى. ياردار بالا يولنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئېرىقتا ئىدى، لاۋدېچاڭنىڭ كاللىسى تېزلا سەگەكلەشتى، ئۇ ئۆزىنىڭ بالىنى قۇتقۇزغىلى كەلگەنلىكىنى توساتتىن ئاڭقاردى. سۇ فامىلىلىكنىڭ بالىسىنى قۇتقۇزۇۋېلىشىمىنىڭ سەۋەبى شۇكى، سۇ فامىلىلىكنىڭ بالىسى ئاتىسىدەك قارا نىيەت ئەمەس، ئەگەر بالىسىنىڭ ئورنىدا سۇ فامىلىلىكنىڭ ئۆزى بولغان بولسا ئۇنى ھەرگىز قۇتقۇزمايتتىم، شۇ تاپتا سۇ فامىلىلىكنىڭ يالغۇز ئوغلىنى قۇتقۇزۇپ، ئۇنى بالامنى قۇتقۇزمىغانلىقىغا مىڭ تۇۋا، پۇشايمان قىلغۇزۇپ خەقنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلىپ، ئۇچرىغانلىكى ئادەم مەسخىرە قىلىدىغان، نومۇستىن ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدىغان قىلىۋەتمەيدىغان بولسام ھېساب ئەمەس.

لاۋدېچاڭ ئاخىر بالىنى قۇتقۇزۇشنىڭ يەمىرلىمەس سەۋەبىنى تاپتى. ئۇ تېخىمۇ تېز يۈگۈردى. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق تېز يۈگۈرۈپ باقمىغانىدى، شۇ تاپتا ئۇ قۇشتەك ئۇچۇۋاتاتتى.

— بالام، بالام! يولغا چىقىن، — لاۋدېچاڭ بوغۇلۇپ ۋارقىرايتتى، — بالام ساڭا بىر ئىش بولمىغاندۇر! ئېرىق بويىغا كەل، — لاۋدېچاڭنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالاي دەپ

قالدى. ئۇ تىت - تىت بولغىنىچە تېخىمۇ
قاتتىق ۋارقىرىدى.
ئېرىق ئىچىدىن شەپە، بوغۇق ئاۋازى ئاڭ-
لاندى:
— مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار! قۇتقۇزۇۋېلىڭ-
لار!
ئېرىق ناھايىتى تىك، ئاستى كۆيىدەك قاراڭ-
غۇ ۋە تۇمانلىق ئىدى. لاۋدېچاڭنىڭ بېشى
قېيىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ئېرىق
ئاستىغا نەدىن، قانداق چۈشۈشنى ئۇقالماي قىلى-
ۋاتقان لاۋدېچاڭنىڭ بېشىدىن پۇرۇلداپ تەر
چىقىپ كەتتى. ئۇ قولچىرىغىنى، ئايالىنى ئېلى-
ۋالمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. شۇ تاپتا قولچىرى-
غى بولۇپ، خوتۇنى ھە-پە دېيىشىپ بەرگەن
بولسا ئىش ئاسانغا توختايتتى ئەمەسمۇ! ئۇ تىت-
تىت بولۇپ ئارقىسىغا قارىۋېدى، يولدا بىر يو-
رۇقلۇقنىڭ ئېرىق تەرەپكە قاراپ لەپەڭشىپ كې-
لىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئارقىدىنلا خوتۇنىنىڭ
تىۋۇلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. لاۋدېچاڭنىڭ كۆزى
ۋاللىدە يورۇپ، مەلھەم دورىنى چىڭ تۇتقىنىچە
ئېرىققا قاراپ ۋارقىرىدى:
— ئوغلۇم، ئوغلۇم، مەن كەلدىم، — شۇ ئەس-
نادا لاۋدېچاڭ تېيىلىپ كەتتى، ئۇ شۇ تېيىلغىنى-
چە ئېرىققا چۈشۈپلا كەتتى.

(«خەنزۇچە 2008-يىللىق جۇڭگو ھېكايىلىرى» ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى)
(تەرجىمان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)
مۇھەررىر **مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك**

(بېشى 142 - بەتتە)
قاتتىق ئېھتىيات قىلدى، سالاھىيىتى ئاشكارىلى-
نىپ قالسا ئاۋارىچىلىككە يولۇقاتتى.
ئۇ ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، كىيىم-
كېچەك، چاچ شەكلى ۋە گىرىم ئۇسلۇبىنى پۈتۈنلەي
ئۆزگەرتىپ ئەسلىي ھالىتىگە كەلدى. ئاندىن ئىشقا
باردى. ئۇ ئاق رەڭلىك خىزمەت كىيىمىنى ئالماشتۇ-
رۇپ ھەقىقىي بىر سېستىراقىزغا ئوخشىدى.
— دوختۇر، بايا چىقىپ كەتكىنى كىم؟ كې-
سەللىك ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى ئۇ.
— ياخشى ئەمەس، راست گەپنى ئېيتسام يەنە
بەش ئايلىق ۋاقتى قالدى. ئەڭ ئۇزاق بولغان تەق-
دىردىمۇ سەككىز ئايغا بارمايدۇ. بىراق بۇ گەپنى
ھەرگىز ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا
ئېيتىشقا بولمايدۇ، بولمىسا ئۇلار زەربىگە
ئۇچراپ قالىدۇ.
ئۇنىڭ بۇ گەپنى بىمارغا ياكى ئۇلارنىڭ ئائى-
لە تاۋابىئاتلىرىغا ئېيتىش نىيىتى يوق ئىدى.
بىراق، ئۇ كېسەللىك تارىخىدىن ئۇنىڭ ئولتۇ-
رۇشلۇق ئورنى بىلەن كەسپىنى بىلىۋېلىپ،
ئۇنى ئۆچ كۆرىدىغانلار ياكى ئۇنىڭ سودا رىقا-
بەتچىلىرىگە ئېيتاتتى...

(«مىكرو ھېكايىلەردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2009-يىللىق 21-سانىدىن)
(تەرجىمان قەشقەر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدە)
مۇھەررىر **مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يى خۇي



# «بۆرە توتېمى» زادى قانداق توتېم

**ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر** تەرجىمىسى

ئۆزۈمنىڭ ناھايىتى زور قىزىقىش ئىچىدە، ھەتتا غەلىتە نەرسىلەرنى ئىزدەش خاھىشىم بويىچە «بۆرە توتېمى» ناملىق «ئاجايىپ ۋەقە» ۋە «غەلىتە تەپەككۇر»لەرگە تويۇنغان ئۇشبۇ كىتابنى ئوقۇپ چىققانلىقىمنى تەن ئالماي تۇرالمايمەن. ئاپتور كىشىلىك خاراكتېر ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇرەككەپ روھىي ھالەتلەرنى تېما قىلىپ «ئالەمنىڭ جەۋھىرى»، «پۈتكۈل كائىناتنىڭ روھى» بولغان ئادەمنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن تەسۋىرلەشنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى سىرلىق ھەم يىرتقۇچ مەخلۇق بولغان بۆرىنى قەلەمگە ئېلىپ، بۇ ھەقتە ئەپسانە توقۇپ چىقىشقا ئۇرۇنغان. دەبدەبە بىلەن تولغان 500 مىڭ خەتلىك بۇ روماندا بۆرە باش قەھرىمان قىلىنىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇش ھالىتى، خۇسۇسىيىتى ھەم ھاياتلىق ئۈچۈن تىركىشىش جەريانى ئاساسلىق تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىنغان، ۋەھالەنكى روماندىكى ئادەملەر بولسا پەقەت كۆزەتكۈچى ۋە شەرھلىگۈچى سۈپىتىدىلا ئوتتۇرىغا چىققان. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتقاندا، بۇ روماننى پەقەت پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقى دېيىشكىلا بولىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ئادەتتىكى ھايۋانات ھەققىدە يېزىلغان رومان بولۇشقىمۇ سالاھىيىتى توشمايدۇ.

ئەسەردە ئاپتور باش قەھرىماننى كۆچەپ تەسۋىرلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۆرىدىن قورقۇش، بۆرىنى يوقىتىشتىن تارتىپ بۆرە بېقىش، بۆرىنى ئاسراش، بۆرىنى چوڭ بىلىش، ئەڭ ئاخىردا بۆرىگە مەدھىيە ئوقۇشتىكى ھېسسىيات ھەم تونۇش جەريانىنى تەسۋىرلىگەن. ئۇنىڭ مەقسىتى بۆرە بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش، بۆرىنىڭ ھاياتلىق ئېكولوگىيەسى، خۇسۇسىيىتىنى بايان قىلىش ھەم شەرھلەش جەريانىدا بۆرە روھىدىن ئىبارەت بىر خىل روھ («بۆرىلىك خۇسۇسىيەت»، «بۆرە توتېمى»)نى چەككىلەپ ئېلىپ، ئۇنى بولۇشىغا پەردازلاپ كۆككە كۆتۈرسە، ئەكسىچە ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىنى چۆكۈرۈپ، ئۇلارنى بۆرە روھىنىڭ ياراتقۇچىلىرى ۋە چوقۇنغۇچىلىرى ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغان. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئادەم، ئىنسانلار تارىخى ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىنى كو-

نىلىقىقا قايتۇرۇشقا ئۇرۇنغان. ئاپتور بۆرىنىڭ قېنىنى ئادەملەرنىڭ قېنىغا كىرگۈزۈپ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى ۋەھشىي، كۈچلۈك، شىددەتلىك بۆرە خاراكتېرى ۋە بۇ بۆرە خاراكتېرلىرىنى روھىي تۈۋرۈك قىلغان يايلاق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلىرىنىڭ روھىنى ئاجىز، بىكىنمە ھالەتتىكى جۇڭخۇا تېرىم مىللەتلىرىنىڭ روھىغا بىر-بىرلەپ كۆچۈرۈپ «روھ ئارقىلىق قان يەتكۈزۈش» تارىخىنى نامايان قىلغان.

مۇشۇنداق غەلىتە، غەيرىي رومانىنىڭ بۇگۈنكى كۈندە شۇنچە بازار تېپىپ كەتكىنى ھەقىقەتەن ئەقىلگە سىغمايدۇ. دەرۋەقە بۇ كىتابتا خۇددى پىلانلىغۇچى ئېيتقاندەك «مۇھەببەت، جىنس سۆزلەنمىگەن»لىكى بەك قىزىق. ئەڭ قىزىقارلىقى، بىزنى كىتابتا سۆزلەنگەن بۆرە ھېكايىسى — بۆرە بىلەن يايلاق، بۆرە بىلەن ئادەم ۋە بۆرە بىلەن باشقا ھايۋانلارنىڭ ھېكايىسى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بىز كىتابتىن بۆرىنىڭ خاراكتېرى (خاراكتېر دېگەن بۇ سۆزنى ھايۋاناتقا ئىشلەتكىلى بولىسىلا)، بۆرىنىڭ ئۇزۇقلۇق تۇتۇشى ھەم بۆرىلەرنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن تىركىشىشتىكى ئەقىل-پاراسىتىنىڭ بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتكەنلىكىنى؛ بۆرە بىلەن يايلاقتىكى چارۋىچىلارنىڭ ھەم دۈشمەنلىشىش، ھەم ئىتتىپاق ئۆتۈشتەك غەلىتە مۇناسىۋىتىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە شۇنچە كۆچەپ تەسۋىرلىگەنلىكىنى؛ يەنە ھېكايىلەرگە نۇرغۇن ئېكولوگىيەلىك بىلىملەر ۋە ساياھەتچى-ئېكىسكۇرسىيەچىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئاجايىپ-غارايىپ مەنزىرە ۋە يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى قوشۇمچە قىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئاشۇ خەتەرلىك ھەم رەڭگارەڭ ئەپسانىلەر، ساۋاتلار، مەنزىرىلەر ھەم ئۆرپ-ئادەتلەر كىشىلەردە تەبىئىي ھالدا شۇ يەرلەرگە بېرىش ئىستىكىنى قوزغىماي قالمايدۇ. شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇنداق نەرسىلەر ئوقۇرمەنلەر، بولۇپمۇ شەھەرلەردە ياشاۋاتقان، ئاتالمىش زامانىۋى مەدەنىيەتلەرنىڭ قورشاۋىدا قالغان ئوقۇرمەنلەرگە تېخىمۇ يېڭىلىق تۇيۇلىدۇ. ئەيتاۋۇر قاچانلاردىن باشلاندىكىن تاڭ، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا شەخسلەرنىڭ كۈندىلىك تەجرىبىلىرىنى ۋە ھېسسىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئىپادىلەش يېزىقچىلىقنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلىنىپ قالغىلى تۇردى. ئوقۇرمەنلەر شەھەرلەردىكى مۇھەببەت، سودا جېڭىدىكى لەيلەش-چۆكۈشلەر ياكى بازار ئىگىلىكى دەۋرىدىكى جان ساقلاشتىن ھېس قىلغان ئاچچىق-چۈچۈك، يۇمشاق يازمىلار بىلەن قورشىلىپ قېلىپ ئەتراپتا يۈز بەرگەن ئۆزلىرىگە يارىشا ھېكايىلەرنىلا ئوقۇيدىغان بولۇشتى. مانا مۇشۇنداق مۇھىتتا «بۆرە توتېمى» كىشىلەرنىڭ ياقا يۇرتلارغا بولغان ئىنتىلىش ھېسسىياتىنى تەڭشەش، ئۇرۇنۇشلىرى ۋە غەلىتە نەرسىلەرگە تەلپۈنۈش ئىستەكلىرىنى قاندۇرىدىغان يېڭى ئوقۇشلۇققا ئايلىنىپ قالدى.

بۆرىگە ئائىت ھېكايىلەر نوقۇل بايان قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن بولسا، «بۆرە توتېمى»نى رومان دېگەندىن كۆرە ئۇنى «ھايۋانات دۇنياسى» دېسە تېخىمۇ مۇۋاپىق بولار ئىدى. شۇنداق بولسا ئوقۇرمەنلەر ئارىلاشماسلىق ھەقىقىدىكى بەزى ئىلىملەرگىمۇ ئىگە بولغان بولاتتى. ئاپتور بۆرىنى تەسۋىرلەش ھەم سۈرەتلەشتە ھەممە تەرەپ ئېتىراپ قىلغان ھەم چوقۇنغان مەيداندا تۇرۇپ بۆرىگە كۈچلۈكلۈك، ئىنتىلىشچانلىق، ئەقىل-پاراسەت، كۈچ-قۇدرەت، ئومۇمىيلىق ۋە كوللېكتىپلىق روھىنى يۈكلىگەن... ئىشقىلىپ بارلىق ئېجابىي ئالاھىدىلىكلەر بۆرىنىڭ «يايلاق قەھرىمانى»، تەبىئەت ئاپىرىدە قىلغان (كىتابتا ئېيتىلغان «تەڭرى ئاتىسى») روھ ئەركىسى، چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ «ئۇلۇغ ھەم كەم تېپىلىدىغان لەشكىرىي مۇشاۋۇرى» دېگەندەك سۈپەتلەرگە مۇجەسسەملەشكەن. ئۆزىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ بىيولوگىيەلىك نامايەندە ۋە تەسۋىر بولۇپ، ئۆز خاھىشى بويىچە ئىپادىلە-

گەن ئەدەبىي تەسەۋۋۇر ۋە قۇرۇق توقۇلمىغىمۇ يەتمەيدۇ. بۇ كىتابنى ئوقۇسىڭىز ئاپتورنىڭ بۆرە تەسۋىرىدىكى تەبىئىيلىك ۋە ماھىيەتلىك مەسىلىلەردە كەڭلىك ئالىمىدە ئەركىن قەلەم چاپتۇرغانلىقىنى، بۆرىگە ئالاقىدار بارلىق سەلبىي قىممەت ئامىللىرى (مەسىلەن: ۋەھشىيلىك، قانخورلۇق، ئاجىزلىرى كۈچلۈكلىرىگە يەم بولۇشتەك ھايۋان خاراكتېرى)نى، مادىدىنىڭ تەبىئىيلىكى دەپ قاراپ، ئۇنى سۇسلاشتۇرۇش ياكى سەل قاراش پوزىتسىيەسىدە بولغانلىقىنى، ھەتتا ئۇنى ئىجابىي ئالاھىدىلىك دەپ قاراپ، ئۇنى جىنىنىڭ بارىچە كۈچەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، ئۇنى بىر خىل ئادىمىيلىك روھ، بىر خىل مەدەنىي تەرەققىيات ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى زامانىۋى توتېم دەرىجىسىگە كۆتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلماي تۇرالمايسىز.

ئەمەلىيەتتە بىزلەرگە شۇنىسى ئايانكى، بۆرە دېگەن بۆرە، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىقلار زەنجىرىنىڭ بىر ھالقىسى، خالاس. بۆرىلەردىكى ئاشۇ ئاتالمىش «روھ» ۋە ئەقىل-پاراسەت جانلىقلار تەبىئىتىدىكى مۇقەررەر تاللاش پرىنسىپى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان، ئۇ ھايۋانلاردىكى بىر خىل ماھارەت بولۇپ، ئۇ قانداقتۇر تەبىئەتتىكى ئوزۇقلۇق زەنجىرى ۋە جانلىقلار قانۇنىيىتىدىن تاشقىرى پەيدا بولغان، تەبىئەتتىن ئايرىلغان ھالەتتىكى تاللاش ئەمەس. ئۆز تەقدىرىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان كۈچ پەقەت ئىنسانىيەتكىلا خاس، پەقەت ئىنسانلارلا بۇ خىل سۇبيېكتىپ ئاڭ ۋە ئىقتىدارنى ھازىرلىغان بولۇپ، ئۇلارلا ھەقىقىي يوسۇندىكى ئۆز تەقدىرىنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغۇچىلاردۇر.

ئەمما ئادىمىيلىك، مەنىۋىلىك خاراكتېرگە ئىگە بۆرىلەر تەبىئەتنىڭ ئەركىسى، زېمىنىنىڭ قەھرىمانى قىلىپ تەسۋىرلىنىپلا قالماي يەنە «بۆرىلىك خاراكتېر»مۇ ئادەم تەبىئىتىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان، ھەتتا ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا پۈتۈنلەي كۆچۈرۈپ كېلىش ۋە جارى قىلدۇرۇش زۆرۈر بولغان نۇرلۇق ئېلېمېنت قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇ ھەتتا بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە ئۆرنەك قىلىشقا تېگىشلىك ئاممىۋى ھاياتلىق پەلسەپەسى — سېپى ئۆزىدىن دارۋىنىزم: شەخسنى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ھەرىكەت ۋە قىممەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى قىلىش، ئەركىن رىقابەتتە ئۇتۇپ چىققانلارنى ئۇلۇغلاش، بۇ ئارقىلىق كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسى ۋە ھەققانىيلىقىغا ئېرىشكەن ۋاقىتتا مەلۇم مەنىدىن بىزنىڭ جانلىقلار تەبىئىي تاللايدىغان، ماسلىشالىغانلىرى ھايات قالىدىغان تەبىئەت دۇنياسىغا قايتىشىمىزنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

تېخىمۇ قىزىقارلىقلىقى، بىز ئىككى خىل ئوقۇپ مۇھاكىمە قىلىشتىن «بۆرە توتېمى»نىڭ قانداق نەتىجە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بىرى، جاڭ رۇيمىن — زامانىمىزدىكى سودا قەھرىمانىنىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يازغان تەۋسىيە سۆزىدە «بۆرە خاراكتېرى»دىكى ئەقىل-پاراسەت، ئەقلىي بىلىش ۋە كوللېكتىپ روھنى كۈچەپ تەكىتلىگەن. دېمەك ئۇ بىر سودا رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن يازغۇچىنىڭ «بۆرە خاراكتېرى»گە قايتىدىن ئېنىقلىما بەرگەنلىكى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلغانلىقىنى سودا نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئېتىراپ قىلغان ۋە تەكىتلىگەن. يەنە بىر خىلى، ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەر بولۇپ، كىتابنىڭ قىممىتى ۋە ئوقۇرمەنلەر قەلبىدىكى ئىنكاسىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن پىلانلىغۇچى بىزگە مۇنداق بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرىدۇ:

مېترودا ئۈچ ياشنىڭ مۇشۇ ئەسەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ بىرى ھازىرقى جەمئىيەتتە بۆرە كۆپ دېسە، يەنە بىرى قوي كۆپ دەيتتى. يەنە بىرى بىز زادى بۆرە بولۇشىمىز كېرەكمۇ ياكى قويمۇ؟ دەيتتى.

مەيلى قانداق بولمىسۇن بۇ ئۈچ ياشنىڭ مۇھاكىمىسى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى «بۆرە

www.uyghurkitap.com

خاراكتېر» بىلەن «قوي خاراكتېر»، «بۆرە تىپى» بىلەن «قوي تىپى» ئۈستىدىلا مەنە تاپماقتا ئىدى. ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ چۈشەنچىسىمۇ ئاددىي بولىدۇ. ئۇلار بۆرىنى بۆرە دەپلا چۈشىنىدۇ. ئۇلار ئاپتور، پىلانلىغۇچى ۋە شەرھچىلەرنىڭ نىقابىنى، كۆچەپ چالۋاقاشلىرىنى، چىلتەك توپ ئويناشلىرىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىۋاستە سورىغان مەسىلىلىرىنىڭ نېگىزى بۇ خىل نىقاب ۋە چىلتەك توپ ئويۇنىنىڭ مەغلۇبىيەت ۋە گۇمرانلىق بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، خالاس.

مۇبادا مانا بۇلار «بۆرە توتېمى» مەزمۇن تېمىسىنىڭ ھەممىسى بولىدىغان بولسا، ئۇ رومانتىكىلىقتا تولغان ھېكايە بولۇپلا قالماي، يەنە بازىرى ئىتتىك كىتابقا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى؛ كىشىلەرنىڭ ياقا يۇرتلار ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەر ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر ئېھتىياجىنى قامدايدىغان ئەدەبىيات مۇزېيى كىتابى بولۇپ قالغان بولاتتى؛ ھەتتا ئاشۇ بىر قىسىم «بۆرە ئادەم»لەرگە، «بۆرە كۈچۈكى»گە چوقۇنىدىغانلارنىڭ «مۇۋەپپەقىيەت دەستۇرى» بولۇش سۈپىتىدە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشنىڭ دەرسلىكىگە ئايلىنىپ، مۇشۇ يىللاردا مودا بولۇۋاتقان «رەزىللەر دەستۇرى» ۋە «كىلاسسىزمىغا پەشۋا»غا ئوخشاش ئەسەرلەر تائىپىسىگە مەنسۇپ بولغان بولار ئىدى، ھېچ بولمىغاندا ئالىملىق سالاھىيىتىگە ئىگە ئاپتورمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولالمايتتى.

ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «بۆرە»، «بۆرە خاراكتېرى»، «بۆرە ئەخلاقى»نى مەدەنىيەت، ئانتروپولوگىيەنى سۈيئىستېمال قىلىپ تۇرۇپ، تارىخ، مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن شەرھلەيدۇ. «خۇاشيا مىللىتىنىڭ تېرىم مەدەنىيىتى ۋە خۇاشيا مىللىتىنىڭ مىللىيلىق خاراكتېرىدىكى كېسەللىكنىڭ يىلتىزى» ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدۇ ھەم كىتابنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى نەچچە ئون بەتتە ئاتالمىش «بۆرە توتېمى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەش ۋە دىيالوگ» ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قېپچىرچە «ئىدراكىي ئىزدىنىش» ئېلىپ بارىدۇ. ئاشۇ لېكسىيە ۋە دىيالوگلار (ئەمەلىيەتتە ئاپتور ئۆزىنى ئىككىگە پارچىلاپ توسالغۇسىز ھالدا ئۆز-ئۆزى بىلەن ئەركىن پىكىر ئېلىپ بارىدۇ)دا قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋالغان ئىككى نەپەر ئالىم سىياقىدىكى زىيالىي ياش ئەترەت ئەزالىرىنى كۈلدۈرگە ئارتىسلىرىدەك بىر-بىرىگە شۇنداق ماس كەلگەن قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئۇلار ئاپتور ئۆز خاھىشى بويىچە پەيدا قىلغان، تۇس بەرگەن ياكى ھېسسىيات كىرگۈزگەن بايانلار بولۇپ، پۈتكۈل مەزمۇننىڭ خېلى زور سالمىقىنى ئىگىلەيدۇ. ئىككى ھەزىلكەشنىڭ دىيالوگلىرىدا خەنزۇلار بىلەن شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇلۇپ، خەنزۇلار ئاجىز، كونسېرۋاتىپ «قوي»غا، شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بولسا كۈچلۈك، چەبدەس «بۆرە»گە سىمۋول قىلىنغان. تارىختا بۇ خىل ھالەت قىسقارتىلىپ ئىستېلا قىلغۇچى ياكى «قان ئالغۇچى»؛ ئىستېلا قىلىنغۇچى ياكى «قان بەرگۈچى»لەر تارىخى دەپ ئاتالغانمىش. ئاپتور بۇ يەردە خەنزۇ مىللىتى ۋە خۇاشيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە بوشلۇقى، بولۇمسىزلىقىدىن ئېچىنىپ، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە بولغان ئاتاۋىزمچە (ئەجدادىدىن ۋاز كېچىش) باش ئۇرۇش ۋە بەيئەت قىلىشىدىن كىشىنى چۆچۈتىدىغان مۇنداق بىمەنە خۇلاسىنى چىقارغان:

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەجدىھا توتېمى يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ بۆرە توتېمىدىن كەلگەن. خۇاشيا مىللەتلىرىنىڭ «تەڭرى ئېتىقادچىلىقى»نى يەنخۇاڭنىڭ 2-خاقانى يايلاق ۋە كۆچمەن چارۋىچى ئەجدادلىرىدىن خۇاشياغا ئېلىپ كەلگەن. جۇڭخۇا زېمىنىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ۋە تېرىم مىللەتلىرى تەڭرى ئاتا ۋە يايلاق ئانىدىن تۇغۇلغان قان قېرىنداشلار بولۇپ، يايلاق مىللەتلىرى ئاكىسى، خۇاشيا مىللەتلىرى ئىنىسىدۇر. خۇاشيا مىللىتى

تىرىم مۇھىتى ئىچىدە ئاجىزلاپ كەتكەندە قەھرلىك ھەم ساخاۋەتلىك تەڭرىم بۆرىگە خاس كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنى ئوتتۇرا ئىقلىمغا ئەۋەتىپ، قويلىشىپ كەتكەن تىرىم مىللەتلىرىگە قان بېرىپ، ئۇلارغا كۆپ قېتىم يېڭىدىن گۈللىنىش ئېلىپ كەلگەن. كېيىنچە زەئىپلىشىپ كەتكەن «ئىنىسى» پەقەت قەددىنى كۆتۈرەلمىگەن چاغدا «ئاكىسى» ئوتتۇرا ئىقلىمغا كىرىپ خۇاشيا مەدەنىيىتىگە يانتاياق بولۇپ، ئۇنى غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشتۇرغان.

«بۆرە توتېمى» ئاپتور 30 نەچچە يىلدىن ئارتۇق تەتقىق قىلىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئاساسىدا تالاي قان-تەر بەدىلىگە يېزىپ چىققان ئەسەر بولۇپ، سودا جەھەتتىن ھەل بېرىشى، داغدۇغا بىلەن تەشۋىق قىلىش نەتىجىسىدە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كىتاب بازىرىدا كاتتا شۆھرەتلەرگە نائىل بولماي قالمىدى. مەسىلەن: ئوبزورچى لى جىڭزې ئېيتقاندەك، «ئۇ دەۋرىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىقتىدارى ۋە تۇرمۇشى ئۈستىدىكى ئەندىكىشلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈردى. ئەگەر سىز كىتابنى ئوقۇسىڭىز «بۆرە»گە يەتمەيدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلماي قالمايسىز. مانا بۇ ئاپتورنىڭ يەتمەكچى بولغان مەقسىتىدۇر.» ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئاپتور ئۆز ئىدىيەسىنى ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ زەر تون بىلەن قانچىلىك نىقابلاشقا كۆچىمىسۇن، بەرىبىر باش تېمىدىن چەتنەش سەۋەنلىكىنى، كۆز قاراش جەھەتتىكى چولتا ھۆكۈمنى، لوگىكا جەھەتتىكى زىتلىقنى، تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش جەھەتتىكى بوشاڭلىقنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئاپتورنىڭ بىمەھەل شاۋقۇن-سۈرەن پەيدا قىلغان بۇ كىتابى پەقەت ۋاقىتلىق ھادىسە بولۇپلا قالماي، بەلكى نەشرىيات سودىگەرلىرى ئۈمىد قىلغاندەك ئىنتايىن زور مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە، ئۇزاق مەزگىل بازار تاپىدىغان كلاسسىك ئەسەر دېگەن ھۆكۈمى ۋە بازار جەھەتتىكى پەرەزلىرى كۆپۈككە ئايلىنىپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ.

(خەنزۇچە «جوڭگۇەن كەنتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004-يىللىق 11-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)
(تەرجىمان ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدە)

مۇھەررىر **مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك**




**ئەيبۇ ياقۇپ** تەرجىمىسى

**تەرجىماندىن:** ئىمران سالىھى 1947-يىلى تېھراندا تۇغۇلغان. شېئىرىيەتكە بولغان قىزغىنلىق يۇقىرى مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن سالىھىدا كىچىكىدىن باشلاپلا شېئىرىيەتكە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىق ۋە تالانت كۆرۈنۈشكە باشلىغان. 1966-يىلى ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەن سالىھى «مۇۋەپپەقىيەت» ناملىق ساتىرا-يۇمۇر ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن ھەم بۇ جەرياندا ئاستا-ئاستا ساتىرىك شائىر بولۇپ تونۇلۇشقا باشلاپ، ئىران شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى نوپۇزلۇق ژۇرنال «گۇل تاللاش»تا ئەسەر ئېلان قىلىشقا باشلىغان. 1973-يىلىدىن باشلاپ سالىھى ئىران دۆلەتلىك رادىيو-تېلېۋىزىيەسىدە «بۈگۈنكى ئىران ئەدەبىياتى» پىروگراممىسىنى ئىشلەشكە قاتناشقان. بۇ خىزمەت سالىھىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنى يېڭى بىر باسقۇچقا ئېلىپ كىرگەن. ئۇ ئارقا-ئارقىدىن «سۇدا يىغلاش» (1974-يىلى)، «تۇمان ئىچىدىكى پويىز» (1976-يىلى)، «يېرىم يولدىكى بېكەت» (1977-يىلى)، «ئون يەتتىنچى» (1979-يىلى) قاتارلىق شېئىر توپلاملىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ، 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىكى ئىران «بۇرچ شېئىرىيەت ئېقىمى» توپىدىكى شائىرلارنىڭ ۋەكىلىگە ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ساتىرىك شېئىرلىرى بىلەن «ئىران شېئىرىيىتىنىڭ ئەپەندىسى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

1992-يىلى ئۇ «مىڭبىر كېچە»نى قايتا ئوقۇغاندىن كېيىن، ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ھەسسىلەپ ئېشىپ، قىسقىغىنە بىر قانچە ئايدا زور مىقداردىكى شېئىرلارنى يېزىپ تۈرلۈك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدۇرغان ھەم ئىران شېئىرىيەت ساھەسىدە زور تەسىر قوزغىغان. 2001-يىلى بۇ شېئىرلار «مىڭبىر يۈزلۈك ئەينەك» نامىدا نەشر قىلىنغان. 1994-يىلى ئامېرىكىدا ئۇنىڭ «مۇھەببەت كويى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. 1999-يىلى شىۋېتسىيەدە «ئىمران سالىھى شېئىرلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتاب نەشر قىلىنىپ، سالىھى تەكلىپ بىلەن تارقىتىش مۇراسىمىغا قاتناشقان ھەم شىۋېتسىيەنىڭ ئالتە شەھىرىدە لېكسىيە سۆزلەپ، شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلغان. 2000-يىلى سالىھىنىڭ «يەلپۈنىدۇ سەھەر شامىلى»، «تۇيۇقسىز نەزەر» ناملىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. 2003-يىلى «ئەركىلەتمە ئىسمىم بىلەن چاقىرىڭ» ناملىق توپلىمى نەشر قىلىنغان. 2006-يىل 9-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە تەكلىپ بىلەن ئېلىمىزگە كېلىپ، جۇڭگو شېئىرىيەت ساھەسى تەشكىللىگەن «2006-يىللىق پامىر شېئىرىيەت سەپىرى»گە قاتناشقان. 2006-يىل 10-ئاينىڭ 4-كۈنى سەھەردە يۈرەك تىقىلمىسى بىلەن ئىراندا ۋاپات بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## تىلەك

گېزىتلەرنى ۋاراقلاپ كەلمەكتە شامال،
يامغۇر تامچىلار
ۋەقەلەر بەتلىرىگە شۇنچە بىمالال...

تۇمشۇقلىرىغا ئىلغىنىچە كېچىنى
بىر توپ قاغا ئۇچۇپ كېلەر تەرەپبال.
يۇلتۇزلارنىڭ نۇرىدا،
قىيا-قاپتاللاردا بارىمىز ئاستا.
تولغاندۇر ياشلىقنىڭ ھاياجىنى
كۆڭلەك ۋە بىرىبىنت ئاياغلىرىمغا.

سۇ يۈزىدە تۇرار خىرامان،
ئۇچۇپ-ئۇچۇپ ھارغان كېپىنەك.
كېچە
سۇغا ھەمراھ بولغان سىياقتا،
يىلتىزلارغا سىڭىپ بارماقتا.

كىردۇق كېچىنىڭ چايخانىسىغا،
زۇلمەت، قورقۇنچ قالدى تاملار سىرتىدا.
بىز ھارغىن، چايلار دەملەكلىك بۇندا.

تۇيۇقسىز
بىر نۇر ئۆتتى چاراقلاپ-چاقناپ،
شۇدۇر بىزنىڭ پاناھ جايىمىز.
چۈشۈمگە كىردى شۇ كېچە ئاتام،
ئېھ ئاتا، ئۇستۇمگە زىلچا يېيىپسىز...

قۇياش
ئالتۇن رەڭ مىس تاۋاقتا
چاچىدۇ تاغلارغا يالقۇنلىرىنى.
كۆرۈنىدۇ ھاڭنىڭ ئىچىدىن
مۇخ قاپلىغان يوغان قورام تاش،
سىرغىپ تۇرار تامچىلار ئۈندىن
چۆگۈنگە قويايلىكەن قانداق سۈيگۈنى؟

كۈن نۇرىنى توسىغانچە يىراقتىن
بىر توپ قاغا ئۇچۇپ كېلەر تەرەپبال.
شام ياققانچە تىلەكلەر تىلەپ،
پىرلار قەبرىسىنى تۈرىمىز ساقلاپ.
كۆل بويىدا قىچىرچى بوۋاي،
ئولتۇرىدۇ قىچىر تاقلاپ...

## زېمىن قۇلۇپى

زېمىننىڭ قۇلۇپىنى ئاچقاندا بىز،
بىر ئىشىك ۋە بىر شوتا كۆرىمىز.
قەدەم باسقانچە كىرىمىز يەنە،
پايانسىز بوشلۇقتا ھەمدە بارىمىز.

بىر ئىشىك بىر باغقا باشلايدۇ بىزنى،
ئۇ باغمۇ ئىشىك بىلەن بىر باغقا تۇتاش.
ھەممە ياق گۈل-چېچەك چاقنايدۇ ئوتقاش،
مەي باغلاپ مېۋىلەر ئېگىپ تۇرار باش.

ئاخىرقى ئىشىكنىڭ كەينىدە نەھال،
بەلكى باردۇر ئۇچقۇر ئاق بوز ئات،
بىزنى غايىۋى قەلئەگە ئېلىپ بارارغا؛
بەلكى دىۋە بار چېچىپ تۈرغان ئوت،
كۆلىمىزنى كۆككە چاچارغا،
كىرەمدۇق يا قايتامدۇق ئۇدۇل؟...

## ئالتۇن ئۈزۈكتە ياقۇت كۆز

ئالتۇن ئۈزۈكتە ياقۇت كۆز،
قىزىل گۈلدەك تۇمانلار ئىچرە،
جىمجىتقىنە تۇرىدۇ چاقناپ.

بىر ئۈنى ئېلىشتىن سەللا مۇقەددەم،
بىر قۇش ئېلىپ قاچتى ئۈنى بەردەم.
قۇشنى قوغلاپ يۈرىمىز بۇندا،

دالىلاردىن دالىلارغىچە.
قانچە شەھەر يىراقتا قالدى،
يەتتى قەدەم تاغدىن باغقىچە،

ئولتۇرغىلى كۆن بولدى نىكەم،
چارچىماس قۇش بەلكىم ئۇ بەردەم.

## مۇبادا بىز بىلەن سەپەر قىلسىڭىز

مۇبادا بىز بىلەن سەپەر قىلسىڭىز،
ئېزىتقۇ يوللاردا بىللە يۈرسىڭىز،
مومىڭىزنىڭ قەسرىگە بارىسىز.
ئەپسۇندىن ئېچىلار ئۇندا ئىشىكلەر
ئىچىگە ئاۋايلاپ مېڭىپ كىرىسىز.
تۇمارلار چېقىلار ئۆيىقۇدا ياتقان.

ئويغىنار ئۇندىكى سىرلىق ئەينەكلەر.
قايتۇرۇپ مىڭ سادا تىمتاس كارىدور،
ساناقسىز پەلەمپەي قەدىمى بىلەن،
رەڭدار راۋاقتا باشلايدۇ سىزنى.
ئاشۇ چاغ گۈللۈك روجەكلەر ئارا
يۇلتۇزلار سۇنىدۇ سىزگە قولىنى.

## بوششىش

كەل، قاتمۇقات يالقۇننى تىلىپ،
بارايلى بىز ناتونۇش باغقا
يايرايلى چەكلەنگەن دەرەخ ئاستىدا.
كەل، قاتمۇقات قورغاننى بۆسۈپ،
تىمتاس دالىلارنى ئېتەيلى ۋەتەن،

نۇرانە سۇلاردا چايقالسۇن بەدەن.
كەل، يىرتايلى تورنى، قارماقنى،
تەشۋىشلىنىپ تۇرغان بېلىجان
دەريالاردا ئۈزسۇن ھەر تامان.

## نەزەر

دېرىزىدىن ئۈچتۇم يىراققا،
نەزىرىمگە مىنگەشكىنىمچە.
يەتتىم تاغقا،
ھەممە ياقنى قاپلاپتۇ ئاق قار،
تۇرۇپ قالدىم غۇدۇرىغىنىمچە...

سوغۇق،

يېقىپ قويدۇم بىر دۆۋە گۈلخان،
يالقۇن ئىچىدە كۆردۇم ھەم سېنى.

تامچە ئىچىدە.
دۇنيا تەتۈر بولماقتا ئايان.
قايتتىم ئارقامغا
نەزىرىمگە مىنگەشكىنىمچە...

— خەنزۇچە «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2007-يىللىق 2-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى
(تەرجىمان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كاۋاباتا ياسۇنارى (ياپونىيە)




# مەن قاتىل

(ھېكايە)

ئەسقەر ئەھمەدى تەرجىمىسى

بۇ بىر داچا ئولتۇراق رايونى، ئەتىگەن N ئەپەندى ئۆزى يالغۇز چىغىر يولدا سەيلە قىلىۋاتاتتى. ئۇ چوڭ بىر شىركەتنى باشقۇراتتى. ئۇ ھەر شەنبە كۈنى مۇشۇ يەرگە كېلىپ كۆڭۈل ئاچاتتى. ھاۋا شۇنچىلىك ساپ بولۇپ، ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. مۇھىت شۇنچە ئازادە ئىدى، قۇشلار سايرىشىپ تۇراتتى. دەل مۇشۇ پەيتتە، دەرەخ سايىسى ئارىسىدىن بىر ياش ئايال چىقتى. ئۇنىڭ كىيىنىشلىرى ئېسىل، پەردازلىرى جايىدا ئىدى. ئۇ خۇش تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭغا سالام بەردى:

— ياخشىمۇ سىز.

N ئەپەندى قەدەمنى توختىتىپ، چۈشەنمىگەن ھالدا سورىدى:

— سىز؟ كەچۈرۈڭ، سىزنى ئېسىمگە ئالالمىدىم.

— ئەلۋەتتە شۇنداق. چۈنكى بىز تۇنجى قېتىم كۆرۈشتۇق. راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ كىچىككىنە بىر ئىلتىماسىم بار...

— سىز زادى كىم بولىسىز؟

— ئەگەر مەن ئېيتسام، سىز بەلكىم قورقۇپ كېتىشىڭىز مۇمكىن...

— ياق، مەن ئادەتتە قورقمايمەن.

— مەن قاتىل، — دەپ جاۋاب بەردى ئايال كەسكىنلىك بىلەن. قارىماققا، ئۇ ئايال ھەتتا قۇرت - قوڭغۇزنىمۇ ئۆلتۈرەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. N ئەپەندى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۇنداق ئەمەستۇ، — دېدى.

— ئەگەر چاقچاق قىلغان بولسام، مەن ئالايىتەن بۇ يەرگە كېلىپ سىزنى ساقلاپ تۇرمايت-

تىم، — ئايالنىڭ ئىنتوناتسىيەسى بىلەن چىراي ئىپادىسىدىن ئىنتايىن ئەستايىدىللىق چىقىپ تۇراتتى. N ئەپەندى بۇنى ھېس قىلىپ ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ چىرايى تاتارغان ھالدا:

— بۇ گېپىڭىزدىن قارىغاندا، بۇ ئىشنى ئۇ قىلغان ئوخشىمامدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇنداق قەبىھ ۋاستە قوللىنىدىغانلىقىنى راستتىنلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. توختاپ تۇرۇڭ، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي! مېنى ئۆلتۈرمەڭ! — دېدى.

ئۇنىڭ قايتا - قايتا يالۋۇرۇشلىرىدىن كېيىن، ئايال ئېغىز ئاچتى:

— سىزنىڭ مېنى خاتا چۈشىنىپ قالماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن سىزنى ئۆلتۈرگىلى كەلمىدىم.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ قاتىل ماڭا بۇ يەردە پىستىرما قويۇپ، يەنە مېنىڭ سىزنى ئۆلتۈرگۈم يوق دەيدۇ. قاتىللار ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان.

— سىز ئالدىراپلا بۇنداق يەكۈن چىقىرىۋەتسىڭىز مېنى خىجىل قىلىپ قويىسىز. قاتىللارمۇ ھاۋالىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئۆيلەرگە بېرىپ زىيارەت قىلىدىغان گەپقۇ. ھازىرقى ئىش مۇشۇنداق. قانداق، مەن سىزنىڭ كەتمىنىڭىزنى چاپايمۇ؟

N ئەپەندى ئەھۋالنى ئازراق بىلىپ كۆڭلى سەل ئارامغا چۈشتى.

— ئىش ئەسلىدە مۇنداقكەن - دە! مېنى بەك قورقۇتۇۋەتتىڭىز. بىراق ھازىر مېنىڭ سىزگە قىلىپ بەرگۈدەك ئىشىم يوق ئىكەن.

— مەندىن يوشۇرماڭ، بايا سىز دېدىڭىزغۇ، بۇ ئىشنى ئۇ قىلغان ئوخشىمامدۇ دەپ. چوقۇم G مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ باش لىدىرى شۇ.

— ھەئە، مەن بايا ئويلاندىم. G مەھسۇلاتلىرى شىركىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىزنىڭ شىركىتىمىز ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ رىقابەتچىسى. رىقابەتتە ئۇزۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۇلارمۇ بەلكىم باشقا ۋاستىلەرنى قوللىنىش مۇمكىن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ شىركىتىمىز ئۈچۈنمۇ G مەھسۇلاتلىرى شىركىتى ئەڭ چوڭ سودا رىقابەتچىمىز. بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم — ئەمەلىيەتتە مەن ئۇنى ئۆلۈپ كەتسە ياخشى بولاتتى دەپ ئويلايمەن.

ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق نۇرلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ:

— بۇ ئىشتا مەن سىزگە ياردەم قىلاي، — دېدى.

— بۇ گېپىڭىز خېلى بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

— ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مەن چوقۇم سۇ كىرمىگۈدەك قىلىپ ئورۇندايمەن.

N ئەپەندى ئايالغا يېڭىباشتىن بىر قۇر قاراپ، ئۇنىڭ بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىقىغا تازا ئىشەنچ قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ چىرايىدىن رەھىمسىزلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرمايتتى. ئۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن دېدى:

— سىزنىڭ ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت. بىراق، بولدىلا، مەن سىزگە پۈتۈنلەي ئىشىنەي دېسەممۇ، ئىشەنگۈدەك ئاساس يوق. مۇبادا سىز قول سالالماي تۇتۇلۇپ قالسىڭىز، مېنىڭ ھاۋالە قىلغانلىقىمنى باشقىلارغا ھەرگىز ئېيتماڭ، بولمىسا مەنمۇ تۈگىشىمەن. مەن تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى خالىمايمەن.

— گېپىڭىز ئىنتايىن توغرا. بىراق سىز ھېكايە، تېلېۋىزوردىكى بىلىملەرگە ئاساسەن قاتىللىق قىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلىسىڭىز بولمايدۇ. مەن ئوق ئېتىش، زەھەر تاشلاش، ساختا قاتناش ۋەقەسى پەيدا قىلىش دېگەنگە ئوخشاش ئاسانلا ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان ئۇسۇللارنى قوللانمايمەن.

— ئۇنداقتا سىز ئادەمنى قانداق ئۆلتۈرىسىز؟

— ئادەملەردە زادىلا گۇمان پەيدا قىلمايدىغان ئۆلتۈرۈش — كېسەل قىلىپ ئۆلتۈرۈش.

N ئەپەندى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئاچچىقـ

www.uyghurkitap.com

نا كۆلۈپ قويدى.

— چاقچاق قىلماڭە، نەدىمۇ ئۇنداق ئۇسۇل بار؟ يەنە كېلىپ سىز ئۇنى قانداق كېسەل قىلىسىز؟

— ئۇنى قارغايمەن، — دېدى ئۇ، — ئەگەر «قارغاش» دېگەن سۆز كونىراپ قالغان بولسا باشقا سۆز ئىشلەتسەكمۇ بولىدۇ. ئاجايىپ قالتىس ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بېسىمنى ئاشۇرۇپ، يۈرىكىنى زەئىپلەشتۈرۈپ ئۆلتۈرىمىز. بۇنى ھازىرقى تىببىي ئىلىم قائىدىسىگە ئاساسلىنىپ ئېيتقاندا، «روھىي بېسىم» دەپ ئاتايمىز.

— بۇ يەنە چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر گەپ بولۇپ كەتتىغۇ. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتقاندا، ئۇنى تەبىئىي يوسۇندا ئۆلتۈرۈش، شۇنداقمۇ؟ بىراق مەن يەنىلا ئىشەنچ قىلالمايۋاتىمەن، ئەگەر بۇ ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولسا... — دېدى N ئەپەندى بېشىنى تۇتۇپ چوڭقۇر ئويلانغان ھالدا. ئايال بەلكىم ئۇنىڭ خىيالىنى بىلىۋالغان بولسا كېرەك:

— سىز بەلكىم مېنىڭ ئاغزىمدا شەھەر ئېلىشىمدىن ئەنسىرىگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. بىراق پۇلنى ئېلىپ ئىشنى قىلمىساق بولماس. سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئىشنى پۈتكۈزۈپ بولۇپ ئاندىن ھەق ئالىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەقنى بېكىتىشىڭىزمۇ ھاجىتى يوق، — دېدى.

— بىراق...

— مەن سىز بىلەن ۋاقىتنى ئالدىن كېلىشىپ قوياي، ئۈچ ئاي ئىچىدە، ئەگەر سىز ۋاقىتنى كەڭرەك بەرسىڭىز ئالتە ئاي ئىچىدە ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىمەن.

— سىز ئۆزىڭىزگە بەك ئىشىنىدىكەنسىز. ئەگەر سىز ئىشنى ئوڭۇشلۇق تۈگەتسىڭىز مەن سىزگە ھەق بەرمىسەم، سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

— سىز چوقۇم ھەق بېرىسىز، پەقەت سىز مېنىڭ كارامىتىمنى بىلىپ قالسىڭىزلا بولىدى.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا بولىدۇ، سىز سىناپ بېقىڭ. مۇۋەپپەقىيەت قازانسىڭىز مەن سىزگە ھەق بېرىمەن. ئەگەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىسا، مەنمۇ ھېچقانداق زىيان تارتمايمەن، — N ئەپەندى ئەتراپلىق ئويلانغاندىن كېيىن ئاخىر قوشۇلدى. ئايال ئاستاغىنا كېتىپ قالدى.

N ئەپەندى بۇ ئىشنى خىيالىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتىپ تەخمىنەن تۆت ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ بىر ئۇچۇرغا ئىگە بولدى. ھېلىقى ھەممە ئادەمنىڭ ھەۋەسى كېلىدىغان G مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ باش لىدىرى يۈرەك كېسەلى سەۋەبىدىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ساقچى تەرەپ گۇمانلانمايلا تەكشۈرۈش نۇقتىلىرىنى تەكشۈرگەن. دېمەك مۇراسىممۇ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلغان. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، N ئەپەندى ئەتىگەندە داچىسىدا سەيلە قىلىۋاتقان چاغدا، ئۆتكەن قېتىمقى ھېلىقى ئايال دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان يولدا ئۇنى ساقلاپ تۇرغانىدى. بۇ قېتىم N ئەپەندى ئېغىز ئاچتى:

— سىزنىڭ كارامىتىڭىزنىڭ بۇنچىلىك قالتىس ئىكەنلىكىنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن! تەلىيىمگە يارىشا سىز بولۇپ قاپتىكەنسىز. مېنىڭ شىركىتىم ئىنتايىن تېزلا G مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدى. مېنىڭ ھازىر زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

— باشتا كېلىشكىنىمىزدەك بولسۇن، ھەققىمنى بېرىۋېتىڭ.

ئەگەر ھەق بېرىشنى رەت قىلسا، ئۇ ئۆزىمۇ زەربە بېرىش نىشانى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

— بۇنى مەن بىلىمەن. ھەقنى سىزگە چوقۇم بېرىمەن!

ئايال پۇلنى ئېلىپ N ئەپەندى بىلەن خوشلىشىپ شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. يولدا ماڭغىچە ئۇ ئۆزىگە باشقىلارنىڭ ئەگىشىپ مېڭىشىدىن

(ئاخىرى 131 ـ بەتتە)



تۇرسۇن قۇربان تۈركەش

# نەۋايىنىڭ نەسەب دەرىخى

ئەلشىر نەۋايى ئورتاق ئېتنىك مەنبەگە ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە بولغان تۈركىي خەلقلەر بەدىئىي تەپەككۇرىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەم مىللىي روھىنى يۈكسەك تارىخىي سەۋىيەگە كۆتۈرگەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر.

نەۋايىنىڭ ھايات يولىدىكى مۇرەككەپلىكلەر ئۇنىڭ ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدا تۇرۇۋاتقان تۆمۈرىي شاھزادىلەردىن ھۈسەيىن بايقارا نەسەبىگە يېقىن سىياسىي ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

شائىرنىڭ ئاتا تەرەپ نەسەبى ھەققىدە دەۋلەتشاھ سەمەرقەندى (1435 ـ 1495) نىڭ «تەزكىرەت ئۇش ـ شۇئەرا» (شائىرلار تەزكىرىسى)، مىرخاند (1433 ـ 1498) نىڭ «رەۋزەت ئۇس ـ سەفا» (پاكلىق بېغى) ۋە شائىرنىڭ «ۋەقفىيە» قاتارلىق ئەسەرلەردە تۇتۇقراق بايانلار بولۇپ، ئۇلاردا نەۋايى ئاتىسىنىڭ چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن ئىكەنلىكى ۋە پەرغانىدە ئەمىر تۆمۈر كورەگانىنىڭ ئوغلى مىرزا ئۆمەر شەيخ باھادىرنىڭ خىزمىتىدە بولغانلىقى توغرىسىدا مەزمۇن جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. بۇلاردىن نەۋايىشۇناسلىقتا كېيىنرەك بايقالغان بۇخارالىق ھۆكۈمدار ئابدۇلمۆمىنخان (ۋاپاتى 1598)نىڭ «تەمۇت تەۋارىخ» (تارىخلار توگەلى) ناملىق ئەسىرى شائىرنىڭ ئاتا جەمەت شەجەرىسىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرغانلىقى بىلەن قىممەتلىك.

پاكىتقا ھۆرمەت قىلىدىغان ھەقىقىي ئىلىم ئەھلىلىرى ئۈچۈن، ياشلىقىدا ھىراتتا ئوقۇپ، «ئەلشىر نەۋايى دائىرىسىدىكى ئەدەبىي ـ مەنىۋى ھايات ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى مۇكەممەل بولغان» ①، جۈملىدىن ئەينى دەۋردە شائىرنىڭ ئۇلپەتلىرى مەجلىسلىرىگە ئىشتىراك ئەتكەن تارىخچى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر (1499 ـ 1551) نىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تارىخىي رەشىدى» دە خاتىرىلەنگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانماي ئامال يوق. ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسىم 431 ـ بېتىدە كۆرسىتىلىشىچە، مىر ئەلشىرنىڭ «ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بولۇپ، ئاتىسى كىچىككىنە باخشى دەپ ئاتالغان» ② ئەمما

غىياسىددىن باخشىنىڭ شەجەرىسى ھەققىدە نەۋايىشۇناسلىقتا ھازىرغىچە بۇنىڭدىن باشقا تەپسىلىرەك ئۇچۇر بايقالمىدى.

ئەلىشىر نەۋايى «نەسايىمۇل ـ مۇھەببەت» (مۇھەببەت شامالللىرى) ۋە «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» (گۈزەللەر يىغىلىشى) تەزكىرىلىرىدە، 15 ـ ئەسىردىكى مەدەنىيەت ـ سەنئەت نامايەندىلىرى ۋە دۆلەت ئەربابلىرىدىن بولۇپ 500 دىن ئارتۇق زاماندىشىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان. بۇلاردىن شائىر ئاتا تەرەپ شەجەرىسىگە ئالاقىدار بەزى شەخسلەر ھەققىدە قىسمەن ئۇچۇرلار قالدۇرغان. يەنە «مۇنشەئات» ۋە «سەددى ئىسكەندەري» دەك بەدئىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەردىمۇ ئۆز نەسەبىگە ئىشارە قىلىنغان مەزمۇنلار بار. دېمەك ئۆزئارا تولۇقلاش رولىنى ئوينايدىغان يۇقىرىقى ئەسەرلەردىكى نەۋايى نەسەبىگە ئائىت مەزمۇنلارنى توپلاپ ئۆگىنىش شائىرنىڭ ئۆزلۈك ئالەمىنى تېرەن چۈشىنىش ۋە ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارىنى يېتىشتۈرگەن ئائىلىۋى مۇھىت توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرىمىزنى بېيىتىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

نەۋايىنىڭ ئاتا تەرەپ بوۋىسى ئەبۇ سەئىد چاڭ مىرزا بايقارانىڭ بەگلەر بېگى ئىدى. ئۇ تۆمۈرىزادىلەردىن پەرغانە ھۆكۈمرانى ئۆمەر شەيخ بىلەن كۆكۈلداش بولغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي جەريانلاردا شاھلىق سەلتەنەتىگە خاس خىزمەتنى كۆرسىتىدىغان بۇ مەرتىۋە شائىرنىڭ ئاتا جەمەت نەسەبىگە ئالاقىدار بولۇپ كەلگەن.

خاندەمىر (1473 ـ 1534) نىڭ «مەكارىمۇل ئەخلاق» (ئالىيجاناب خۇلقلار) ناملىق ئەسىرىدە «ئەمىر نىزامىددىن شەيخ بەھلۇلبەگ ئالىي نەسەب ئەمىرنىڭ ئۇلۇغ بۇرادىرى ئىدى» ③ دەپ كۆرسىتىلگەن. مەزكۇر ئەسەردە يەنە شائىرنىڭ دېيىنە مۇراسىمىنى ئۇنىڭ ئاكىسى ئەمىر نىزامىددىن شەيخ بەھلۇلبەگ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەمىر كامالىددىنىنىڭ باشقۇرغانلىقى ئېيتىلغان. ئابدۇلمۆمىنخان بولسا بۇ مۇراسىمنى شائىرنىڭ تاغىسى ھەسەن ئەلى جالايىرنىڭ باشقۇرۇپ، نەۋايىنىڭ جەسىتىنى شائىر ھاياتلىقىدا ئۆزى قۇرغان مەسچىت جامەسىنىڭ بۇرجىكىدىكى مەقبەرىگە دەپنە قىلغانلىقىنى يازغان. شائىرنىڭ كىچىك زاماندىشى بولغاچقا، بىز بۇلاردىن خاندەمىرنىڭ بايانلىرىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن دەپ قارايمىز.

«مەجالىسۇن ـ نەفائىس» نىڭ بەشىنچى مەجلىسىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، شەيخ بەھلۇلبەگ «سۇلتان ساھىبقىران (ھۈسەيىن بايقارا) دۆلىتىدىن، خارەزم تەختىدە ھۆكۈم سۈرۈپ، ئەمىرلەر مەھكىمىسىدە مۇھۇر باسقان» ④. مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانمىغان.

شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، شائىرنىڭ ئاكىسى شەيخ بەھلۇلبەگ بىلەن شائىرنىڭ سۆھبەتدىشى ۋە مۇلازىمى مەۋلانە بەھلۇلنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈش كېرەك. «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» نىڭ تۆتىنچى مەجلىسىدە: «مەۋلانە بەھلۇل ــ تېۋىپ سۈپەت، تالىبىي ئىلىم يىگىت ئىدى» ⑤، دەپ كۆرسىتىلگەن ۋە ئۇ يازغان مۇئەممادىن ئۆرنەك بېرىلگەن. ئايبېك «نەۋايى» رومانىدا مەۋلانە بەھلۇلنى شەيخ بەھلۇل نامى بىلەن شائىرنىڭ خاس خىزمەتچىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. بىز بۇلارغا قاراپ شەيخ بەھلۇلبەگنىڭ مەۋلانە بەھلۇلغا قارىغاندا چوڭ ياشلىق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

شەيخ بەھلۇلبەگنىڭ ئوغلى كامالىددىن سۇلتان ھۈسەيىن ئۆز دەۋرىنىڭ ياخشى شائىرلىرىدىن بولۇپ يېتىشكەن. «ھاتەمى» تەخەللۇسى بىلەن نەزمىلەر قاتقان. «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»دا ھاتەمى غەزەللىرىدىن ئۆرنەك مەتلەئى (غەزەلدە باشلانما بېيىت) بېرىلگەن. «مەكارىمۇل ئەخلاق» دا خاندەمىر ھاتەمىنىڭ نەۋايى ۋاپاتىغا ئاتاپ يازغان تۆۋەندىكى شېئىرىي تارىخ-

نى كەلتۈرگەن:

ئول مەغرىفەتپاناھكى، رەفت ئەز فانايىئ خاك،
فى رەۋزەتىن مۇقەددەستىن تابە ھالۇھۇ.
چۇن يافت ئىن كەمال زى ھەيرات دەر ھەيات،
تەرىخى فەۋت گەشت «ھەيران كەمالۇھۇ» ⑥

تەرجىمىسى:

مەرىپەت ئىگىسى يەر فەزەسىدىن كەتكەچ،
مۇقەددەس جەننەتتە ھالى ياخشى بولدۇ.
ھاياتىدا ئاجايىپ ئىشلار بىلەن كامال تاپقاچ،
ۋاپات تەرىپى «ھەيران كەمالۇھۇ» بولدى.

ئاخىرقى مىسرادىكى «ھەيران كەمالۇھۇ» نىڭ ئەبجەد ھېسابىدا شائىر ۋاپات بولغان ھىجرىيە 906 - يىلىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىقتۇر.

ھاتەمىنىڭ مىر ئىبراھىم ئاتلىق ئوغلى بولغان. نەۋايى «مەجالىسۇن - نەفائىس» دا بۇ ھەقتە مۇنداق يازغان: «مىر ئىبراھىم - سۇلتان ھۇسەيىننىڭ ئوغلى. ئۇ پېقىرنىڭ (مەن نەۋايىنىڭ) تاغىسى ⑦ (شەيخ بەھلۇلبەگ) كە نەۋرە. پېقىر ئۇنى ئۆز ئوغلۇمدەك كۆرۈپ، ئاسراپ كەلدىم ⑧. شائىر بۇنىڭغا ئۇلاپلا مىر ئىبراھىمنىڭ «شاھىم» ۋە «ماھىم» ئىسىملىرىغا يېزىلغان مۇئەمماسىنى بىر خىل قىزىقىش ۋە سۆيۈنۈش بىلەن مىسال كەلتۈرگەن.

شائىر ئائىلىسى ۋە نەسەبىنىڭ يەنە بىر ئەزاسى، باھادىر ۋە ئىسىانكار تارىخىي شەخس نەۋايىنىڭ بىر تۇغقان ئۇكىسى دەرۋىش ئەلىبەگدۇر. دەسلەپ نەۋايىنىڭ كېيىن ھۇسەيىن بايقارا كۇتۇپخانىسىنىڭ باشلىقى بولغاچقا ئۇنىڭ ئىسمىغا «كىتابدار»، پادىشاھ سارىيىغا خاس ئەمەلدار بولغىنى ئۈچۈن «كۆكۈلداش» لەقەملىرى قوشۇپ ئېيتىلغان. ئايبېك «نەۋايى» رومانىنىڭ ئىككىنچى بابىدا ئاكا - ئۇكىنىڭ ۋەزىيەت ۋە كۇتۇپخانا توغرىسىدىكى قىرىنداشلارچە دىيالوگلىرىنى، 29 - بابىدا ھۇسەيىن بايقارانىڭ ۋەدىسىزلىكى بىلەن پۈت - قوللىرى كىشەنلەنگەن دەرۋىش ئەلىبەگنىڭ ئاكىسى — نەۋايىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەنلىكىدەك تارىخىي پاجىئەنى تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېھتىيات سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، شائىر «مەجالىسۇن - نەفائىس»دا ئىنىسى ھەققىدە توختالمىغان. دەرۋىش ئەلىبەگنى ياخشى بىلىدىغان، ھەتتا كېيىن ئۇنى ئۆز خىزمىتىگە ئالغان زەھىرىدىدىن مۇھەممەد بابۇر «بابۇرنامە»سىدە بۇ كىشى ھەققىدە مۇنداق يازغان: «ئەلىشىر بەگنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ئىدى. بەلخ ھۆكۈمىتى بىر مەزگىل ئۇنىڭ قولىدا بولدى، ياخشى ئىشلىدى.»⑨

1492 - يىلى دەرۋىش ئەلىبەگ بەلخ (ھازىرقى ئافغانىستاندا) گە ھاكىم بولغاندىن كېيىن، نەۋايى ئوردىدا ئۆزلىرىگە قارىتا كۈچەيگەن سۇيىقەستلەرنى ئالدىن سېزىپ، ئىنىسىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ۋە ئۇنىڭ تەقدىرىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەن. «سەددى ئىسكەندەرىي» داستانىنىڭ خاتىمىسىدىكى «ھاكىم سۈرەت، دەرۋىش سۈرەت ۋە دەرۋىش ئىسىم...» ماۋزۇسى ئاستىدا پۈتۈلگەن مونۇ بېيىتلار دەرۋىش ئەلىبەگكە روشەن ئىشارە قىلىپ يېزىلغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كۆزگە چېلىقىدۇ.

ئايا گەۋھەرىم كانىنىڭ گەۋھەرى،
مۇنىر ئەختەرىم بۇرجىنىڭ ئەختەرى.
نەچە ئەۋجى ھەشمەت ئۇزە فاش سەن،
ماڭا نىسبەت ئىچرە قېرىنداش سەن...
نەۋاسىز ئۇلۇسنىڭ نەۋا بەخشى بول،
نەۋايى يامان بولسا سەن ياخشى بول ⑩.

نەۋايى «خەمسە» چىلىك ئەنئەنىسى بويىچە غايىۋى جەمئىيەت ھەققىدىكى مەزكۇر داستانىنى تاماملىغان 1485 - يىللىرى خۇراسان دۆلىتى يوقىلىشقا يۈزلەنگەنىدى. ۋەزىر مەجدىددىن مۇھەممەد، خەدىچە بېگىم قاتارلىقلارنىڭ زوراۋانلىقى ھەم پىتنىسى بىلەن شائىر ھاكىمىيەتتىن چەتنەشتۇرۇۋېتىلىپ، ئەلدە

زۇلۇم كۆچەيدى. بۇنى ئۆزلىرىگە قىلىنغان ئادالەتسىزلىك دەپ بىلگەن دەرۋىش ئەلبەگ ئىسيان كۆتۈردى. مۇشۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە نەۋايى پادىشاھ مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۇكىسى دەرۋىش ئەلىگە «ئەل ۋە خەلق مەنپەئىتىنى چوڭقۇر ئويلاپ ھەرىكەت قىلىش، ئەقىل، ئىنساپ ۋە ئادالەتكە تايىنىش، يۇرت ئىشىنى ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن قۇربان قىلىشنىڭ ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكى»⑪ ھەققىدە خەت يېزىپ، ئاپەتنى توسۇپ قالدى. لېكىن پادىشاھ لەۋزىدە تۇرمىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئايبېك رومانىنىڭ 29 ـ بابىدا، خاقان ھەزرەتلىرىنىڭ ئەمرى بىلەن باغلانغان دەرۋىش ئەلى، گۇناھسىز ئىنىسىنى ئۆز قولى بىلەن قامىتىش ئۈچۈن ۋاقىتىنچە بەلخنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان نەۋايىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنىدى⑫، دېگەن مەزمۇندا تەسۋىر يورۇتتى.

«سەددى ئىسكەندەرىي» دىن ئېلىنغان بۇ پارچىلار ئەمەلىيەتتە مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا دەرۋىش ئەلىگە قىلىنغان يوشۇرۇن خىتاب بولۇپ، بۇ ئەھۋالنى شائىر «مۇنشەئات»نىڭ 92 ـ مەكتۇبىدا «دەرۋىش ئەلبەگ خىزمىتى بىلەن بىزنىڭ خىزمىتىمىز ئارىسىدا ئايرىمىلىق يوقتۇر»⑬، دەپ ئايدىڭلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي غايىلىرىنىڭ بىردەكلىكىنى ئىزاھلىغان.

بابۇر «بابۇرنامە» دە «سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ زامانى ئاجايىپ بىر زامان ئىدى. خۇراسان بولۇپمۇ ھىرى شەھىرى ئالىم ۋە تەڭداشسىز كىشىلەرنىڭ توپلانغان جايى ئىدى»⑭، دەپ يازغان بولسا، 1501 ـ يىلى نەۋايى ۋاپاتىدىن كېيىن گۈللەنگەن ھىرات مەنىۋى جەھەتتىن چۈشكۈنلۈككە يۈزلەنگەن. 1506 ـ يىلى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئۆلۈمىدىن كېيىن خۇراسان دۆلىتى ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ تەخت تالىشىش ئۇرۇشلىرى سەۋەبىدىن يىمىرىلگەن.

ھۈسەيىن بايقارانىڭ شەيبانىخانغا بىرلەشىپ قارشى تۇرۇش تەكلىپى بىلەن بابۇر كابۇلدىن ھىراتقا كېلىپ (1506 ـ 1507) نەۋايىنىڭ ئۆيىگە چۈشكەندە تونۇشقان بولسا كېرەك، ھىراتتا داۋاملىق تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئەھۋالدا دەرۋىش ئەلبەگ بابۇرنىڭ قېشىغا بارغان. بۇ ھەقتە بابۇر مۇنداق قەيت قىلغان: «يەر يۈزىدە تەڭدىشى بولمىغان... ھەرنى كۆرۈش ئارزۇيىمىزمۇ كۆچلۈك ئىدى... ئالدىدا ماڭا باغى نەۋدىن ئورۇن تەييارلاپتۇ، كېيىن ئۇ يەرنى مۇناسىپ كۆرمەي، ئەلىشىر بەگنىڭ ئۆيىنى تايىن قىلدى، ھىرىدىن كەتكۈچە ئەلىشىر بەگنىڭ ئۆيلىرىدە تۇردۇم... بۇ 20 كۈن ئىچىدە مەشھۇر سەيلىگاھلاردىن ئەلىشىر بەگنىڭ باغچىسى... تەختى نەۋايى... ئەلىشىر بەگنىڭ ئۇنسىيە نامىلىق ئۆيلىرى... ھەممىسىنى ئارىلاپ چىقتىم»⑮ بۇنىڭدىن نەۋايى ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ شائىر تۇرالغۇسىنىڭ مەشھۇر قەدىمجاي سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىپ ساقلانغانلىقىنى، دەرۋىش ئەلبەگنىڭ ئۆيىنىڭ ئىگىسى ۋە شائىرنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە بابۇر بىلەن ئالاقىدە بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدە «بابۇرنامە» نىڭ 324 ـ بېتىدە « 916 ـ يىلى (1510 ـ يىلى) مەن قۇندۇزغا كەلگەندە، مېنىڭ قېشىمغا كەلدى، ۋەيرانە ھالەتتە ئىدى» دەپ كۆرسىتىلگەن بولسا، كېيىنكى سەھىپىدە « 917 ـ يىلى (1511 ـ يىلى) مەن سەمەرقەنتنى ئالغىنىمدا دەرۋىش ئەلى كىتابدار يېنىمدا ئىدى» دەپ يازغان. بۇنىڭدىن ھىراتنى تەرك ئەتكەن باشقا پازىللار قاتارى دەرۋىش ئەلبەگنىڭ مەلۇم ۋاقىت ئۇلۇغ سەركەردە بابۇرنىڭ پاناھىدا بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن.

نەۋايىشۇناسلىقتا شائىرنىڭ ئانا تەرەپ بوۋىسى، ھۈسەيىن بايقارا دەۋرىدە قەندەھار (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ بىر ئۆلكىسى) غا باش ئەمىر بولغان ئەبۇسەئىد چاڭ ۋە ئۇنىڭ مىرسە-

ئىد كابۇلى ھەم مۇھەممەد ئەلى غەربىي ئاتلىق ئىككى ئوغلى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلار بار. شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى، بۇلار نەۋايىنىڭ باشقا تۇغقانلىرىغا قارىغاندا تۈركىي تىلدا پاساھەتلىك شېئىرلار يازغان. شائىر «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» تا شەجەرىسىدىكى بۇ ئىككى شەخس ھەققىدە شۇنداق توختالغان: «مىرسەئىد ـــ ئەل ئارىسىدا ‹كابۇلى› دېگەن لەقەم بىلەن مەشھۇر، ئۇ مېنىڭ تاغام بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇپ، تۈركچىگە كۆپرەك مايىل ئىدى. بۇ تۇيۇق ئۇنىڭدۇر:

ئەي مۇھىبلار، يەتسىڭىز گەر يازەسىز،
گۈل ئاياغىدا خۇمارى يازەسىز.
گەر مەن ئۆلسەم، تۇربەتىمنىڭ تاشىغە،
كۆشتەئى بىر شوخ ئېرۇر، دەپ يازەسىز.»

(ئەي دوستلار، ئەگەر ياز پەسلىگە يېتىشسىڭىز، گۈل تۇۋىدە خۇمار بولۇشقا باشلايسىز. ناۋادا مەن ئۆلۈپ كەتسەم قەبرەم تېشىغا ‹بىر شوخ گۈزەل تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشى› دەپ يازارسىز).

«مۇھەممەد ئەلى ـــ ‹غەربىي› سۆزىنى تەخەللۇس قىلاتتى، بۇ پېقىرنىڭ تاغىسى بولۇپ، مىر سەئىد كابۇلىنىڭ ئىنىسى ئىدى. چىقىشقاق، خۇش سۆھبەت، تالانتلىق ۋە دەردمەن يىگىت ئىدى. كۆپلىگەن سازلارنى ياخشى چالاتتى. ئاۋازى ۋە ئۇسلۇبى ياخشى ئىدى. مۇسىقا ئىلمىدىنمۇ خەۋىرى بار. تۈرلۈك خەتلەرنى چىرايلىق يازاتتى... ئىقتىدار ۋە سالاھىيەتلىرى سەۋەبىدىن سۇلتان ھەزرەتلىرىنىڭ ئىلتىپات ۋە مەرھەمەت كۆزلىرى باشقىلارغا قارىغاندا ئۇنىڭغا بەكرەك چۈشەتتى. بۇ تۈركچە مەتلەر ئۇنىڭكى:

دەردى ھالىمدىن ئەگەر غاپىل، ئەگەر ئاگاھ ئېسەڭ،
ھېچ غەم يوق، گەر ماڭا سەن دىلبەرۇ دىلخاھ ئېسەڭ.»

(ئەگەر سەن ماڭا دىلبەر ۋە دىلخاھ بولساڭلا، دەردۇ ئەھۋالىمدىن مەيلى خەۋەر ئال ياكى خەۋەر ئالما، ھېچ غېمىم يوق) ⑯.

يۇقىرىدا توختالغىنىمىزدەك، شائىرنىڭ ئاتا - ئانا تەرەپ شەجەرىسىدىكى بىر قانچە ئەلاۋۇد ھۇسەيىن بايقارا ئەجدادىنىڭ ئىچكىيلىرى (ئوردىدىكى خاس ئەمەلدار) بولۇپ، بۇلار ئەزەلدىن قەلەم ۋە ئەلەمدە بايقارا ئەجدادى ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتكەن. نەتىجىدە بىر قېتىملىق جەڭدە مىرسەئىد كابۇلى ئەسىرگە چۈشۈپ، مۇستەبىت ئەبۇ سەئىد تەرىپىدىن 1461 - يىلى ئۆلتۈرۈلگەن. مۇشۇ ۋاقىتلاردا سىياسىي ھاياتنى تەرك ئېتىپ، سەمەرقەنتتە مۇساپىر ۋە دەرۋىش بولۇپ يۈرگەن مۇھەممەد ئەلى غەربىيمۇ ئەبۇ سەئىد ئادەملىرىنىڭ قولى بىلەن قەتل قىلىنغان.

دېمەك، مۇنداق پاجىئەلەردىن شۇنداق ئېيتىش مۇمكىنكى، نەۋايىنىڭ مۇكەممەل ئائىلە شەجەرىسىنىڭ بولماسلىقىدىكى سەۋەب ھەر خىل كۈچلەر تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 15 - ئەسىرنىڭ مۇرەككەپ سىياسىي مۇھىتى شارائىتىدا شائىر ئۆز نەسەبنامىسىنى يېزىشتىن ئېھتىيات قىلغان.

مىرسەئىد كابۇلىنىڭ ئوغلى مىرھەيدەر ھەققىدە ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەدەبىياتتا بىر قەدەر تەپسىلىي مەلۇماتلار بار. نەۋايى ئۆز جەمەتىدىكى بەزى ئادەملەرنى تىلغا ئالغاندا، مىرھەيدەر ئىسمىغا ئالاھىدە ئۇرغۇ بېرىپ، ئۇنى قېرىنداش قاتارىدا كۆرگەن.

«مەجالىسۇن ـ نەفائىس» تا «پېقىرغا يېقىن تۇغقان بولغانلىقتىن پەرزەنتلىك مۇناسىۋىتى بار»⑰ دەپ كۆرسەتكەن. يازغۇچى ئايبېك مۇشۇنداق تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ، رومانىدا ئاستىرابادتىكى نەۋايى بىلەن مىرھەيدەرنى گويا ئاتا - بالىلارچە مېھرىبان قىلىپ تەسۋىرلىگەن. ئەسەرنىڭ 22 - بابىدىكى سۇژىتلارغا ئاساسلانغاندا مىرھەيدەرنىڭ مەست - ئەلەس ھالەتتە نازۇك مىجەزلىك دۆلەت رەھبىرىنىڭ ئىجادخانىسىغا كىرگەندىمۇ شائىرنىڭ «ئوغلۇم» دەپ ئىللىق مۇئامىلىدە بولۇشى پىكـ

ـرىمىز ئۇچۇن بىر دەلىل. شۇ سەۋەبتىن رۇس
شەرقشۇناسلىرىدىن بارتولدنىڭ شائىرنىڭ
مىرھەيدەرنى ئاستىرابادقا بىرگە ئېلىپ بېرىشـ
تىكى مەقسىتى، ئەگەر ئۆزى پات ئارىدا ھىراتـ
قا قايتىپ كەلگۈدەك بولسا ئۇنى ئورنىغا ــ
ئاستىرابادقا ھاكىم قىلماقچى ئىدى، دەپ ئىـ
ـزاھلاشلىرى ئورۇنسىز بولمىسا كېرەك.
چۈنكى نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» دا
مىرھەيدەرنى «شېئىر، مۇئەمما ۋە باشقا ئىلىمـ
ـلەردىمۇ زېھنى ئۆتكۈر. ھەربىي ئىشلاردا كۆپ
ئارتۇقچىلىقلىرى بار. بۇ ئەسىر كىشىلىرى
ئۇنى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ» دەپ ماختاشلىـ
ـرى بۇ خىل قاراشقا مەلۇم دەرىجىدە ئاساس
بولغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق شائىرنىڭ ئاستىراباد
ھاياتىدا ئوردىنى لەرزىگە سالغان نەۋائىينى زەـ
ھەرلەپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىنىڭ مىرھەيدەرگە
ئالاقىدارلىقى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. «نەۋاـ
يى» رومانىنىڭ 22 ـ ، 23 ـ بابلىرىدا ھېكايە
قىلىنىشىچە، ئاستىرابادنىڭ «مەيخانىلىرىنى
بىر كۈنمۇ تەرك ئەتمىگەن» (نەۋائىينىڭ سۆزى)
ئالىجۇقا مىرھەيدەر خىزمەت بىلەن ھىراتقا ئەـ
ۋەتىلگەندە، قاپ يۈرەكلىكتە ھەددىدىن ئېشىپ
ھۈسەيىن بايقاراغا: «يېقىندا ئاستىرابادتا
سۇلتان ئاشپىزىنىڭ نەۋائىينىڭ ئېشىغا زەھەر
سېلىپ، ئۇنىڭ ھاياتىغا قەست قىلىش ۋەقەسىـ
ـنىڭ بولغان» لىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ئىشتىن چۆـ
چۈگەن ھۈسەيىن بايقارا مىرھەيدەرنى ھىراتتا
نەزەربەند قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ۋەقە
توغرۇلۇق چۈشەنچە بېرىشىپ، سۇلتان بىلەن
ئەمىر ئوتتۇرىسىدا مەكتۇپ يېزىشىشلار بولـ
ـدۇ. «مۇنشەئات» نىڭ 52 ـ مەكتۇبى[18] دەل
مۇشۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن نەۋائىينىڭ پادـ
ـشاھقا يوللىغان خېتى بولۇپ، ئۇنىڭدا
قەستلەش سۇيىقەستىدە مىرھەيدەرنىڭ قولى
بارلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان مەزمۇنلار بار.

نەۋائىيشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئاستىراباد
ئۆلكىسىگە بېرىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مىرـ
ھەيدەر «تۇتۇق ئاتىسى» نىڭ مەقسىتىنى بىلىـ
ـۋېلىپ، ھەر خىل يوللار بىلەن شائىرنىڭ ھىـ
ـراتقا قايتىشىنى تېزلەتمەكچى بولغان. بۇ
1487 ـ يىللار بولۇپ، بۇ بىر تەرەپتىن شائىرـ
ـنىڭ پات ـ پات ساقسىزلىنىپ قېلىۋاتقان چاغـ
ـلىرى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوردىنىڭ نەۋاـ
يىغا سەلبىي مۇناسىۋىتى كۈچەيگەن ۋاقىتلار
ئىدى. دەل مۇشۇنداق پەيتتە «سەۋداسىز ئالامەتـ
ـلەردىن نېسىۋىسىز قالمىغان»[19] مىرھەيدەر
«ھاكىم» لىق كۇرسىغا ئەنە شۇنداق رەزىل ۋاـ
ـسىتە ئارقىلىق ئولتۇرماقچى بولغان بولۇشى
مۇمكىن. كېيىن شائىر ھۈسەيىن بايقاراغا
ھەيدەر كۆكۈلداشنىڭ قىلغان خاتالىقلىرىدىن
ۋە كۆرسەتكەن گۇناھلىرىدىن پۇشايمان قىلىپ
ئوردىغا يول ئالغانلىقى، بېشىنى ئول دەرگاھ
ئېتىنىڭ ئايىغىغا، جېنىنى ئاستانە ئىتلىرىغا
پىدا قىلماقچى بولغانلىقى، شۇڭا پادىشاھتىن
ئۇنىڭغا ئەپۇ ۋە مېھرىبانلىق تىلەيدىغانلىقى
ھەققىدە مەكتۇپ يوللاپ، «پەرزەنتى» نى بىر
قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان. لېكىن
مىرھەيدەرنىڭ تەقدىرى شۇنىڭ بىلەن بىر
يولىلا ھەل بولۇپ كەتمىگەن. 1488 ـ يىلى ئۇ
ئەمەلدارلىق تونىنى قەلەندەرلىك جەندىسىگە
ئالماشتۇرۇپ، ھىراتتىن كېتىشكە مەجبۇر
بولغان. ئارىدىن ئون يىللار ئۆتۈپ ھۆكۈمەت
تەرەپ سەلتەنەتكە خائىنلىق قىلىش جىنايىتى
بىلەن مىرھەيدەرنى دارغا ئاسقان. قېرىندىشىـ
ـنىڭ ۋەھشىيانە ئۆلتۈرۈلۈشى شائىرغا ئېغىر
كەلگەن ۋە ئوردىنىڭ خائىنىغا زىت ھالدا
مىرھەيدەرنىڭ مېيىتىنى ھىراتقا ئېلىپ
كېلىپ، ئاخىرەتلىكىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرـ
ـغان.

مىرھەبىبۇللاھ ــ مىرھەيدەرنىڭ ئوغلى
بولۇپ، «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» نىڭ بەشىنـ
ـچى مەجلىسىدە:«ئۆزى مۇلايىم يىگىت، ئۇد
چېلىشتا قابىلىيەتلىك ھەم ئۇنىڭغا ئىشقى
بار»[20] دېيىلىپ بىر غەزىلىنىڭ مەتلەئىسى

كەلتۈرۈلگەن. نەۋايىشۇناسلىقتا شائىر نەسەبى-
دىكى مەزكۇر شەخس ھەققىدە بۇنىڭدىن
ئارتۇق مەلۇماتلار ئۇچرىمايدۇ.

ئۆزبېك نەۋايىشۇناسى ئابدۇقادىر ھەيتمە-
توف ئافغانىستان كابۇل تارىخ جەمئىيىتى كۇ-
تۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان پارسچە قولىيازما -
«تامۇت تەۋارىخ»نى كۆرۈشكە مۇيەسسەر
بولغانلىقى بىلەن نەۋايى نەسەب دەرىخىنىڭ
شاخلىنىشىغا تۆھپە قوشقان كاتتا ئالىم.

خاندەمىر ئۆز ئەسىرىدە شائىرنىڭ دېنە
مۇراسىمىنى نەۋايىنىڭ ئاكىسى — نىزامىددىن
شەيخ بەھلۇلبەگ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەمىر كا-
مالىددىنىنىڭ باشقۇرغانلىقىنى يازسا، ئابدۇقا-
دىر ھەيتمەتوف شائىر ھەققىدىكى كېيىنكى
ئىزدىنىشلىرىدە، «تامۇت تەۋارىخ» دا خاتىرىلەن-
گەن «مەزكۇر ئەمىرنىڭ تاغىسى ھەسەن ئەلى
جالايىر نەۋايىنىڭ جەسىتىنى شائىر ھاياتلىقىدا
ئۆز مەسجىت جامەئى بۇرجىكىگە تەييارلاپ
قويغان مەقبەرىگە دەپنە ئەتكەن» لىكى مەزمۇن-
دىكى تارىخىي پاكىتنى نەقىل كەلتۈرگەن. دەر-
ۋەقە نەۋايى «مەجالىسۇن - نەفائىس» كەبى
قىسمەن ئەسەرلىرىدە «جالايىر» لار ھەققىدە
توختالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنى شەجەرى-
سىدىكى باشقا قېرىنداشلىرىنى كۆرسەتكەن-
دەك «پېقىر بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى
بار» دەپ ئەسكەرتمىگەن. ئېھتىمال بۇنىڭ سە-
ۋەبى ئۇشبۇ تەزكىرىدە كۆرسىتىلگەندەك،
ھەسەن ئەلى جالايىر ئاتىسىنىڭ ھۈسەيىن باي-
قارانىڭ تارىخىي دۈشمىنى يادىگار مىرزىنىڭ
ئەمىرلەر باشچىسى بولغانلىقى بىلەن مۇناسى-
ۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئەمما تەزكىرىدە
ھەسەن ئەلى جالايىر بايانىنىڭ شائىرنىڭ قې-
رىنداش - ئۇرۇقلىرى بىلەن بىر قاتاردا كېلى-
شى نەۋايىنىڭ زاماندىن ئېھتىيات قىلىپ، تۇغ-
قىنىغا قارىتا ئېلىپ بارغان «تاكتىكىلىق ئو-
رۇنلاشتۇرۇش» ى سۈپىتىدە بىزنى قىزىقتۇرى-
دۇ. «مەجالىسۇن - نەفائىس» دا بۇ شەخس ھەق-
قىدىكى مەلۇمات مۇنداق: «ھەسەن ئەلى جالايىر —
«تۇفەيلى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىناتتى. يادى-
گار مۇھەممەد مىرزا ئىشىكىدە ئەمىرلەر باش-
چىسى ۋە ھوقۇق ئىگىسى بولغان ئەلى جالا-
يىرنىڭ ئوغلى، ئەمما ھازىر ئاتىسى بىلەن مۇ-
ناسىۋىتى يوق. ئۆزى يوقسۇل سۈپەت ئۆزلۈ-
كىنى يوقاتقان، تەكەللۇپسىز ۋە تالانتلىق
يىگىت. ئۇنىڭ نەزمىلەردە تالانتى ئۆتكۈر.
ئەمما قەسىدە ئۇسلۇبى ئۇنىڭ ھەققىدۇر. ئۇ
بۇ جەھەتتە شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئۇنى شا-
ئىرلار بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ سۇلتان
ساھىبقىراننىڭ نامىغا يازغان جۇشقۇن ئۇس-
لۇبتىكى مۇنەۋۋەر قەسىدىلىرى بار. ئول ھەز-
رەتمۇ ئۇنى ياخشى تەربىيەلىدى. شۇ خۇسۇس-
تا، ۋىلايەت ئىگىسى بولدى، ھەربىي ئىشلار
مەھكىمىسىدە مۆھۈردارلىق قىلدى ۋە پەرۋانى-
چى (ئورۇنباسار ۋەزىر) لىق مەنسىپىدە تۇردى،
شۇنداقلا شاھقا يېقىنلىق ۋە نايىبلىق بىلەنمۇ
مەشغۇل ئىدى.» ㉑ مەزكۇر بايانلارنىڭ داۋامى-
دا ئېيتىلغاندەك، ھەسەن ئەلى جالايىر «سەۋدايى-
راق» ئادەم بولغاچقا، يەنە «تەقدىرنىڭ پەزىلەت
ئەھلىگە ھەسەتخورلۇقى سەۋەبىدىن مەلۇم بىر
كەمچىلىك تۈپەيلى شاھنىڭ دەرگاھىدىن يى-
راقلاشقان ۋە بۇ قايغۇ - ئەلەمدىن ئۇنىڭ كۈن-
دۈزى تاقىتى، كېچىسى ئۇيقۇسى يوق»
بولغان.

«مەجالىسۇن - نەفائىس» جەمئىيەتكە تارقى-
لىشتىن ئاۋۋال كىتابىنىڭ مۇكەممەل ۋە گۈزەل
بىر نۇسخىسىنىڭ سۇلتان نەزىرىدىن ئۆتىدى-
غانلىقى ئېنىق. شۇڭا شائىر تەزكىرىگە
جالايىر قەسىدىلىرىدىن نەمۇنە تاللىغاندا، ھەم
ئۇنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈ-
رىدىغان، ھەم «گۇناھكار تۇغقىنى» ھەققىگە
سۇلتاندىن كەچچىلىك تىلىگەن مەزمۇندىكى
غەزەللىرىدىن مەتلە بەرگەن:

بەھەمدۇللاھكى، دىگەر رەھ بە ئىقبالى شەھى ئادىل،
بۇرۇن ئامەد گۇلەم ئەز خارۇ خار ئەز چاۋۇ پائەز گىل.

(خۇداغا شۈكرى، ئادىل پادىشاھنىڭ مېھرى-
بانلىقى بىلەن يەنە بىر قېتىم گۈلۈم تىكەندىن
خالاس بولدى، تىكەن ئايىغىمدىن ۋە ئايىغىم
پاتقاقتىن چىقتى)

شۇنداق قىلىپ نەۋايى «خۇدا خالىسا، شاھا-
نە كەڭچىلىك ۋە ئىلتىپاتنىڭ ئۇنى قوغدىشى-
دىن ئۈمىد بار... ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ مۇشۇ بې-
يىتتىكىدەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز»،
دېگەن ئىللىق جۈملىلەر بىلەن جالايىر سەھى-
پىسىنى ئاخىرلاشتۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى
يىللاردا ئەلشىر نەۋايىنىڭ بۇ ئادەم ھەققىدى-
كى ياخشى تىلىكى ئىجابەت بولغان بولسا
كېرەك. ئۇنىڭ سۇلتان ئالدىدىكى مەۋقەئى
قايتا تىكلەنگەندە، ئابدۇلمۆمىنخان «تاموت تە-
ۋارىخ» ئەسىرىدە ئېيتقاندەك، شائىرنىڭ «يېقىن
تۇغقىنى» بولۇش سالاھىيىتىدە ئەلشىر نەۋايى-
نىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر قوللۇق ئو-
رۇنلاشتۇرغان. «بابۇرنامە» جالايىر مەسىلىسى-
نى بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىقلىقا
ئىگە قىلغان. بۇ ھەقتە بابۇر شۇنداق كۆرسەت-
كەن:«ھەسەن ئەلى جالايىرنىڭ ئەسلىي ئىپتى
ھۈسەيىن جالايىر بولۇپ، ھەسەن ئەلى نامى
بىلەن مەشھۇردۇر... ھەسەن ئەلى جالايىر
سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا قېشىدا قوشبىگى
ئىدى. ئۆزى شائىر بولۇپ، ‹تۇفەيلى› سۆزىنى
تەخەللۇس قىلاتتى. قەسىدىنى ئىنتايىن ياخشى
يازاتتى ۋە بۇ جەھەتتە زامانىسىنىڭ ئالدىنقى
قاتارىدا تۇراتتى. تارىخ 917 - يىلى (1511 -
يىلى) سەمەرقەنتنى ئالغىنىمدا قېشىمغا
كېلىپ، بەش - ئالتە يىل مەن بىلەن بىرگە
بولدى.»㉒

ماتېرىياللارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە،
دەرۋىش ئەلىبەگ ھەسەن ئەلى جالايىرنىڭ
قىزى — ئاپپاقا ئۆيلەنگەن بولۇپ، يۇقىرىدا
كەلتۈرۈلگەن تارقاق ئۇچۇرلارغا ئاساسەن
شۇنداق خۇلاسە قىلىشقا بولىدۇكى، بۇلارنىڭ
سەمەرقەنتتىكى ئۇچرىشىشى تاسادىپىي بول-
ماستىن، بەلكى قېيىنئاتا بىلەن كۈيئوغۇل،
تاغا بىلەن جىيەن بىر - بىرىگە تارتىشىپ ۋە
پىلانلىق يوسۇندا بابۇر مىرزانىڭ قېشىغا
بارغان. دېمەك بۇلار بىزنىڭ ھەسەن ئەلى جالا-
يىرنى ئەلشىر نەۋايى شەجەرىسىگە كىرگۈزۈ-
شىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەب-
لىرىدۇر.

«نىسارى» تەخەللۇسى بىلەن مەشھۇر
بولغان شائىر مۇھەممەد ئەلى جالايىر —
ھەسەن ئەلى جالايىرنىڭ ئوغلى بولۇپ، نەۋايى
تەزكىرىسىدە بۇ كىشىنى «ئاجايىپ خۇسۇسى-
يەتكە ئىگە ئادەم، ئۇنى خۇراسانلىقلارنىڭ
ھەممىسى بىلگەچكە بۇ يەردە ئارتۇق سۆزلەپ
ئولتۇرۇشنىڭ پايدىسى يوق»㉓ دەپ تەرىپلە-
گەچكە، بىزمۇ بۇ ھەقتە ئارتۇق توختالمايمىز.

ئەلشىر نەۋايىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن
يەنە بىر كىشى مەۋلانە شاھ ئەلى بولۇپ، «مە-
جالىسۇن - نەفائىس» نىڭ 403 - بېتىدە، شائىر
نەسەب زەنجىرىدىكى بۇ شەخسنى «پېقىرنىڭ
مەدرىسىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ، ئۇ
مېنىڭ جەمەتىمدىن» دەپ تونۇشتۇرغان ۋە
شاھ ئەلىنىڭ «خان» ئىسمىغا يازغان مۇئەم-
ماسىنى مىسال كەلتۈرگەن. بابۇر شاھ ئەلى تە-
رىپىدە مۇنداق خاتىرىلىگەن :«بابا ئەلى ئىشىك
ئاغا — بۇرۇن ئەلشىر بەگ ئۇنىڭغا ئېتىبار
بېرىپ، بۇ ئادەمنى بەگلىك دەرىجىسىگە يەت-
كۈزگەندى، ھازىر مېنىڭ يېنىمدا ئىچكىيى-
لەردىن بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ... يۈسۈپ ئەلى
ئۇنىڭ ئوغلىدۇر.»㉔ بىز «بابۇرنامە» نى ئوقۇ-
ساق، 913 - يىل (1507 - 1508) ۋەقەلىرىدىن
كېيىن يۈسۈپ ئەلىنىڭ ئاتا ئىزىدىن كېلىپ،
بابۇرنىڭ ئىچكىيلىرى قاتارىدا ئۇنىڭ ھەربىي
يۈرۈشلىرىگە قاتناشقانلىقىدىن خەۋەردار بولى-
مىز.

ئەلشىر نەۋايى يەنە «پېقىرنىڭ
تۇغقانلىرىمدىن»㉕ دەپ كۆرسەتكەنلەردىن
مەۋلانە فەخرىدىن ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى مەۋلانە

www.uyghurkitap.com

مەقسۇدتەك تالانتلىق ھەۋەسكار شائىرلارمۇ
بار.
شەرھىي قىلىنغاندەك، نەۋايىنىڭ ئۆز نەسە-
بىگە تەۋە قېرىنداش - قانداشلىرىدىن باشقا يې-
قىنلىقتا تۇغقاندىن ئەتىۋار ئەزىز ئىنسانلىرى-
مۇ بولغان. بۇلار مىرزابەگ ۋە مەۋلانە ھاجى
مۇھەممەد بولۇپ، شائىر بۇ ئىككى كىشىنى
«مەجالىسۇن - نەفائىس» دا «پېقىرغا پەرزەنت
ئورنىدا» دەپ كۆرسەتكەن ۋە ئۇلارنى يۈكسەك
سەۋىيەدە تەرىپلىگەن:
«مىرزابەگ — ئادىمىيلىك ۋە گۈزەل
ئەخلاق جەھەتتە خۇراسان ۋە سەمەرقەنت مەم-
لىكىتىدە يېگانە كىشى. ئۇ يەم - پاراسەت ۋە
ئىقتىداردا... بۇ ئىككى مەملىكەت يىگىتلىرى-
نىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇراتتى. زېھنى مەنە خە-
زىنىلىرىگە باي ئىدى... بۇنىڭغا (غەزەلگە)
جاۋاب بېرىش مېنىڭ ئالدىمدا قىيىن
ئىشلاردىندۇر.»㉖
«مەۋلانە ھاجى مۇھەممەد — ئۇ ئەخلاق
جەھەتتە ئادەم سۈرىتىدە كەلگەن مالائىكىدۇر.
مىجەز - خۇلقتا بولسا ئىنسان شەكلىدە يارال-
غان پەرىشتىدۇر. ئۇنىڭ تەبئىتى ۋە زېھنى
پاك، تەپەككۇردا ھەر قانداق نازۇك ۋە ئىنچىكە
مەسىلىلەرگىمۇ ماھىر بولۇپ، ئاجايىپ قىيىن
پەنلەرنىڭ مۇشكۇللىرىنى ھەل قىلالايدۇ.»㉗
قىسقىسى، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ شەجەرىسى
ھەققىدە شۇنداق ئېيتىش مۇمكىنكى، «ئۇيغۇ-
رىي سۈپەتلىك باخشىلار، ئۇيغۇر مەرتىۋىلىك
ياخشىلار»㉘ دىن كېلىپ چىقىپ، «ھەر بىرى
سەلتەنەت كېنىنىڭ گۆھىرى ۋە شىجائەت
جاڭگىلىنىڭ يولۋىزى بولۇپ، ئاشۇ خىل مەر-
تىۋىلەرگە يېتىشكەن ھەم بۈيۈك مەنسەپلەرگە
ئېرىشكەن.»㉙ ئائىلىۋى نەسەب ۋە مەدەنىيەت-
لىك مۇھىت نەۋايىنىڭ تالانتلىق سۆز سەنئەت-
كارى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر بولۇپ يېتى-
شىشىدە تۈنجى مەكتەپلىك رول ئوينىغان.
شائىرنىڭ ئاتىسى — كىچىككىنە باخشى
لەقەملىك غىياسىددىن باھادىر «چاغاتاي ئۇلۇ-
سىدىن» تۇغرىسى ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسى
شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى چىڭگىزخان
ھىمايىچىلىرىدىن بولغاچقا، يەنە كېلىپ ئانا
تەرەپ ئەجدادلىرى قارشىلاشقۇچى تۆمۈرىزادە-
لەردە تەقدىر تەقەززاسى بىلەن ئوخشىمىغان
مەۋقەلەردە تۇرغاچقا، ئەلىشىر نەۋايى تەپسىلىي
نەسەبنامە قالدۇرۇشتىن ئېھتىيات قىلغان،
بەلكى زامانىسىدا نەسەبنامىچىلىك ئەدەبىي ئەن-
ئەنىسى بولمىغان ياكى شائىر بۇ ئىشنى كەل-
گۈسىگە سىر قالدۇرغان.
بۇلاردىن باشقا، نەۋايىنىڭ 15 - ئەسىر تۈر-
كىيلەر دۇنياسىدىكى شانۇ - شەۋكەتلىك قەلەم-
دار، ئەلەمدار ۋە زاردار بولۇشىغا قارىماي،
شەخسىي ھاياتتا شۆھرەت ۋە مەنمەنلىكتىن
مۇستەسنا، جۇمەرت ھەم ئۆزىنى خاكسار
(تۇپراقتەك تۆۋەن ۋە خار) ئىنسان چاغلىغانلى-
قىمۇ بۇنىڭ بىر سەۋەبىدۇر. مەسىلەن، شائىر
«مەجالىسۇن - نەفائىس» نىڭ ئۈچىنچى مەجلى-
سىدە مەۋلانە ئابدۇللانىڭ مەسنەۋىچىلىكتە ھە-
دېسە ئۆزىنى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، نىزامى
گەنجىۋى، خۇسراۋ دېھلەۋى ۋە ئابدۇراھمان
جامىلاردىن ئۈستۈن قويغانلىقىنى تەنقىدلەپ:
«بىز پېقىرلا ئۆزىمىزنى بۇ ئۇلۇغلار داستىخى-
نىنىڭ ئۇۋاقلىرىنى تېرىۋالغۇچى ۋە ئىلىم خا-
مانلىرىدىن باشاق تەرگۈچى ئورنىدا تۇتىمىز،
بەلكى ئۇنچىلىك قابىلىيىتىمىزمۇ يوقتۇر»㉚
دەپ يازغانلىقى ھەم مەۋلانە بۇرھان توغرىسى-
دىكى تەلقىنلىرىدە «پېقىرنى پادىشاھ مۇھۇر-
دارلىقىقا تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ تارىخ ئېيتقان-
دى ۋە ناھايىتى ياخشى چىققانىدى. ئەمما ئۇنىڭ-
دا پېقىرنىڭ تەرىپلىنىشى ئەمەلىيەتتىن ئېشىپ
كەتكەن بولغاچقا، يېزىشقا توغرا كەلگەن بول-
سىمۇ بۇ يەرگە پۈتۈلمىدى»㉛ دەپ كۆرسەتكەن-
لىكى ئۇلۇغ ئەدىبنىڭ كەبىر - تەمەننا ۋە «مەن»
گە ئۇرغۇ بېرىشتىن مۇستەسنا مەسلەك ساھىبى
ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئومۇمەن، «تۇغما سۈپىتى نازۇك مىجەزلىكى بىلەن مەشھۇر بولغان ئەلشىربەگ» (بابۇر) شەرھىي قىلىنغاندەك، ئۆز نەسەب - ئۇرۇقىدىكى بەزى كىشىلەر ھەققىدە مۇجمەل توختالغان. ياكى ئېنىق كۆرسەتكەنلىرىنى تۇغقانچىلىق يېقىندىن ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي بۇرچ نوقتىسىدىن مۆتىدىل، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن ئۆلچەمدە باھالىغان. بىز پەقەت شائىرنىڭ زامانداشلىرى ۋە ئۆز ئەسەرلىرىدىكى قىسمەن دېرەكلەرگە ئاساسەن نەۋايىنىڭ بۇلبۇلنى نەۋا قىلدۇرغان نەسەب دەرىخىنىڭ ئايرىم شاخ ۋە يوپۇرماقلىرى ھەققىدىلا توختالدۇق. نۆۋەتتە بۇ شەجەرىنىڭ يىلتىزى ھەم ئۇنىڭ باراقسان قىياپىتى بىلەن خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغۇچى كۆركەم گۈللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش داۋام قىلغۇسى.

**ئىزاھاتلار:**


① «مەنئۇبيەت يۇلتۇزلىرى»، تاشكەنت، 1999 - يىل، 269 - بەت

② مىرزا مۇھەممەد كورەگان: «تارىخى رەشىدىي» (مۇھەممەد تۇردى مىرزا ئەھمەت نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 - يىل نەشرى.

③، ⑥ خاندەمىر: «مەكارىمۇل ئەخلاق»، تاشكەنت، 1967 - يىل، 129 - ، 131 - بەت.

④، ⑤، ⑧، ⑯، ⑰، ⑲، ⑳، ㉑، ㉓، ㉕، ㉖، ㉗، ㉚، ㉛ نەۋايى: «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل، 440 ، 465 - ، 350 - ، 463 ، 464 ، 469 - ، 462 - ، 468 ، 398 ، 352 ، 432 - ، 366 ، 440 - بەت.

⑦ بۇ سۆز «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» نىڭ ئۆزبېكچە نەشرىدە «ئاغا، يەنى ئاكا» مەنىسىدە كەلگەن.

⑨، ⑭، ⑮، ㉒، ㉔ بابۇر: «بابۇرنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992 - يىل، 324 - ، 332 ، 355 ، 326 ، 327 - بەت

⑩ نەۋايى «سەددى ئىسكەندەرىي»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991 - يىل، 1024 - ، 1028 - بەت

⑪، ⑫ ئايبېك: «نەۋايى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىل، 492 ، 501 - بەت.

⑬، ⑱ نەۋايى: «مۇنشەئات»، تاشكەنت، 2001 - يىل، 84 ، 50 - بەت.

㉘، ㉙ «ئەلشىر نەۋايى ئەسەرلىرى» ـــ «ۋەقفىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىل، 222 - ، 223 - بەت.



(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)


مۇھەررىر **مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك**





# مىس باش

(چۆچەك)

بىر بايىنىڭ بۇ دۇنيالىقتا يالغۇز بىرلا ئوغلى بار ئىكەن، بۇ بالا ھېچبىر ئىش-ئوقەت قىلماي كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. بىر كۈنى باي بالىسىنى چاقىرىۋېلىپ:

— بالام، سېنىڭ بېشىڭ شۇ كەمگىچە پىشمىدى. سەن بازارغا بېرىپ بېشىڭنى پىشۇرۇپ كەلگىن، — دەپ قولىغا مىڭ تەڭگە تۇتقۇزۇپتۇ. بالا مىڭ تەڭگىنى ئېلىپ بازارغا چىقىپ كېتىپتۇ. بازارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، كاللا ئۇتلەۋاتقان ناۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ قوي كاللىلىرىنى پىشۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— مېنىڭمۇ بېشىمنى پىشۇرۇپ قويغىن، — دەپ، ناۋاينىڭ قولىغا مىڭ تەڭگىنى تۇتقۇزۇپتۇ. ناۋاي ئەجەبلىنىپ، بالىنىڭ بېشىدىكى دوپپىنى ئېلىۋېتىپ بېشىنى تونۇرغا تىقىپتۇ. قىزىق تونۇر بالىنىڭ بېشىدىكى چېچى بىلەن بىر قەۋەت تېرىسىنى كۆيدۈرۈپ بولغاندا، بالا: «بولدى» دەپ ۋارقىراپتۇ، ئاندىن كېيىن: «رەھمەت سىلىگە» دەپ ئۆيگە قايتىپتۇ. ئۆيگە كىرىپ:

— دادا، مەن بېشىمنى پىشۇرۇپ كەلدىم، — دەپ شەلۋەرەپ تۇرغان بېشىنى دادىسىغا كۆرسى-

www.uyghurkitap.com

تېپتۇ. دادىسى:
— ھەي، بېشىڭنى پىشۇرۇپ كەلگىن دېگە-نىم بازارغا بېرىپ سودا-سېتىق ئىشلىرىغا پىشىپ كەلگىن، دېگىنىم ئىدى. خەير، بوپتۇ، — دەپ بالىسىنىڭ بېشىغا دورا قىلىپ ساقايتىپتۇ. بالىسىنىڭ بېشى ئەينەكتەك سىدام بولۇپ، مىس باشقا ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشى-لەر ئۇنى «مىس باش» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى دادىسى يەنە مىس باشنى چاقىرتىپ، قولىغا مىڭ تەڭگە تۇتقۇ-زۇپ:

— بازاردا نېمە ئەرزان بولسا شۇنى ئېلىپ كەلگىن، — دەپ ئەۋەتىپتۇ.

مىس باش بازارنى ئايلىنىپ، نېمىنىڭ ئەرزان ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن قايتىپ كېلىۋاتسا، ئۇششاق باللار بىر ئىتنى سۆرەپ ئۇرۇپ-قىيناپ يۈرگەنىكەن. بۇنى كۆرگەن مىس باش با-لىلاردىن:

— بۇ ئىتنى ساتامسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ساتىمىز، نەرخى مىڭ تەڭگە، — دەپتۇ.

باللار مىس باشتىن مىڭ تەڭگىنى ئېلىپ ئىتنى بېرىپتۇ. مىس باش ئىتنى كۆتۈرۈپ دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. دادىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئەر-ۋاھى ئۇچۇپ:

— بۇنى نېمىگە ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دەپتۇ.

— ئۆزىڭىز بازاردا نېمە ئەرزان بولسا شۇنى ئېلىپ كەلگىن دېۋىدىڭىز، مەن مۇشۇ ئىتتىن ئەرزان ھېچ نەرسە تاپالمىدىم، — دەپتۇ مىس باش.

— خەير، بوپتۇ، — دەپ، دادىسى ئەتىسى ئوغلىغا يەنە مىڭ تەڭگە بېرىپ، — بازاردا نېمە يوق بولسا شۇنى ئېلىپ كەلگىن، — دەپ بۇيرۇپ-تۇ.

مىس باش تەڭگىنى ئېلىپ بازارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، يوق نەرسىنى تاپالماي قايتىپ كېلىۋات-سا، باللار بىر يىلاننى سۆرەپ ئويناپ يۈرۈپتۇ. مىس باش، ھەببەللى، بازاردا يوق نەرسىنى ئەمدى تاپتىم دەپ:

— بۇنىڭ باھاسى نەچچە پۇل؟ — دەپ سو-راپسا، باللار:

— مىڭ تەڭگە، — دەپتۇ. مىس باش:

— مانا مىڭ تەڭگە، — دەپ پۇلنى بېرىپ، يىلاننى قويىنىغا سېلىپ مېڭىپتۇ. ئۆيگە كىرىپ يىلاننى دادىسىغا كۆرسەتكەنىكەن، دادىسى:

— مۇشۇنىمۇ پۇلغا ئالامسەن؟ — دەپ جې-مىلەپتۇ.

— ئۆزىڭىز بازاردا يوق نەرسىنى ئېلىپ كەل دېدىڭىز، يوق نەرسىنى ئالدىم، — دەپتۇ مىس باش.

— خەير، بالام، «مەرتەم-مەرتەم، ئۈچ مەرتەم» دەپتىكەن، سەن ئەمدى ماۋۇ مىڭ تەڭگىگە بازار-دىن ئەڭ قىممەت نەرسىنى ئېلىپ كەلگىن، — دەپتۇ دادىسى.

مىس باش بازارغا بېرىپ مىڭ تەڭگىگە كې-لىدىغان قىممەت نەرسىنى تاپالماپتۇ. ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتسا، ئۇنىڭ يولى ھېلىقى ئۇششاق باللار ئويناۋاتقان كوچىغا چىقىپ قاپتۇ. قارىسا، باللار بىر مۈشۈكنى قىيناپ ئويناپ يۈرگەنىكەن.

— باللار، بۇنىڭ باھاسى قانچە پۇل؟ — دەپتۇ. مىڭ تەڭگىگە چۈشىنىپ قالغان باللار:

— مىڭ تەڭگە، — دەپتۇ. مىس باش مىڭ تەڭگىگە مۈشۈكنى ئېلىپ قايتىپتۇ-دە، دادى-سىغا:

— مانا، مىڭ تەڭگىگە ئەڭ قىممەت نەرسى-نى ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ. دادىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپ:

— ماڭ، كۆزۈمدىن يوقال! — دەپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ.

مىس باش ئىت، مۈشۈكلىرىنى ئەگەشتۈ-رۈپ يولغا چۈشۈپ مېڭىپتۇ. بىر چۆللۈككە كەلگەندە، بالىنىڭ قويىنىدىكى يىلان مىدىرلاپ يەرگە چۈشۈپ تىلغا كىلىپ:

— مەن شاھى مارانىڭ ئوغلى بولىمەن.

مېنىڭ ئاتا-ئانامنىڭ ماكانى مۇشۇ يەردە. سەن مىڭ تەڭگە تۆلەپ مېنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈن ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشۇم كېرەك. ھازىر بىز دادامنىڭ قېشىغا كىرىمىز. دادام سېنىڭدىن: «نېمە سورايسەن؟» دېگەندە، «بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز، كۆڭلۈمدىكىنى سورايمەن. مېنىڭ ئېيتقىنىمنى بېرەمسىز؟» دېگىن، «خوش، كەچسەم كەچتىم، سورىغىنىڭنى بېرەي» دېسە، «بېشىڭىزدىكى بىر تال مۇڭگۇزىڭىزنى سورايمەن» دەپ تۇرىۋالغىن. مانا شۇ ساڭا تۈگىمەس دۇنيا بولىدۇ، — دەپ، يىلان دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېتىپتۇ. دادا-بالا ئىككىسى كۆرۈشۈپ ھال-مۇڭ ئېيتىشقاندىن كېيىن، شاھى ماران مىس باشنى ئېلىپ كىرىشكە ئىجازەت بېرىپتۇ. يىلان بالىنى باشلاپ مېڭىپتۇ. يولنىڭ ئىككى چېتىدە نەچچە مىڭلىغان يىلانلار سەپ تۈزۈپ، ئۇلارغا يول بېرىپتۇ. مىس باش شاھى ماراننىڭ ئالدىغا كىرگەندە، شاھى ماران:

— ھەي بالا، سەن مېنىڭ بالامنى قۇتقۇزۇپ قاپسەن. مېنىڭدىن نېمە سورايسەن؟ — دەپتۇ. مىس باش يىلاننىڭ ئۆگىتىپ قويغىنى بويىچە:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز ئېيتىمەن، — دەپتۇ. شاھى ماران:

— كەچتىم، قېنى، سورايدىغىنىڭنى سورا، — دېگەندىن كېيىن، مىس باش:

— بېشىڭىزدىكى بىر تال مۇڭگۇزىڭىزنى بېرىڭ، ماڭا باشقا ھېچ نەرسىنىڭ كېرىكى يوق، — دەپتۇ. يىلانلار پادىشاھى شاھى ماران دەرغەزەپ بولۇپ:

— بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، دېگىنىم ئۈچۈن گۇناھىڭدىن كەچتىم. باشقا نەرسىنى سورىغىن! — دەپ مۇڭگۇزىنى بېرىشكە ئۇنىماپتۇ. مىس باش ئېيتقان سۆزىدىن قايتمىغاچقا، يىلان ئامالنىڭ يوقىدىن مۇڭگۇزىنى بېرىپ مىس باشنى يولغا راۋان قىپتۇ.

مىس باش مېڭىپ - مېڭىپ بىر يەرگە كېلىپ قارىسا، ئەتراپ چەكسىز كەتكەن تۈزلەڭلىك ئىكەن. مىس باش شۇ يەردە توختاپ، قولىغا شاھى ماراننىڭ مۇڭگۇزىنى ئېلىپ: «ئەڭگۈشتەرىم ئەڭگۈشتەر بولسۇن، مۇشۇ تۈزلەڭدە چوڭ بىر شەھەر سېلىنىپ، ھەممە نەرسە ھازىر بولسۇن» دەپ مۇڭگۇزنى يەرگە تاشلاپتۇ. شاھى ماراننىڭ مۇڭگۇزىنىڭ كارامىتىدىن بۇ يەردە شۇ زامان چوڭ بىر شەھەر پەيدا بوپتۇ. شەھەر ئىچىدە ناۋايلار نان يېقىۋاتقان، ئاشپەزلەر مانتا، سامسىلارنى پىشۇرۇۋاتقان، قاسساپلار مال سويۇۋاتقان، دۇكانلاردا تۈرلۈك گەزلىمىلەر سېتىلىۋاتقان، مال بازىرىدا بېدىكلەر قايناپ كەتكەن. ئادەملەر كوچىلارغا لىق تولۇپ مىس باشنى قارشى ئېلىپ، ئۇنى پادىشاھلىققا تەكلىپ قىپتۇ. مىس باش پادىشاھ بولۇپ ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. كىشىلەر:

— بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ ئايالى يوق ئىكەن، ئۇنى ئۆيلەپ قويمىساق بولمايدۇ، — دەپ كەينى - كەينىدىن ئوردىغا كىرىپ، مىس باشنىڭ بېشىنى ئاغرىتقىلى تۇرۇپتۇ. مىس باش پۇقرالىرىغا:

— سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلارغا رەھمەت. مېنىڭ لايىقىم بار، — دەپ ھەممە كىشىنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

مىس باش كېچىسى ئويلاپ يېتىپ، مۇڭگۇزنى يەرگە تاشلاپ: «ئەڭگۈشتەرىم ئەڭگۈشتەر بولسۇن، پالانى شەھەرنىڭ مەلىكىسى ئۆيۈمدە ھازىر بولسۇن» دەپتۇ. شۇ ھامان پەرىزاتتەك بىر قىز پەيدا بوپتۇ. مىس باش مۇشۇ قىز بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئەمدى بۇلار مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، بىز گەپنى قىزنىڭ يۇرتىدىن ئاڭلايلى:

بۇ قىز يەنە بىر شەھەردىكى پادىشاھنىڭ يالغۇز قىزى ئىكەن. قانچىلىغان شەھەردىن ئەلچىلەر كەلگەن بولسىمۇ، شاھ قىزىنى بەرمىگەنىكەن. پادىشاھ قىزىنىڭ بىر كېچىدە غايىب بولۇپ كەتكىنىگە قاتتىق قايغۇرۇپتۇ، ھەر تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ ئىزدىتىپتۇ. قىزنى ھېچ

يەردىن تاپالماي، يېقىن يەردىكى غىلىڭ تۇزلىگ-
لىكتە چوڭ شەھەرنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقى-
دىن ئەجەبلىنىپ، ئۇ شەھەرنىڭ قانداق پادىشاھ-
لىق ئىكەنلىكىنى ئۇقۇش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپتۇ.
پادىشاھنىڭ ئادەملىرى ئۇ شەھەرگە بېرىپ، شەھەر خەلقى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ: «بىزنىڭ پادىشاھىمىز بىر كېچىدىلا ئۆيلىنىپ قالدى. لايىقىنى قەيەردىن، قانداق ئەكەلگەنلىكىنى ئۇقمايمىز» دېگەنلىكىنى ۋە پادىشاھنىڭ مىس باش ئىكەنلىكىنى بىلىپ قايتىپتۇ. ئۇلار قايتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاڭلىغانلىرىنى پادىشاھقا ئېيتىپتۇ. پادىشاھنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ: «مىس باشنىڭ شەھىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىمەن» دەپ، دەرھال بىر نەچچە مىڭ لەشكەر توپلاپ، لەشكەرلەرنى ئۆزى باشلاپ يولغا چىقىپتۇ. شەھەر خەلقى نەچچە مىڭلىغان لەشكەرنىڭ يىراقتىن چاڭ-توپا توزۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مىس باشنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— پادىشاھئالەم، ئۇستىمىزگە دۈشمەن باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، بۇ ئاپەتتىن بىزنى قۇتقۇزۇڭ! — دەپ ئەرز قىپتۇ. مىس باش خاتىرجەملىك بىلەن:

— قورقماڭلار، كەلسە كېلىۋەرسۇن، — دەپتۇ. لەشكەرلەر يېقىنلاشقانسېرى خەلق ناھايىتى قورقۇپ، قالايمىقانچىلىققا چۈشۈپتۇ. ئۇلار:

— مانا كېلىۋاتىدۇ، ئەنە يېقىنلىشىپ قالدى، مانا ئەمدى يامان بولدى! — دەپ، مىس باشنىڭ ئالدىغا دۈكۈرلىشىپ كەپتۇ. مىس باش ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، بۆرۈتىنى تولغاپ، چاپىنىنى كىيىپ يولغا چۈشۈپ مېڭىپتۇ.

— خالايىق، سىلەر نېرى تۇرۇڭلار، مەن ئۆزۈملا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارىمەن، — دەپ مىس باش دۈشمەننىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. كېلىۋاتقان دۈشمەن مىس باشنى كۆرۈپ: «مانا، پادىشاھنىڭ ئۆزى چىقىپتۇ» دەپ چىشلىرىنى بىلىشىپ، ئۆزەڭگىلىرىنى تېپىشىپ، ئوقيالىرىنى تەييارلەشىپ ئۇنىڭغا قاراپ ئات قويۇپتۇ. پادىشاھ مىس باش قولىغا مۆڭگۈزنى ئېلىپ، خاتىرجەملىك بىلەن: «ئەگگۈشتىرىم ئەگگۈشتەر بولسۇن، مۇشۇ لەشكەرلەر قانداق ھالدا كېلىۋاتقان بولسا شۇنداق ھالدا قېتىپ قالسۇن» دەپ مۆڭگۈزنى يەرگە تاشلاپتۇ. لەشكەرلەر كېلىۋاتقان ھالىتى بويىچە قېتىپ قاپتۇ. ئۇلار سۆزلىيەلەيدىكەن، لېكىن ھەرىكەت قىلالمايدىكەن. خەلقلەر بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، خۇشال-خۇراملىق بىلەن ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ. بىر نەچچە كۈن شۇنداق تۇرغاندىن كېيىن، قېتىپ قالغان لەشكەرلەرنىڭ يىغا - زار، نالە-پەريادى خەلقنىڭ قۇلاق-مېڭىسىنى يەپتۇ. بىر كۈنى شەھەر خەلقى مىس باش پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— پادىشاھئالەم، بۇلارنىڭ ئاھ-زارى قۇلاق-مېڭىمىزنى يەپ كەتتى، — دەپتۇ. مىس باش لەشكەرلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلاردىن قاتتىق ۋەدە ئېلىپ ۋە ئىككىنچى قايتىپ كەلمەسلىك شەرتى بىلەن: «ئەگگۈشتىرىم ئەگگۈشتەر بولسۇن، مۇشۇ كەلگەن لەشكەرلەر ئالدىغا ماڭماي كەينىچە مېڭىپ كەتسۇن» دەپ مۆڭگۈزنى يەرگە تاشلاپتۇ. شۇ زامان بارلىق لەشكەرلەر قارشىلىقسىز يۇرتىغا قايتىپ كېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ ئاتىسى بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى خاپا بوپتۇ، قىزىنى ياندۇرۇپ كېلىشكە كۆزى يەتمەپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ ئالدىغا بىر قېرى جادۇگەر موماي كىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ:

— نېمىگە كەلدىڭ؟ — دەپ سورىسا، موماي:

— سىزنىڭ قىزىڭىزنى مەن ئېلىپ كەلسەم نېمە بېرىسىز؟ — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ئاغزىڭ تولغۇچە ئېيتقىن، نېمە دېسەڭ شۇنى بېرىمەن! — دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جادۇگەر ئاق كۆڭلەك كىيىپ، ئاق ياغلىق تېڭىپ، قولىغا تەسۋى ئېلىپ بۇۋى سۈپىتىدە يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ مىس باشنىڭ شەھىرىگە يېقىنراق

www.uyghurkitap.com

كەلگەندە، ياخشى بىر جاينى تەييارلاپ، شۇ يەردە ناماز ئوقۇپ، تەسۋى تۇتۇپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. مىس باشنىڭ شەھىرىدىكى ئادەملەر مومايىنى كۆرۈپ:

— تەقسىر بۇۋىم، نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرىسىز؟ — دېسە، موماي:

— مەن تۇرغان شەھەرنىڭ پادىشاھى ناھايىتى زالىم ئىكەن، ماڭا تىنچقىنا ئىبادەت قىلىشقا ئىمكان بەرمىدى. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنى ناھايىتى ياخشى دەپ ئاڭلاپ، مۇشۇ يەرنى ئىبادەت قىلىشقا لايىق كۆرۈپ ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرىمەن، بالىلىرىم! — دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. خەلقنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، كۈندىلىك يەيدىغان تامىقىنى ئاپىرىپ بېرىپ دۇئاسىنى ئالىدىغان بوپتۇ. ئاندىن بۇ جادۇگەر ھەر كۈنى پادىشاھنىڭ ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈپ قويۇپ كېتىدىغان بوپتۇ. كىشىلەر مىس باشقا:

— ئوردىنىڭ ئالدىنى ئىنتايىن تەقۋادار بىر موماي سۈپۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر قىپتۇ. مىس باش مومايىنىڭ نېمە مەقسەتتە كېلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدىغا چاقىرتىپ:

— ھە، موما، نېمە ئۈچۈن بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ — دېگەندە، موماي يىغلاپ تۇرۇپ:

— مەن تۇرغان شەھەرنىڭ پادىشاھى ناھايىتى زالىم ئىكەن. سىلىنى ئادالەتلىك پادىشاھ دەپ ئاڭلاپ، بۇ يەردە تىنچقىنا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم. ئاز-تولا بولسىمۇ خىزمەتلىرىنى قىلىپ قوياي دەپ، ھەر كۈنى سەھەردە ئوردىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈپ قويۇپ كېتىمەن، — دەپتۇ.

مىس باش مومايىنىڭ ئېيتقان سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا ئوردا ھويلىسىنى سۈپۈرۈش خىزمىتىنى بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، جادۇگەر مومايىنىڭ قەدىمى مەلىكىنىڭ ياتىدىغان ھۇجرىسىغا قەدەر يېتىپتۇ، مەلىكىنىڭ ئىشىك ئالدىلىرىغا سۇ چېچىپ سۈپۈرۈپ قويىدىغان بوپتۇ، شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ مەلىكە بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى جادۇگەر موماي مەلىكىگە:

— بېرى كېلىڭە مەلىكە قىزىم، بېشىڭىزنى بېقىپ قوياي، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كۈندە مەلىكىنىڭ بېشىنى بېقىپ قويىدىغان بوپتۇ. مەلىكىنىڭ بېشىنى بېقىپ ئولتۇرۇپ: «بالام، سىز كىمنىڭ قىزى؟ ئىسمىڭىز كىم؟ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟» دېگەندەك سوئاللار بىلەن بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. بارا-بارا جادۇگەر موماي مەلىكىگە ياخشى كۆرۈنۈپ قاپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە مومايغا:

— مەن ئەسلىدە پادىشاھنىڭ قىزى ئىدىم. ئىچكىرىكى ئۆيدىن تاشقىرىقى ئۆيگە چىققىنىمنى بىلىمەن، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن، — دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. موماي:

— سىز ئېرىڭىزدىن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغىنىڭىزنى سورىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، سورىمىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەلىكە.

— ئۇنداق بولسا، سىلەرنىڭ ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىڭلار ياخشى ئەمەس ئوخشايدۇ. بۇنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش كېرەك. ئەر خەق دېگەن تولىمۇ ھىيلىگەر بولىدۇ. ئېرىڭىز سىزنى تۇيدۇرماي ئەكەلگەن يەردە يەنە باشقا ئاياللارنى ئەكىلەلمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ — دەپتۇ. مەلىكە:

— ئۇنداق بولسا ئاخشاملىقتا مەن سوراپ باقاي، — دەپتۇ.

— ماقۇل بالام، شۇنداق قىلىڭ، مېنى ئېيتتى دەپ يۈرمەڭ! — دەپ باش-كۆزلىرىنى سىلاپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. مىس باش پادىشاھ كېچىسى ئۆيگە كەلگەندە، مەلىكە چاندۇرماستىن گەپ سوراشقا باشلاپتۇ.

157

— سىز مېنى ئالغىنىڭىزغا بىر نەچچە يىل بولدى. مېنى قانداق ئېلىپ كەلگەنلىكىڭىز توغرىسىدا مۇشۇ كۈنگىچە سىرىڭىزنى ئېيتمىدىڭىز، ياكى ماڭا ئىشەنمەمسىز؟ — دەپ سوراپ يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ مەلىكە. مىس باش:

— ئۇنى سورىما، ساڭا ئېيتىشقا بولمايدۇ، بىر ئۆزۈم بىلىمەن، بىر خۇدا بىلىدۇ، — دەپ ئېيتقىلى ئۇنىماپتۇ. مىس باش ئوردىغا كەتكەندىن كېيىن، جادۇگەر موماي مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ بېشىنى باققان بولۇپ، كونا-يېڭى ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇپ، ئارىلىقتا:

— بالام، سىزنى قانداق ئېلىپ كەپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكە:

— ماڭا ئېيتمىدى، بىر ئۆزۈم بىلىمەن، بىر خۇدا بىلىدۇ، دېدى، — دەپتۇ. موماي:

— ئۇنداق بولسا، ئېرىڭىز سىزگە ئىشەنمەيدىكەن. ئەر-ئايال بولۇپ تۇرۇپ بىر-بىرىڭلارنىڭ سىرىنى بىلمىسەڭلار، قانداقمۇ بىر ئۆيدە تۇرمۇش كەچۈرىسىلەر؟ — دەپتۇ.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى مىس باش ئۆيگە كەلگەندە، مەلىكە يەنە سوراشقا باشلاپتۇ. مەلىكە تولىمۇ قىستاپ سوراپ كەتكەندىن كېيىن، مىس باش:

— خوتۇن، ئۇنداق بولسا بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتما! مەن سېنى يىلان پادىشاھىنىڭ مۆڭگۈزىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئېلىپ كەلگەندىم، — دەپ سىرنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئەتىسى جادۇگەر موماي مەلىكىدىن:

— بالام، سىزنى قانداق ئېلىپ كەلگەنىكەن؟ — دېگەندە، مەلىكە بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. جادۇگەر موماي:

— ھە، مانا ئەمدى ياخشى بوپتۇ. شۇ ئەڭگۈشتەر مۆڭگۈزنى سىزمۇ كۆرۈپ باقسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپتۇ. مەلىكە:

— مەن ئۇنى سورىمىدىم، — دەپتۇ. موماي:

— ئۇنداق بولسا سوراپ كۆرۈڭ، — دېگەندىن كېيىن، مەلىكە ئاخشىمى مىس باشنى قايىل قىلىپ، ئۇنىڭ قوينىغا سېلىپ ساقلاپ يۈرگەن يىلان پادىشاھىنىڭ مۆڭگۈزىنى ئېلىپ كۆرۈپ:

— مانا ئەمدى سىزگە ھەقىقىي ئىشەندىم. مەندىمۇ بىرەر كۈن تۇرسۇن، ئوبدانراق كۆرۈپ قېنىۋالاي، ئەتە كەچتە ئالارسىز، — دەپ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. ئەتىسى جادۇگەر موماي مەلىكىنىڭ ئالدىغا تەزىم قىلىشقا چىقىپتۇ، مەلىكىنىڭ قولىدىكى ئەڭگۈشتەر مۆڭگۈزنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ھىيلىگەرلىكلىرىنى ئىشلىتىپ:

— بالام، باش-كۆزىڭىز كىر بولۇپ قاپتۇ، بۈگۈن سىزنى يۇيۇپ قوياي، — دەپ مەلىكىنى يۇيۇشقا باشلاپتۇ. مەلىكىنى يۇيۇۋېتىپ:

— بالام، بۇ مۆڭگۈزنى يەرگە قويۇپ قويۇڭ. مۆڭگۈزنىڭ ئورنىغا سۇ تەگمىسە غۇسۇل ئادا بولمايدۇ، — دەپ مۆڭگۈزنى بىر يەرگە ئېلىپ قويۇپ، ئالدىدا ئىسسىق سۇنى قۇيۇپ، كەينىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇنى قۇيۇۋېتىپتۇ. مەلىكە ئەندىكىپ ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ قېلىپ، ئەڭگۈشتەر مۆڭگۈز ئېسىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. مەلىكە يۇيۇنۇپ-تارىنىپ ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەندە، جادۇگەر موماي قولىغا مۆڭگۈزنى ئېلىپ: «ئەڭگۈشتىرىم ئەڭگۈشتەر بولسۇن، مۇشۇ مەلىكە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى شەھىرىدە بولسۇن!» دەپتۇ-دە، ئەڭگۈشتەر مۆڭگۈزنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ. شۇ ئارىدا شەھەر غايىب بولۇپ، مىس باش بىر چۆلدە يالغۇز قاپتۇ. ئۇ قانداق قىلىشىنى بىلمەي تۇرغاندا، ئالدىغا ھېلىقى مۈشۈك بىلەن ئىت كېلىپ:

— سىز غەم قىلماڭ. بىز سىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭىزغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىمىز، — دەپ، مەلىكىنىڭ شەھىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئىت شەھەر ئىچىگە كىرىپ، پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. مۈشۈك قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ، ئوردىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئۆزى ئولتۇرغان



www.uyghurkitap.com

تەختىنىڭ ئالدىدىكى تۆۋرۈكنىڭ يېنىنى كولاپ، شۇنىڭ ئىچىگە جادۇگەر موماي ئەكېلىپ بەرگەن ئەگىگۇشتەر مۇڭگۈزنى قويۇپ، ئۈستىگە ياغاچ قاپقاق بېكىتىپ، ئۇنىڭغا قۇلۇپ سېلىپ ساقلايدىكەن. مۇشۈك ئوردىنىڭ ئاستىدا بىر قانچە چاشقاننىڭ بارلىقىنى، چاشقانلارنىڭ مۆڭگۈزنى ئاللىقاچان ئۆزلىرىنىڭ ئۇۋىسىغا ئەكىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپتۇ - دە، سوپى بولۇۋېلىپ: «توۋا قىلدىم، توۋا، چاشقانلارغا تەگمەيمەن، ھېچكىمگە زىيان سالمايمەن» دەپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ، كېچە-كۈندۈز زارلاپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن چاشقانلار ھەيران بولۇشۇپ، ئۆز پادىشاھىغا:

— بىر مۇشۈك بار ئىكەن، چاشقانلارغا تەگمەيمەن، ھېچكىمگە زىيان سالمايمەن دەپ يىغلاپ ئولتۇرىدۇ، — دەپتۇ.

چاشقانلار پادىشاھى سىناش ئۈچۈن بىر نەچچە چاشقاننى مۇشۈكنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپتۇ. بۇ چاشقانلار مۇشۈكنىڭ بويىنىغا، قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ ئويناپتۇ. مۇشۈك ئۇلارغا پەرۋامۇ قىلماي، ھېلىقى سۆزلەرنى تەكرارلاپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. شۇ ئارىدا چاشقان بالىلىرىنىڭ مۇڭگۈزنى سۆرەپ ئويناپ يۈرگىنى مۇشۈكنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قاپتۇ. مۇشۈك چاققانلىق بىلەن سەكرەپ بېرىپ ئۇنى تارتىۋېلىپ، ئاغزىغا سېلىپ ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئوردا ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئىت مۇشۈكنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ئالالىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئالالمىدىم، ئاداش، — دەپ مۇشۈك يولىغا راۋان بوپتۇ. بۇلار مېڭىپ-مېڭىپ بىر دەريانىڭ بويىغا كېلىپ قاپتۇ. مۇڭگۈزنىڭ غېمىدە يۈرگەن ئىت:

— ھەي مۇشۈك، راستىڭنى ئېيت، مۇڭگۈزنى ئالغان بولساڭ ماڭا بەرگىن. مەن سېنى دەريادىن ھاپاش قىلىپ ئۆتكۈزۈپ قويىمەن، — دېگەندە، مۇشۈك مۇڭگۈزنى ئىتقا بېرىپتۇ. ئىت ئۇنى ئاغزىغا سېلىۋاپتۇ. مۇشۈكنى ھاپاش قىلىپ دەريادىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغاندا، ئىتنىڭ كۆزىگە بېلىق كۆرۈنۈپ قېلىپ، ئاغزىدا مۇڭگۈز بارلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ بېلىقنى يېمەكچى بولغاندا، مۇڭگۈز دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ - دە، ئۇنى بېلىق يۇتۇۋاپتۇ. بۇ بېلىق دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىدە بىر بېلىقچىنىڭ تورىغا چۈشۈپ قاپتۇ. بېلىقچىلار بېلىقلارنىڭ ئىچ-قارنىنى ئېلىپ تاشلاپ، بېلىقلارنى ئېلىپ كېتىپتۇ. بۇ يەرگە ئىت بىلەن مۇشۈك مۇڭگۈزنى ئىزدەپ كېلىپ قاپتۇ. ئىككىسى بېلىقلارنىڭ ئىچ-قارنىنى يەپ ئولتۇرۇپ مۇڭگۈزنى مۇشۈك تېپىۋاپتۇ - دە، ئېلىپ قېچىپتۇ. «مۇڭگۈزنى مەن ئاپىرىپ بېرەي» دەپ ئىت مۇشۈكنى قوغلاپتۇ، قوغلاپ يېقىن كەلگەندە مۇشۈك دەرەخكە چىقىۋاپتۇ. ئىت چىقالماي، «ھامانەم يەرگە چۈشىدىغۇ» دەپ، كەتمەي ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. مۇشۈك بولسا «ئىت ھامانەم كېتىدۇغۇ» دەپ يەرگە چۈشمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، مۇشۈك دەرەختە، ئىت يەردە، مىس باش چۆلدە قاپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئىت مۇشۈككە ئۆچ بولۇپ قالغانىكەن.

(«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»دىن ئېلىندى)

مۇھەررىر **مۇختار تۇردى**

# ئاپتورلىرىمىز سەمىگە:

ئۆزىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى بىلەن بىزنى قوللاپ كېلىۋاتقان كەڭ ئاپتورلارغا سەمىمىي سالام يوللايمىز ھەم ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى تەلەپلەرگە ئەمەل قىلىشىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەيمىز:

1. ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم - فامىلىسى ۋە ئادرېسىنى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئۆلچەملىك يېزىشى؛ تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ قويۇشى لازىم.

2. ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ئىش قەغىزىگە قۇر تاشلاپ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن يېزىلغان بولۇشى كېرەك. قەغەزنىڭ ئىككى يۈزىگە يېزىلغان، قۇر ئارىلىقى زىچ بولغان ئەسەرلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ.

3. كومپيۇتېردا ئۇرۇلغان ئەسەرلەر بىردەك A4 ئۆلچەملىك قەغەزنىڭ بىر يۈزىگە بېسىلىشى، قۇر ئارىلىقى كەڭرى بولۇشى، بەت چۆرىسىدىن مۇۋاپىق ئورۇن قالدۇرۇلۇشى، خەت نۇسخىسى تۈز باسما نۇسخىدا بولۇشى كېرەك.

4. تەرجىمە ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە ئەسلىي ئەسەر ۋە نەشر بېتىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان تەرجىمە ئەسەرلەر ئىشلىتىلمەيدۇ.

5. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغا تەۋە. بىزنىڭ رۇخسىتىمىزسىز تورغا چىقىرىشقا؛ باشقا مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا ئېلان قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رادىئو ئىستانسىلىرى ۋە رادىئو ئۈزېللىرى ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى ئاڭلاتقاندا ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغانلىقىنى ئەسكەرتىشى كېرەك.

6. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەرنى بىر تەرەپ قىلىش مۇددىتى ئالتە ئاي بولۇپ، ئەسەر ئالتە ئايغىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنمىسا ئاندىن باشقا تەھرىراتلارغا ئەۋەتسە بولىدۇ. ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى لازىم.

7. ئوخشاش بىر ئەسەرنى قايتا - قايتا ئەۋەتىش ئەخلاقسىزلىق. ئەسەرنى ئىشلىتىش - ئىشلەتمەسلىك توغرىسىدا تېلېفون قىلىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەتسىز. شۇنىڭغا ئىشىنىشىڭىز كېرەككى، نادىر ئەسەرلىرىڭىز «تارىم»دا جۇلالايدۇ.

8. ئەسەر توغرۇلۇق پىكىر ئېلىش، مەسلىھەت سوراش ۋە ژۇرنال توغرىسىدا تەكلىپ بېرىش توغرا كەلسە خەت ئەۋەتسىڭىز ياكى تېلېفون قىلسىڭىز بولىدۇ. تېلېفون نومۇرىمىز:

مەسئۇل مۇھەررىر ئىشخانىسى: 4516214 ــ 0991؛ نەسرىي ئەسەرلەر گۇرۇپپىسى: 4597603 ــ 0991؛ شېئىرىيەت گۇرۇپپىسى: 4597601 ــ 0991

ھۆرمەت بىلەن: **«تارىم» ژۇرنىلى نەشرىياتى**



كۈز

ھەمدۇللا ئابلىز سىزغان



كونا تۈگمەن

ھەمدۇللا ئابلىز سىزغان



قار

ئالىمجان قادىر سىزغان



ئۆركەش جابىار فوتوسى

چېچەك پەسلى


تارىم

《塔里木》文学月刊(维吾尔文)　TARIM A MONTHLY OF UYGHUR LITERATURE

2010 - يىل 3 - سان (ئومۇمىي 589 - سان). 60 - يىل نەشرى.
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى باشقۇرىدۇ.
شىنجاڭ تارىم ژۇرنىلى نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى. ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 716 - قورۇ.
شىنجاڭ گېزىتى باسما مەركىزىدە بېسىلدى.
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
تېلېفون: 4597603، 4597601، 4516214 ـ 0991

主　　管：新疆维吾尔自治区文联
编辑出版：新疆塔里木杂志社
印　　刷：新疆日报社印务中心
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅，零售：各地邮局所
地　　址：乌鲁木齐市友好南路716号
电　　话：0991－4516214，4597601，4597603

国际标准刊号：ISSN1002－9044
国内统一刊号：CN65－1010/I
国外代号：M4461　邮政编码 830000
邮发代号：58－66　定价：7.00元
广告许可证号：6500006000046

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: M4461　پوچتا نومۇرى:
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 66 ـ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 7.00 يۈەن
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000046
بېسىش، تۈپلەشتە مەسىلە كۆرۈلسە زاۋۇت ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ. تېلېفون: 5593475 ـ 0991